
# قەشقەر شەھىرى
# تارىخ ماتېرىياللىرى

ئىككىنچى توپلام



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قەشقەر
شەھەرلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى تەتقىق
قىلىش ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

# تەرجىمىنىڭ ئاخىرقى سۆزى

«قەشقەر شەھىرى تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ ئىككىنچى قىسمىنى نەشىر دىن چىقىرىشتا نۇرغۇن ئورۇنلاردىكى پېشقەدەملەرنىڭ قوللىشىغا ئېگە بولدۇق. تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن ۋاڭ يى لىڭ، ئابدۇقادىر ھېيت، مۇھەممەت ئىمىن قۇربان، قۇربان ئىمىن، مەھەممەت ئوسمان ھاجىم قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلار نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى.

تەرجىمە جەريانىدا بىز ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا، ۋىلايەتلىك پوچتىخانا، قەشقەر كېزىتخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى رەھبەرلەر ۋە يولداشلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتۇق، بولۇپمۇ قەشقەر كېزىتخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرى يولداش دەيفېي ناھايىتى چوڭ ياردەم بەردى. بىز بۇ ئورۇنلار ۋە شەخسلەرگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمىز.

بۇ توپلامغا 12 پارچە ماقالە بېسىلدى. بۇنىڭدىن تەرجىمە قىلىنغان ماقالە توققۇز پارچە، كۆپ قىسمىنى يازغۇچىلار ئىسپات ۋە ماتېرىيال ئېغىزچە بايان قىلىشقا ئاساسەن رەتلەپ يېزىپ چىققان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تارىخنى نەقلەشتۈرۈشتە بەزى تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان ۋە ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كەتكەن بولۇشى

مۇمكىن. بۇنىڭدىن ساقلىنىش قىيىن بولدى. بىر ئادەم-نىڭ تارىخىي ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈشى ۋاقىت ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يەنى تارىخىي ۋە-قەلىكتىكى كىشىلەرنىڭ بەزى چاغلاردا ھەممە يەرگە تەك بېرىشىمۇ قىيىن. كۆپ تەرەپلەردىكى ماتېرىياللار بىلەن تولۇقلاپ ئاندىن تارىخنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈ-رۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بىز كەڭ كىتابخانلاردىن تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىشنى، قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىنى سەمىمىي تەلەپ قىلىمىز.

## تەھرىرلەر

مەسئۇل تەھرىر: ۋاڭ شىياڭ

تەھرىر: شياۋ دىرۇڭ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ۋاڭ شىلەن

# مۇندەرىجە

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەز-
گىلىدە قەشقەردە خىزمەت قىلغان كومپارتىيە ئەـ
زالىرى .......................... جاڭ يۈەنشىڭ 1
يولداش شۇ لياڭ توغرىسىدا ئەسلىمە
...................................ئابدۇقادىر ھېيىت 67
مىللىي يۇقىرى قاتلام ئىنقىلابىي دېموكرات
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم توغرىسىدا ..........قەمەرجان 83
ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى
........................................... شاۋدىرۇك 115
ئازادلىقتىن بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى ................ شاۋدىرۇك 134
شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋە-
تەننى قۇتقۇزۇش ئارقا سەپ ياردەم بېرىش ئۇيۇش-
مىسى قەشقەر شۆبىسىنىڭ پائالىيەتلىرى ... شۇيخۇڭ 142
قەشقەر پوچتا - تېلېگراف تارىخى ...جاڭ يۈزى 168

«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»-
نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى .............. 180
مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردە ........... ماشوكاڭ 196
بەنچاۋ ۋە سۈلىي دۆلىتى ...........ۋاڭ شىشياڭ 209
مورا بۇددا مۇنارىسى ....................لى كەي 237
«يىپەك يولى» دىكى سەيلىگاھ — بۇلاق
بېشى ........................... قەمەرجان 242

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە قەشقەردە خىزمەت قىلغان كومپارتىيە ئەزالىرى

جاڭ يۋەنشىڭ

ئەينى ۋاقىتتىكى ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئوت ئۇچقۇنى ۋەتىنىنىڭ كەڭ جايلىرىدا يالقۇنلىغان بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى جىددىي خەتەرلىك ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقاندا، بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ياپونغا قارشى ئارقا سەپنى مۇستەھكەملەپ، خەلقئارا قاتناش لىنىيىسىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان. ئۇلار پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ساپ قەلبىگە پۈكۈپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، كوممۇنىستىك قەتئىي ئىشەنچە بىلەن قەشقەردەك ۋەتىنىنىڭ چەت قۇرۇقلۇقىدا ئۆزلىرىنىڭ ئالتۇندەك ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ، ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى بىلەن جايلاردىكى ئىنقىلاب ۋەقەلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىدىگە مەدەت بەرگەن. ئۇلار قەشقەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسلىرىنى

تەشۋىق قىلغان، ماركسىزم - لېنىنىزمنى تارقاتقان، پار-
تىيىمىزنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ،
ھەر مىللەت ياشلىرى ۋە كەڭ ئاممىنى ياپونغا قارشى تۇ-
رۇش كۈرىشىگە ياردەم بېرىشكە پائال قاتنىشىش ھەققىدە
تەشۋىق قىلىش، ئىئانە توپلاش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە
ئۇيۇشتۇرغان ۋە يېتەكلىگەن؛ ئۇلار زور كۈچ بىلەن چىرىك
سىياسەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، قەشقەرنىڭ ئىقتىسادىنى
گۈللەندۈرگەن، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى جازالاپ، مالى-
يىنى تەرتىپكە سېلىپ، پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلغان، باج
مەنبەئىنى ئاچقان، سۇ ئامبىرى ۋە تاشيول ياساتقان،
قەرز پۇل تارقىتىپ، زايوم ساتقان، ئىشلەپچىقىرىشنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىغان. ئۇلار
ئىلغار ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت-مائارىپ ۋە ئاخباراتچى-
لىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قىشلاق مەكتەپ ئې-
چىش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، تىياتىر قويۇپ، ناخشا
ئېيتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئام-
مىنى مەرىپەتپەرۋەرلىك تەربىيىسىگە ئىگە قىلىپ، ئاممى-
نى ئويغىتىشقا باشلىغان؛ ئۇلار چېگرا مۇداپىئەسىنى
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن چېگرا رايون خەلقىگە رەھبەر-
لىك قىلىپ گېرمان فاشىزمىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق يولىدى-
كى ئۇرۇشقا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، قەشقەر
خەلقىنىڭ جاھانگىر، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش قىلىش
تارىخىدا يېڭى سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ھازىر 40
نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خىزمەت
ئىشلەش جەريانىدىكى قىلغان كەپلىرى، كۈلكە، تەبەس-

سۈملىرى بۈگۈنگىچە قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە يەنىلا ساقلانماقتا.

ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇش بىزنىڭ نۆۋەتتە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈشتە قىزغىن بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەدىرلەپ، پۈتۈن نىيەت - پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش خىسلىتىنى جارى قىلىپ، ئىگىلمەي - سۇنماي جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيدىغان غەيرەت - شىجائىتىنى ۋە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلىمەسلىك خىسلىتى، ئەۋلادلارنى ئويغىتىپ تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ ھەمدە ئەۋلادلارنى قەشقەرنى گۈللەندۈرۈشكە دەۋەت قىلىپ، ئوخشىمىغان خىزمەت ئورۇنلىرىدا جاسارەت بىلەن ئىشلەپ ئالغا بېسىش يولىنى ئېچىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.

## گاۋدېڭباڭ قەشقەردە

گاۋدېڭباڭنىڭ شىنجاڭدا ئىشلىگەن ئىسمى گاۋ يۈچېڭ، ئۇ شەنشى ئۆلكىسىنىڭ يەنچۈن ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1914 - يىلى تۇغۇلغان. ئۆسمۈر ۋاقتىدا يەنئەندىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە، شەنئەن دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغان، 1932 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان. 1938 - يىلى ئۆكتەبىردە پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان. 1939 - يىلى يانۋاردىن 1942 - يىلى فېۋرال-

غىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقلىقى، مالىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى
ئۈستىگە ئالغان. 1942 - يىلى نويابىردا شىڭشىسەي تەرىپى-
دىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان. 1946 - يىلى ئى-
يۇندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن
قويۇپ بېرىلىپ، يەنئەنگە قايتقان. ئازادلىقتىن كېيىن
غەربىي شىمال ئارمىيە - ھۆكۈمەت بىرلەشمە كومىتېتى
قاتناش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تۆمۈر يول بۆلۈمىنىڭ ئىش-
خانا مۇدىرلىقى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقى
قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1977 - يىلدىن كېيىن
جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىقى،
پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، خەلق سارىيىنى
باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پارتكومىنىڭ سېك-
رېتارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1979 - يىلى
11 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
مۇئاۋىن باش كاتىپى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېت ئىش-
خانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۆتىگەن. 1982 - يىلى
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە-
كىلى بولۇپ سايلانغان. 1984 - يىلى سۇڭ چىڭلىڭ فوندى
جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو
ئۆسمۈرلەر فوندى جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى
قوشۇمچە ئۆتىگەن. 1986 - يىلى 4 - ئايدا مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى 4 - نۆۋەتلىك 2 - سانلىق يىغ-
ىنىدا، جۇڭگو مۇھاجىرلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇ-
دىرى بولۇپ سايلانغان.

1935 - يىلى قىزىل ئارمىيە يەنئەنگە يېتىپ كەل-
گەندىن كېيىن، گاۋدىڭباڭ مەركىزىي كومىتېت خەلق ئى-
گىلىكى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش ماۋزېمىننىڭ
تاپشۇرۇقى بويىچە يەنئەن رايونلۇق يەنچاڭ كۆمۈر كې-
نىنىڭ باشلىقى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارلىقىنى
ئۈستىگە ئالغان. كۆمۈر كېنىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى سوۋېت
مەركىزىي ئورگانلىرىنى كېرەكلىك يورۇقلۇق ۋەماي بىلەن
تەمىنلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئالدىن-
قى سەپكە ياردەم بەرگەن. 1938 - يىلى 10 - ئايدا
گاۋدىڭباڭنى مەركەز شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەن.
ئۇ، شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ
تۇرغان. يولداش ماۋزېمىننىڭ كۆرسىتىشىگە ئا-
ساسەن كەلگەن. 1938 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يول-
داش ماۋزېمىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا شىنجاڭ-
نىڭ خىزمەتلىرىنى دوكلات قىلغانىدا: «ئامال بار ماگا
پارتىيىلىك كادىرلاردىن ئوننى بەرسەڭلار (دىيەنزولى،
گاۋدىڭباڭ، دىڭ يىشىڭ قاتارلىق ئۈچ ئادەمنىڭ بېرىشى
زۆرۈر)» دەپ كۆرسەتكەن. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تەستى-
قى بىلەن مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چېن-
يۈن زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئە-
ۋەتكەن. گاۋدىڭباڭ قاتارلىق يولداشلار ئىككىنچى تۈركۈمدە
شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان. ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەشقەرگە
تەقسىم قىلىنىپ مالىيە خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان كا-
دىرلاردىن يەنە دىڭ يىشىڭ، ئىلگىرى مالىيە نازارى-
تىنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇپەتتىشلىكىنى ئۈستىگە ئالغان،

كېيىن يەنە قاغىلىق ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ باش-
لىقى بولغان. چەنفىك، چىڭ جوخىلار ئىلگىرى-كېيىن بو-
لۇپ يەكەن، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت ناھىيىلىك باج
ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. لۇجىنتاڭ ما-
رالبېشى ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
بولغان.

گاۋدىڭباڭ 1939 - يىلى باھار بايرىمىنى ئۆتكۈ-
زۈپ قەشقەرگە كەلگەن. كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، پەيزا-
ۋات، يېڭىسار، مارالبېشى، فولى (ھازىرقى تاشقورغان)،
ئوپال قاتارلىق جايلاردا باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى بولغان. 1941 - يىلى 10 - ئايدا يەرلىك باج
ئىدارىلىرىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مالىيە ئىدارىسىغا ئۆز-
گەرتىپ، قەشقەر ۋە يەكەن قاتارلىق ئىككى ئورۇندىكى
باج ئىدارىسى ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى تارماق
ئىدارىلارنى بىۋاستە باشقۇرغان. ئۇنى قەشقەر مالىيە ئى-
دارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆزگەرتىپ تەيىنلىگەن.

گاۋدىڭباڭ ۋەزىپە ئۆتىگەندە، قەشقەرنىڭ ئىقتىسا-
دىي قالاق، مالىيىدىكى پۇل قالايمىقان، خەلق تۇرمۇشى-
نىڭ ناچارلىقىنى بىلگەن، گاۋدىڭباڭ يولداش ماۋزېمىن
تۈزگەن مالىيە خىزمىتىنىڭ بىر قاتار فاڭجېن-سىياسەت-
لىرىنى سادىقلىق بىلەن ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مالىيە-
دىكى پۇل، باج تۈزۈمىنى پائال تۈردە تەرتىپكە سېلىپ،
خىيانەتچى، پارىخورلارنى جازالاپ، باج ئوغرىلىغان،
باج تاپشۇرمىغانلارنى تەكشۈرگەن ھەمدە يەر تەكشۈرۈش،
پۇل تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە زايوم سېتىش خىزمەتلىرىگە

قاتنىشىپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ماليە كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن خەلق تۇرمۇشىدا ياخشىلىنىش بولغان.

قەشقەر چەت جاي بولۇپ، يەرلىرى مۇنبەت، ئەينى چاغدا ئاساسلىق ئالىدىغان باجلار: باشقۇرۇش بېجى، دېھقانچىلىق بېجى ۋە چارۋا بېجى ئىدى. قەشقەر باج ئىشلىرى باش ئىدارىسىدا 100 دىن كۆپرەك ئادەم بولۇپ، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، پەيزاۋات، يېڭىسار، مارالبېشى، تاشقورغان، ئۇلۇغچات قاتارلىق يەتتە تارماق ئىدارىنى باشقۇراتتى، ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر ئىدى.

30 ـ يىللار جەنۇبىي شىنجاڭدا «ھۆددىگەرلىك بېجى» قالدۇرۇش تۈزۈمى بولۇپ، بەزى تۆرىلەر (ئەمەلدارلار) باج تاپشۇرۇشنى ھۆددىگە ئېلىپ، كۆپ ئالغىنىنىڭ ھەممىسىنى «باج ئەمەلدارلىرى» ئۆزىنىڭ قىلاتتى. ماليە، باج تارماقلىرىدا ئىشلەۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى يولداش ماۋزېمىن تۈزگەن باج قائىدە ـ تۈزۈملىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، مۇۋاپىق بولمىغان باج ئېلىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، بارلىق ئالغان باجنى باج تارماقلىرىغا تاپشۇراتتى؛ باج خادىملىرىنى قائىدە ـ تۈزۈم بويىچە ئىشلەپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا بۆلۈپ بەرمەسلىك، ئىش بېجىرىشتە ئادىل ـ مۇۋاپىق بولۇش، باج تاپشۇرغان دېھقان، چارۋىچىلارنى ئۇرۇش ـ تىللاشقا يول قويماسلىقـ

نى تەلەپ قىلاتتى. ئەينى چاغلاردا قەشقەردە يېرى يوق،
يېرى ئاز دېھقانلار پومېششىكنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئې-
لىپ تېرىيتتى. يەرنى ئىجارىگە بېرىشتە ھەمىشە يەرنى
ئىجارىگە ئالغانلار باج تاپشۇرىدۇ ۋە يەرنىڭ مو سانى
بويىچە ئالۋاڭ - ياساقنى ئۈستىگە ئالىدۇ دەپ يازاتتى.
شۇنداق قىلىپ يەر بېجىنى دېھقانلارنىڭ زىممىسىگە
يۈكلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئاز بولمىغان پو-
مېششىكلار يەنە «مىراپ» بولۇپ، سۇ مەنبەئىنى ئىگىلى-
ۋالاتتى. بۇنداق چوڭ پومېششىكلار زور مىقداردىكى يەر-
نى ئىگىلىۋېلىپ ۋە ئىجارە ئېلىپ تېرىيتتى، سۇنى بولسا
ساتاتتى. ئىجارە ۋە تاپشۇرمىسا يولسىزلىق قىلىپ زۇلۇم
سالاتتى. گاۋدىڭباڭ خەلق ئاممىسىنى دەرت - ئەلەمدىن
قۇتقۇزۇشقا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، بۇنداق ئەھۋال كۆ-
رۈلسە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قو-
لاي تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، پومېششىكلارنىڭ يەر بې-
جىنى دېھقانلارغا سېلىق قىلىپ سېلىشىغا يول قويمايتتى.
گاۋدىڭباڭ ناھىيىلەرگە باج ئېلىشنى تەكشۈرگىلى بار-
غاندا، باج خادىملىرىنىڭ دېھقانلارنى شىلىۋېلىشىنى قات-
تىق چەكلەيتتى. ئۇ چاغدا يەر بېجى ئېلىشتا نۇقسانلار
ناھايىتى كۆپ بولۇپ، پۇقرالار ھارۋىدا، ئېشەكتە ئە-
كەلگەن ئاشلىق ئەسلىدە كۆرەڭگە توشسىمۇ ئەمما بەزى
باج خادىملىرى كۆرەلىگەندە، لىق تولسىمۇ تولدۇرمايتتى،
پۇقرالار ئامال قىلالماي يىغلاپ - قاخشايتتى. گاۋدىڭ-
باڭ قايسى ناھىيىگە بارسا، ھەر كۈنى باج ئالىدى-
غان جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ كۆرەتتى. بارلىق باج

خادىملىرىنى ئاشلىقنى كۆرەلىگەندە قاچىلانغان ئاشلىقنىڭ يېرىمىنى شال بىلەن تولدۇرۇلغانلىقىنى. پوقرالار بۇنى كۆرۈپ ئارقا - ئارقىدىن «ئەي خۇدا، ئۆزەڭ ئاسان قىلغايسەن!» دەپ ۋارقىرىشىپ، تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايتتى. پەيزاۋات ناھىيە بازىرىدىن بىر دىنىي زات ئاشلىق بېجىنى كېچىكىپ تاپشۇرغاچقا، باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۇ كىشىنىڭ كېيىمىنى سالدۇرۇپ باغلاپ بازارنى ئايلاندۇرغان. يەنە بىر قېتىم پەيزاۋات ناھىيىسىدە كۆرەلەپ ئاشلىق ئالىدىغان خادىم ئاش تاپشۇرغان بىر يۇرتداشنى ئىككىنى تەپكەن. ئۇ يۇرتداش قايتقاندىن كېيىن بىلىكى يېرىلىداپ كەتكەن. گاۋدىڭ باڭ تەكشۈرگەندىن كېيىن بۇ ئىككى ئىشنى قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە باشلىقىغا دوكلات قىلىپ، پەيزاۋات ناھىيىلىك باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ناھىيىلەردىكى ئاشلىقنى كۆرەلەپ ئالىدىغان خادىملار ناھايىتى چۆچىگەن. ئۇلار ۋىلايەتلىك باج ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ تەكشۈرۈپ كېلىشىدىن قورقۇپ، پوقرالارنى بوزەك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

قەشقەر باج ئىشلار ئىدارىسىدىكى لىيۇ فامىلىلىك بوغالتىر ئىدارە باشلىقى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، شەخسىي مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن ساختىپەزلىك قىلغان. ناھىيىلەردىكى باج خادىملىرى ھېساب ئۆتكۈزگەندە ئۇ ھۆججەت يېزىپ بەرمىگەن. ئىدارىدىكى كىشىلەر ئىدارە باشلىقىدىن تەپ تارتىپ

گەپ قىلالمىغان. 1940 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ۋالىباۋچى
«ئالاقىچى پارتىيە ئەزاسى» باشچىلىقىدىكى جەنۇبىي شىن-
جاڭنى تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەرگە كېلىپ ئىدارىدىكى-
لەرنى ئىزدەپ خىيانەت ئىشلىرىنى ئىگىلىمەكچى بو-
لىدۇ. گاۋدىڭبىڭ بۇ بوغالتىرنىڭ ئىشىنى تەكشۈرۈش ئۆ-
مىكىدىكىلەرگە دەيدۇ. ئەينى چاغدا باي بايغا بېقىپ
پۇرسەت بولسىلا بىر كۆزىنى يۇمۇپ، بىر كۆزىنى ئېچىش-
نىڭ خاھىشى ئېغىر ئىدى. ئەمما گاۋدىڭبىڭ قانۇنغا خىلاپ
ئىنتىزامنى بۇزغان قىلمىشلارغا قارشى كۈرەش قىلىشقا
جۈرئەت قىلاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ بوغالتىر قاماققا
ئېلىندى. ئىدارە باشلىقىمۇ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلى-
نىپ يۆتكىلىپ كەتتى.

ئىلگىرى قەشقەر باج ئىدارىسىنىڭ تەكشۈرگۈچى خا-
دىملىرى باج ئوغرىلىغان، باج تاپشۇرمىغانلارغا خالى-
غانچە جەرىمانە سومىسىنى بەلگىلەپ، ئارىدىن پارا ئا-
لاتتى. گاۋدىڭبىڭ جەرىمانە ئېلىشنى ئىدارە باشلىقى،
ئىدارە مۇئاۋىن باشلىقى تەكشۈرۈپ بېكىتىش لازىم. تەك-
شۈرگۈچى خادىملارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا ھوقۇقى يوق
دەپ بەلگىلىدى. مۇشۇنداق قىلىپ بەزى تەكشۈرگۈچى خا-
دىملارنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ پارا ئېلىش يوچۇقى
ئېتىلدى. گاۋدىڭبىڭ يەنە تەكشۈرۈش خادىملىرىنى ئۆزى
يېتەكلەپ، قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى بەزى چوڭ سودا دۇ-
كانلىرىغا بېرىپ تەكشۈردى. باج ئوغرىلاش، باج تاپ-
شۇرمىغان ئەھۋال سېزىلسە، نازارەت قىلىپ مالنى سا-
تاتتى، سودا بېجىنىڭ مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقى-

نى تەكشۈردى. نەتىجىدە، قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى بە-
زى چوڭ سودىگەرلەردە باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرماس-
لىقتەك مەسىلىلەرنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىققان.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر
چاغدا، ئۇلاردىن باجنى تولۇقلاش ۋە جەرىمانە تاپشۇرۇش-
قا بۇيرىدى. ئايرىم ساندىكى ئەھۋالى ئېغىر، پوزىتسى-
يەسى قەبىھ بولغانلارنى ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپ قىلى-
شىغا يوللاپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، باج ئېلىشنى باشقۇ-
رۇش زور دەرىجىدە كۈچەيتىلىپ، باج ئوغرىلاش، باج تاپ-
شۇرماسلىق ۋە خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش قاتارلىق قا-
نۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر ئۈنۈملۈك ھالدا چەكلىنىپ،
پۈتۈن باج خادىملىرى تەربىيىگە ئىگە قىلىندى.

قەشقەردە يەر بېجى ئېلىشتا تارىختىن بېرى كونا
تۈزۈم بويىچە ئالغان. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ئائىلىلەر-
نىڭ نوپۇسى ۋە يەر تەرەققىياتىدا ئۆزگىرىش بولۇپ،
خەلقنىڭ باج تاپشۇرۇش سېلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولغان.
خەلقنىڭ يەر بېجىنى مۇۋاپىق تاپشۇرۇشى ئۈچۈن، يول-
داش ماۋزېمىن پۈتۈن شىنجاڭدا يەر تەكشۈرۈش خىز-
مىتىگە رەھبەرلىك قىلىپ، قايتا تەكشۈرۈپ دېھقانلار-
نىڭ يېرىنى نەقلەشتۈرۈپ، يېڭى گۇۋاھنامە تارقىتىپ
بەرگەن ھەمدە يەرنى ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ، دەرىجە
بويىچە يەر بېجىنى ئالغان. 1940 - يىلى 7 - ئايدىكى
شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ يەر بېجىنى تو-
لۇقلاش نىزامنامىسىغا ئاساسەن، قەشقەر رايونىدا تەك-
شۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇر-

غان. گاۋدىڭبالاڭ ھەيئەتلەرنىڭ بىرى بولغان. تەكشۈرۈش خىزمىتىدە تەجرىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پۇتۇن رايوننىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان. 1941-يىلى 8- ئايدا گاۋدىڭبالاڭ شۇ چاغدىكى باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى ۋەنساڭ بىلەن پەيزاۋات ناھىيىسىگە بېرىپ، كەنت باشلىقلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. تەكشۈرۈشتە يەر تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تىزىملاش، يەر گۇۋاھنامىسى، باج ئېلىش تالونىنى ئاساس قىلىشتەك ئېغىشقا سەل قارىغان تەرەپلەرگە قارىتا، تۈرلۈك ھەل قىلىش ئۇسۇل - چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقىغا تەكلىپ بەرگەن. بۇ تەكلىپ ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى تېز بولغان. تەكشۈرۈش خىزمىتى ئارقىلىق ئىگىلىگەن يەر كۆپىيىپلا قالماي، باج تاپشۇرغۇچىلارمۇ رازى بولغان، باج سوممىسى ئاشقان، كەمبەغەل چاپاكەش دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئازىيىپ، ھۆكۈمەتنىڭ يەر بېجى كۆپەيگەن.

گاۋدىڭبالاڭ قەشقەرگە كېلىپ خىزمەت قىلغاندا، يولداش ماۋزېمىن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە پۇل ئىسلاھاتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىل ئىدى. شىڭ شىسەي 1933 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن ئۇرۇش ھەرىكىتىنى كۆپەيتىپ، سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىم بولمىغان. ئارمىيە - ھۆكۈمەت چىقىمى كۆپىيىپ، مالىيە كىرىمگە بويلاشمىغان. قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، شىڭ شىسەي ۋاقىتىنچە قەغەز پۇل تارقاتقان، ھەتتا سامان

قەغەزدە پۇل كۆپ ياساپ تارقاتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتتىن پۇل كىرگۈزۈپ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەت- كەن. ئۆلكە پۇلى، قەشقەر پۇلى، ياغ پۇل، يامبۇ، كۈمۈشۋە رۇبلى (سوۋېت پۇلى)، رۇپىيىگە ئوخشاش چەت ئەل پۇللىرى ئورتاق ئېقىپ كىرىپ، ئۆز ئارا توقۇنۇشۇپ، پۇل پاخال- لاشقان، مال باھاسى كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەپ، خەلق دەرد- ئەلەم ئىچىدە قالغان. يولداش ماۋزېمىن مالىيىنى تەر- تىپكە سېلىپ پۇل ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، خە- زىنىدىكى پۇلنى ئاساسىي پۇل قىلىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بو- يىچە بىر تۇتاش يېڭى پۇل تارقىتىپ، سەرنى يۈەنگە ئۆز- گەرتتى، ئىككى مىڭ سەر كونا پۇلنى بىر يۈەن يېڭى پۇل- غا نىسبەتلەشتۈرۈپ ئالماشتۇردى، 1600 سەر قەشقەر پۇ- لىنى بىر يۈەن يېڭى پۇلغا تېگىشىپ بەردى. ئالماشتۇ- رۇش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەت- لىك قىلىش ئۈچۈن مەمۇرىي مەھكىمە، سودا بانكىسى، باج ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ياردەملەشتى. گاۋدىڭبالىك باج ئىدارىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، كونا پۇلنى كۆيدۈرۈش- كە نازارەتچىلىك قىلىشقا قاتناشتى. ھەر مىللەت خەلقى كونا پۇلنىڭ قالايمىقانچىلىق جاپاسىنى تويغىچە تارت- قان بولۇپ، ھەممە ئادەملەر توپ - توپى بىلەن باغلان- غان كونا پۇللارنى ئالماشتۇرۇش ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ يېڭى پۇلغا ئالماشتۇردى. ئالماشتۇرۇش ئورۇنلىرى كونا پۇللارنى كونىشەھەر ناھىيىسى (ھازىرقى قەش- قەر شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ئېقىن) گە ئاپىرىپ ئامما ئالدىدا كۆيدۈرۈۋەتتى. تا بۈگۈنگىچە ئارخىپ تارماق-

لىرىدا گاۋدىڭباڭ قاتارلىق سەككىز ئورۇننىڭ ۋەكىلى-
ئىمزا قويغان بىر نۇسخا ئىسپات تېخى ساقلانماقتا. 1940-
يىلى 1-ئاينىڭ 6-كۈنى بىر قېتىمدىلا ئۆلكە كونا پۇلى-
دىن 40 مىڭ سەر كۆيدۈرۈلدى. 1940-يىلىنىڭ ئاخى-
رىغىچە قەشقەر خەلقىگە تارقىتىلغان ئۆلكە پۇلى، قەشقەر
پۇللىرى پاك-پاكىز ئالماشتۇرۇلۇپ بولۇپ، كونا پۇلنى
يېڭى پۇلغا ئالماشتۇرۇش خىزمىتى قەشقەردە غەلىبىلىك
ئورۇنلاندى. يولداش گاۋدىڭباڭ ئەينى چاغدىكى ئەھۋال-
نى ئەسلەپ: «يولداش ماۋزېدۇن تۈزگەن پىلاننىڭ بىر-
بىرلەپ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنى كۆردۈم ھەمدە ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ چىن قەلبىدىن ھىمايە قىلغانلىقى ۋە ئىشەنگەنلىكى-
نى، چەكسىز خۇشال بولغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم»
دېگەن. يېڭى پۇل تارقىتىلىپ بەش يىل جەريانىدا پۇل
پاخاللىشىش كۆرۈلمىگەن، پۇل تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ
نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان.

پۇل تۈزۈمى بىر تۇتاش بولۇپ، باج تۈزۈلمىسى
ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن مال باھاسى مۇقىم بولۇپ، خەلق-
نىڭ يۈكى يېنىكلىشىپ تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولغان. ئىق-
تىسادىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن يولداش ماۋ-
زېدۇن قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىشنى تەشەببۇس قىلدى.
1941-يىلى 1-ئايدا شىنجاڭدا زايوم رەسمىي تارقى-
تىلدى. بەش مىليون يۈەن تارقىتىش پىلانلىنىپ، ئون يىل-
غا بۆلۈپ دېرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇش بەلگىلەندى.
رايون، ناھىيىلەر ئەھمىيەت بەردى. بولۇپمۇ پارتىيە
ۋەكىلى يولداش چېن جاۋچۇ جايلاردا خىزمەت قىلىۋات-

قان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بۇ خىزمەتكە ئاكتىپ قاتنى-
شىشى، توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن زايـوم
سېتىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاشۇرۇپ ئورۇنلىنىشىغا كاپالەت-
لىك قىلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭدا تارقىتىلغان زايوم ئالتە
مىليون 655 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

قەشقەردە زايوم سېتىش تارماق ئۇيۇشمىسى قۇرۇل-
دى. باج ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى ۋە ئۇيغۇر ئۇ-
يۇشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئادەم چىقىرىپ زايوم سې-
تىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. بۇنىڭدىن بىر گۇرۇپپىنى
شۇ چاغدىكى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باشلىقى چىن فاڭبۇ ۋە
گاۋدىڭبـاڭ يېتەكلەپ يېزىلار، يەكەن، قاغىلىق، پوسكام،
مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەرگە بېرىپ، زايوم سېتىش توغ-
رىسىدا تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئۇلار ھەر قېتىم
ناھىيە، يېزىلارغا بېرىپلا خەلق ئاممىسى قاتناشقان چوڭ
يىغىن چاقىرىپ، زايوم سېتىۋېلىشنىڭ شىنجاڭنى گۈللەن-
دۈرۈش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا ياردەم
بېرىشتىكى ئەھمىيىتى ۋە زايوم سېتىشنىڭ ئۇسۇل - چا-
رىلىرىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرەتتى: ئەينى چاغدا خەلق زا-
يوم سېتىشقا، ھەر خىل خاتا قاراشتا بولغان. زايوم سې-
تىش گۇرۇپپىسى يەكەننىڭ بىر كەنتىگە بارغاندا، بەزى
دېھقانلار ماشىنىنى تونۇۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر
دېھقان قولىغا بىر تال زايومنى ئېلىپ: «ئائىلەمدە جە-
مئىي يەتتە جان بار. بىر تال زايوم سېتىۋېلىشىم ناھا-
يىتى قولايسىز. ئەگەر ئۆيدىكىلەر شەھەرگە كىرسەك بىر
تالدىن كۆتۈرۈپ كىرەمدۇق؟» دەپ چوڭ زايومنى كىچىك

زايومغا تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئەسلىدە بىر كەنت باشلىقى زايوم سېتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئاممىغا كىم زايوم ئالمىسا شەھەرگە كىرىشكە بولمايدۇ دەپ تەشۋىق قىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، زايوم سېتىشتا توغرا تەشۋىق قىلماي، كۆپلەپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش، چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئامما قىزغىنلىق بىلەن زايوم سېتىۋالغان. يولداش گاۋدىڭباك بۇ قېتىم ناھىيە، يېزىلارغا بېرىپ زايوم سېتىشنى تەشۋىق قىلىش ئەھۋالىنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەن: «ئۇ چاغدا قىزىق ئابىتاپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا كېچە - كۈندۈز دېمەي سودا - سانائەتچى ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ زايوم سېتىشنى تەشۋىق قىلدۇق. نەتىجىدە قەشقەرنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئىلىدەك باي رايونغا قارىغاندا ئۇرغۇن ئۈستۈن بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇردۇق. نازىر ماۋزېمىنىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشىپ، خوشاللىقىمنى باسالماي قالدىم.»

گاۋدىڭباك قەشقەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ ئامما بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچراشقان، ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلار بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتقان. مېھمانىدوست ئۇيغۇر قېرىنداشلار ھېيت - بايرام ۋە تويتۆكۈن ئۆتكۈزگەندە يولداش گاۋدىڭباكنى چاقىرىپ مېھمان قىلغان.

گاۋدىڭباك ئەينى چاغدا قەشقەردە خىزمەت قىلغان پارتىيە ئەزالىرىدىن لى يۈنياڭ، ۋۇنەيىمىن، ۋاڭ ھولار

بىلەن دائىم باردى-كەلدى قىلىپ، ئۆزئارا ماسلاشقان. بىر قېتىم قەشقەردە پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزگەن. يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغان يولداش لى يۈنياڭ گاۋدىڭباڭنى مۇكاپات تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۆتەشكە تەكلىپ قىلغان. چۈنكى گاۋدىڭ-باڭ مالىيە ئىشىغا مەسئۇل ئىدى. يېڭىشەھەردە قۇرۇل-غان قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ۋۇنەيىنىڭ گاۋدىڭباڭنى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆ-تۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. بىر قېتىم گاۋدىڭباڭ مەكتەپكە بېرىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئارمىيە-خەلق بىر-لىشىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى ئىككى سائەتتىن كۆپرەك سۆزلىگەن. چۈش ۋاقتى بولۇپ دەرستىن چۈشۈشكە داڭ چالسىمۇ ئوقۇغۇچىلار تارقىلىپ كېتىشكە ئۇنىمىغان.

ھەر مىللەت خەلقى بىلەن قېرىنداشلارچە ئىتتىپاق-لاشقان. بۇ پارتىيە ئەزالىرىغا شىڭ شىسەي ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، گۇڭچەنداڭنىڭ ئاممىئارىسىدا ئىناۋىتى ئۆسۈپ، تەسىرىنىڭ بەك كېڭىيىشىدىن ئەندىشە قىلىپ تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق قۇسۇر تېپىپ، ئۇلارنى ۋەزىپە-سىدىن قالدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە يۆتكىگەن، ھەتتا زىيان-كەشلىك قىلغان. خالىغانچە «جاھانگىرلارنىڭ ئىتى»، «سۇيىقەستچى» دېگەن قالپاقلارنى كىيدۈرگەن ۋە قولغا ئېلىپ قامىغان. شىڭ شىسەينىڭ ئاتالمىش «غەيرىي ئۇنسۇر» لىرىنى مەخپى قولغا ئالغان. كېچىدە قارار چىقىرىپ بەزى ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى-

مۇ كېچىدە ئۇشتۇمتۇت ئىز - دېرەكسىز يوق قىلىۋەتكەن. ئاق تېررورلۇقنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ھەر بىر ئادەمنى قاپ- لىغان. گاۋدىڭباڭ قەشقەرگە كېلىپ خىزمەت قىلىپ ئۇ- زۇن ئۆتمەي بىر كۈنى ئۆيدە «كۆكچېنەندالىك خىتاينا بىنا ھىسسى» نى كۆرۈۋاتسا، ئۇشتۇمتۇت سىرتتىن غەيرىي ئاۋاز ئاڭلى- نىدۇ. ئارقىدىنلا دەرغەزەپ بىلەن ئىشىكنى چەككەن ئا- ۋاز ئاڭلىنىپ، پۇقراچە كىيىنگەن جاسۇسلار كىرىپ كېلى- دۇ. ئۇلار گاۋدىڭباڭنىڭ خەنزۇ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ چىقىپ كېتىدۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە قەشقەر ۋى- لايەتلىك باج ئىدارىسىنىڭ ئۇيغۇر مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر زارلىنىپ يىغلىشىدۇ. خەۋەر تېپىشىچە، مۇ- ئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى تۇتۇپ كەتكەن. بۇ ئىش پۈتۈن ئىدارىغا تارقالغاندىن كېيىن بىر نەچچە كۈنگىچە ھە- مە ئادەم تەشۋىشلىنىدۇ. بۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن گاۋدىڭباڭ يولداش دىڭ فاغا بىر ۋەيلەندىن مەخپىي خەت ئەۋەتىدۇ. بۇ خەتتە ئاق تېررورلۇقنى ھەممە ئادەمنىڭ ئاشكارىلاش مەسئۇلىيىتى بارلىقى كۆرسىتىلگەن؛ بىراق ئۇ خەتنى شىڭ شىسەي تەستىقلىغاندىن كېيىن دىڭ فاغا يەتكۈزۈلمىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان.

1942 - يىلى گاۋدىڭباڭ قولغا ئېلىنىپ سوراق قىلىنغاندا، يەنە «ئاق تېررورلۇق توغرىسىدا سۆز قىلغان - قىلمىغانلىقى» سۈرۈشتە قىلىنغان.

بۇ ئىش بولۇپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن تەخمىنەن 1940 - يىلى كۈزدە شىڭ شىسەي مىش - مىش گەپ توغ- رىسىدا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالىدۇ. خەتتە: يەنە نە-

دىن كەلگەن پارتىيە ئەزالىرىدىن فولى ناھىيەسىنىڭ
(تاشقورغان) ھاكىمى بىلەن چېگرا مۇھاپىزەت ئەتىرەت
باشلىقى خوجەنلەر زىددىيەت پەيدا قىلغان، بۇنداق قى-
لىش چېگرا مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشكە پايدىسىز دې-
يىلگەن. ئەمەلىيەتتە شۇلياك بىلەن خوجەن تاشقورغان-
دا ئۆز ئارا ناھايىتى ئوبدان ماسلىشىپ خىزمەت قىل-
غان. شۇ كۈنگىچە ھېچقانداق زىددىيەت پەيدا بولمىغان.
شىڭ شىسەي قەشقەر ساقچى ئىشلىرىنىڭ قوماندانى، قو-
شۇمچە دە.مۇردى مەھكىمىنىڭ باشلىقى جاڭ يۇفىنىنىڭ بۇ
ئىشقا مەسئۇل بولۇپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى ئۈچۈن تېلېگ-
راممىا بۇيرۇقنى چۈشۈرگەن ھەمدە گاۋ يوچىڭنىڭ تەك-
شۈرۈش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىشى كۆرسىتىلگەن. بۇ شىڭ
شىسەينىڭ ئۆز قوشۇنى بولغان، جاما ئەت خەۋپسىزلىك
ئورگانلىرىدىكى مەلۇم كىشىلەر لايىھىلىگەن توزاق ئى-
كەن. ئۇلار ئىلگىرى يەنئەندىن كەلگەنلەر ئۆز ئارا بىر-
لىككە كېلەلمىدى دەپ قارا چاپلاپ ئەرز قىلغان. كېيىن
يەنئەندىن كەلگەنلەرنى ئۆز ئۆزىنى سوراق قىلدۇر-
غان. گاۋ دىڭباڭ قاتناشقان تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يې-
ڭىساردىن يولغا چىقىپ تاغ - داۋانلار ئېشىپ فولىغا (تاش-
قورغانغا) بېرىپ نەچچە كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.
سوراق قىلغان گۇۋاھچىلار بىر ئېغىزدىن بۇ ئويدۇرما
گەپ، دەپ ئىسپات بەرگەن. ئەسلىدە بۇ ئىشقا ناھىيەلىك
ج خ ئىدارىسىدىن بىرەيلەن ئارىلاشقان. گاۋ دىڭباڭ تەك-
شۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ياۋفۇگۇەنگە گۇۋاھچى-
نىڭ سۆزلىرىنىڭ ياڭغان ئىكەنلىكى، دىققەت قىلىپ ھۇش-

يار بولۇشنى تاپىلىغان. يەنە باج ئىدارىسى چېگرا مۇ-
داپىئە قىسىملىرىغا تەمىنلەش قويى تاپشۇرىدۇ دېگەننى
باھانە قىلىپ، چوخىيى دېگەن بىرخەنزۇ كىشىنى تېپىپ ئا-
لاقىلىشىپ، ئاخبارات ئالماشتۇرغان. كېيىن سوراق قىلى-
غاندا گاۋدىكىاڭ ئىسپات بەرگۈچىنىڭ سۆزدە چىڭىپ
قالغانلىقىنى تونۇپ تۇرۇپ، سوراق قىلىشنى تېخىمۇ رەت
قىلغان. ئىسپاتلىغۇچىدىن سورىغاندا ئۇ كىمكە چىلەپ ئا-
ۋازى چىقمىغان. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى
ئويىنىغان بۇ بىر مەيدان تىياتىر غەزەپ - نەپرەت بىلە-
لەن يۇغۇشتۇرۇلغان. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يېڭىسارغا
قايتىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى يازغان. بۇ دوكلاتقا گۇرۇپ-
پىدىكىلەرنىڭ كۆپ سانلىقى قوشۇلغان. ۋىلايەتلىك ج خ ئى-
دارىسىنىڭ ۋەكىلى ناتىلاج قول قويغان. بۇ دېلو مانا
مۇشۇنداق چالا - پۇلا قىلىپلا ئاخىرلاشقان. گاۋدىكىاڭ
بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا سالماقلىق بىلەن
جەڭ قىلىپ ئۆزىنىڭ يولداشلىرىنى قوغدىغان.

1942 - يىلى 2 - ئايدا شىڭ شىسەي گاۋدىكىاڭ-
نى يۆتكەپ، ئاقسۇ ۋىلايىتى شايار ناھىيىسىنىڭ باج ئىشلار
ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەن. گاۋدىكىاڭ بار-
لىق خىزمەتچىلەر ۋە ئۈچ يىلدىن كۆپرەك بىللە تۇرمۇش
كەچۈرگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئاي-
رىلغۇسى كەلمىگەن ھالدا قەشقەردىن شايارغا يۈرۈپ
كەتكەن.

1941 - يىلى يازدىن كېيىن دۆلەت ئىچى ۋە سىر-
تىدا ۋەزىيەت كۆرۈنەرلىك يامانلاشقان. گېرمانفاشىست-

لىرىنىڭ ئۇرۇش ئوتى موسكۋاغا تۇتاشقان. دۆلەت ئىچىدە ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئەڭ جاپالىق باسقۇچتا بولۇپ، ياپونلۇق بىلەن جاڭ جيېشى ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ بىرلىشىپ بىزنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا يانچبازلىرىمىزغا هۇجۇم قىلىپ، كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئىنقىلابىي كۈچلەرنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغان. شىڭ شىسەي شامالغا قاراپ ئىنقىلاب قىلىشتىكى يالغان نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئاتالمىش «4 . 21» سۈئىقەست ـ ئوتقۇيرۇق دېلونى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، قەستەنلىك بىلەن شىنجاڭدا يېڭىدىن خىزمەت قىلىۋاتقان پارتىيە ئەزالىرى ۋە تەرەققىپەرۋەر زاتلارغا زىيانكەشلىك قىلغان. گاۋدىڭباڭ 1942 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شايار ناھىيىسىدىن دىخواغا (ئۈرۈمچىگە) قايتىپ كەلگەندە تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان پۈتۈن كومپارتىيە ئەزالىرى بىلەن تۈرمىدە تۆت يىل ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇشەققەتلىك كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان. 1946 ـ يىلى 6 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، يولداش جۇ ئېنلەينىڭ قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق گاۋدىڭباڭ قاتارلىق 131 نەپەر يولداش مۇقەددەس ئىنقىلابىي جاي ــ يەنئەنگە قايتقان.

## لى يۈنياڭ قەشقەر، مارالبېشىدا

لى يۈنياڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيشەن ناھىيىسىدىن بولۇپ، 1914 ـ يىلى تۇغۇلغان. دەسلەپكى يىللاردا يۇرتىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1935 ـ يىلى ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇغان، شۇ-

نەگدىن كېيىن ياپونىيەدە قېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنقىلابىي تەشۋىقات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1936 - يىلى 9 - ئايدا لىن جىلۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، لى يۈنياڭ يېڭىدىن توي قىلىپ ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي خوتۇنى يولداش ۋۇ نەيىيەن بىلەن ياپونىيەدىن جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ، ئىنقىلابنىڭ مۇقەددەس ئورنى — يەنئەنگە بارغان. 1938 - يىلى 3 - ئايدا پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغان. شۇ جەريانىدا دىخۇا ( ئۈرۈمچى ) 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقى ۋە 1939 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك مەھكىمە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىنى ئۆتىگەن. يەنە 1940 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى بولۇپ ئىشلىگەن. 1942 - يىلى 9 - ئايدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1946 - يىلى 6 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، يەنئەنگە قايتقان.

ئازادلىقتىن كېيىن لى يۈنياڭ بېيجىڭ شىمالىي جۇڭگو ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتىگەن. جۇڭگودىن ۋيېتنامغا بارغان سىياسىي مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىنىڭ كاتىپى، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈم سىياسىي تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، جياڭشى ئالىي مەكتەپ پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1977 - يىلدىن كېيىن، جۇڭگو پەن - تېخنىكا ئالىي مەكتىپىنىڭ بىرىكمە

ئوغۇت ياساش شۆبە مەكتەپ مۇدىرى، قوشۇمچە پارتكومى-نىڭ شۇجىسى، جىنەن ئالىي مەكتەپ پارتكومىنىڭ ئىك-كىنچى شۇجىسى، قوشۇمچە مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزى-پىلەرنى ئۆتەپ، 1985- يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

لى يۈنياڭ 1938- يىلى 3- ئايدا لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، خىزمەت قىلغاندا، لى جىلياڭ دېگەن ئىسىمنى ئىشلەتكەن. «لىن جىلۇ ھەققىدە ھېكايىلەر» دېگەن كىتابتا مۇنداق يېزىلغان: لى جىلياڭ دېگەن بۇ ئىسىم ئۇ ياپونىيىدە ئوقۇغان ۋاقتىدا قو-يۇلغان. شۇ چاغلاردىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شاڭخەي مەدەنىيەت كومىتېتى دۇڭجىڭ ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لىن جىلۇنىمۇ لىن دېلياڭ دەپ ئاتىغان. بۇ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزم - لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىشتا ئىناۋىتى يۇقىرى بولۇپ ھۆر-مەتكە سازاۋەر، ئىرادىسى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنىڭغا ماس ھالدا لياڭ دېگەن خەتنى قوشۇپ ئاتىغان.

لى يۈنياڭ شىنجاڭغا كېلىپ دىخۇا (ئۈرۈمچى) ئۆلكىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۇ قىزغىن قەلب ئارقىلىق، مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ياپونغا قارشى تەشۋىقات خىزمەتلى-رىنى ئىشلەپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى كۆ-رۈشىگە ئېرىشكەن. شىڭ شىسەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-تىيىسىنىڭ ھەر مىللەت ياشلىرى ئارىسىدا تەسىرىنىڭ چوڭقۇر بولۇشىدىن قورقۇپ، 1939 - يىلى 1- ئايدا لى يۈنياڭنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇ-

ئاۋۇدىن باشلىقلىقىغا يۆتكىگەن (شۇ چاغدا شىنجاڭ مائا-
رىپ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش باشقارما باشلىقى بولغان
لىن جىلۇنى لى يۈنياڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يۆتكەپ،
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا
تەيىنلىگەن).

30 – يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەرنىڭ مەدەنى-
يەت – مائارىپى تولىمۇ قالاق ئىدى. لى يۈنياڭ قەشقەر
ۋىلايىتىگە كېلىپ، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى
ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، مائارىپ ئىدارىسىدىكى
ئىشچى – خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىسى قۇرۇق، تۇرمۇشتا
چېچىلاڭغۇ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئىدارىدا ئۈچ ئايلىق
ئوقۇتۇش كۇرسى ئاچقان. لى يۈنياڭ ئۆزى ئۆگىنىش تى-
زىسى تۈزۈپ، كۆپچىلىككە دەرس ئۆتكەن. ئۇ ماركسىزم-
لېنىنىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن جاھانگىرلىككە
قارشى تۇرۇش، سوۋېتكە يېقىنلىشىش، خەلقنى تىنجىتىش،
پاك، تىنچ گۈللەندۈرۈش قاتارلىق «ئالتە چوڭ» سىيا-
سەتنى چۈشەندۈرگەن. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى
سۆزلىگەندە، لېنىننىڭ جاھانگىرلىك توغرىسىدىكى با-
يانلىرىنى سۆزلىگەن. خەلقنى تىنجىتىشنى سۆزلىگەندە،
ستالىننىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بايانلىرىنى
سۆزلىگەن. سوۋېتكە يېقىنلىشىشنى سۆزلىگەندە، پارتىيە-
لەرنىڭ تارىخىنى بىرلەشتۈرۈپ سۆزلىگەن. دەرس ئۆت-
كەندە مەزمۇن، نۇقتىئىنەزەرلەر ئوچۇق، ئەمەلىيەتكە
بىرلەشتۈرۈپ ئاممىباب تىل بىلەن سۆزلەپ،
دەرس ئاڭلىغۇچىلارنى ناھايىتى ئىلھاملاندۇرغان.

دەرسىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، مۇزاكىرىگە تەشكىللەپ، تېمىلار بويىچە ئايرىم تەييارلىق قىلىپ نۇقتىلىق سۆزلەش، باشقىلار تولۇقلاش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ھەر باسقۇچلۇق ئۆگىنىش ئاخىرلاشقاندا لى يۈنياڭ خۇلاسە قىلغان. ئۇ يەنە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە «قىلىچ مارشى»، «سۇئخۇاجيائدا»، «تەيخائشەندە» قاتارلىق ياپونغا قارشى ناخشىلارنى ئۆگىنىپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىپ، جانلاندۇرغان. ئۈچ ئايلىق ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ئۆگىنىشنىڭ پەيزىنى بارغانسېرى قويۇقلاشتۇرغان. ئەتىگەن - كەچتە ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئوقۇشقا يېتەكلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقى ئۈستۈن بولۇپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كەيپىيات بارلىققا كەلگەن. مەكتەپ ئورگانلاردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۇيۇشما قۇرۇپ، ناخشا ئېيتىش گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللىگەن. كونىشەھەر، يېڭىشەھەرنىڭ شەھەر ئىچىدە ناھايىتى تېزلا ئىنقىلاب قىلىشنىڭ يولىنى ئۆگىنىش، چوڭ تىپتە ناخشا ئېيتىپ ياپونغا قارشى تۇرۇش قىزغىن دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. لى يۈنياڭ يەنە قەشقەردە ياپونغا قارشى تۇرۇش مەزگىلىدە قىرائەتخانا ئاچقان. ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچىلىرى، مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بۇ يەردىن ياپونغا قارشى تۇرۇشتىكى ئىلغار مەزمۇندىكى كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ كۆرگەن. دېمەك قىرائەتخانا ياپونغا قارشى ئىلغار ئىدىيىنى تارقىتىدىغان ئىستىھكامغا ئايلانغان.

قەشقەر رايونىنىڭ دائىرىسى چوڭ، مەكتەپلەر تار-
قاق، ناھىيىلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھۆكۈمەت
قۇرغان ۋە ئۆيۈشما باشقۇرغان دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈ-
نەتتى. ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى رەھبەرلىك قىلىدىغان،
ھۆكۈمەت باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپتىن ھەر قايسى
ناھىيىلەردە پەقەت بىرسىلا بار ئىدى. ئۇيغۇر ئۆيۈش-
مىسى باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر ھەر قايسى يېزا-
كەنتلەردە بىردىن بار ئىدى. ناھىيىلەردىكى ئۇيغۇر ئۆ-
يۈشمىسى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۆيۈشمىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى
قوبۇل قىلغاندىن باشقا، يەنە ناھىيىلىك مائارىپ بۆ-
لۈمى، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە
بويسۇناتتى. ئۇيغۇر ئۆيۈشمىسىنىڭ مائارىپ خىراجىتى
ئۆشرە - زاكاتتىن، ۋەخپىدىن يىغىلغان ئاشلىقتىن چىقىم
قىلىناتتى. بۇ مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خىراجىتىدىن كۆپ
ئىدى. ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك خىز-
مىتى پەقەت ئوقۇتۇش ۋە ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى
تارقىتىش بىلەنلا چەكلىنىپ، ئەمەلىيەتتە چوڭقۇر چۆكۈپ
ئەھۋال ئىگىلەشكە بولالمايتتى. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش
سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىشتىن تېخىمۇ سۆز
ئاچقىلى بولمايتتى. لى يۈنباڭ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئى-
دارىسىدا خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، رەھبەرلىك ئىس-
تىلى ۋە ئۇسۇل-چارىلىرىنى ئۆزگەرتكەن. ئۇ، دائىم مەك-
تەپكە بېرىپ ئەھۋال ئۇقۇشقاندا، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ
دوكلاتىنى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى ئاڭلايتتى. ئو-
قۇتقۇچىلار، ئۇيغۇر ئۆيۈشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان

سۆھبەت يىغىنلىرىدىكى ئېچىپ، ماارىپ خىزمەتلىرىدىكى
ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئىگىلەپ ۋاقتىدا ھەل قىلىپ
بەرەتتى.

لى يۈنياڭ ئوقۇتۇش مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش خىز-
مىتىنى تۇتۇشقا كۆڭۈل بۆلەتتى. ۋىلايەتلىك ماارىپ
ئىدارىسى توققۇزاقتىكى ئاددىي ياسالغان دارىلمۇئەل-
لىمىن مەكتىپىنى تولۇقلا قىلىشنى (ھازىرقى قەشقەر دا-
رىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئالدى) تاللاپ، ئوقۇتقۇچى-
لار ماارىپىنى ياخشى باشقۇرۇپ، لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى-
لار قوشۇنىنى تەربىيىلىمەكچى بولغان. لى يۈنياڭ ئۆزى
دارىلمۇئەللىمىنگە بېرىپ دەرس ئۆتكەن. يەنە بەزى
مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلارنى كىلىپ دەرس تىڭشاشقا تەش-
كىللىگەن. لى يۈنياڭ مەكتەپ باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش ئۇ-
سۇلى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن بولۇپ، مەزمۇنى
يېڭى، جانلىق ھەم ئېنىق ئۆتۈلگەن دەرسلىرىدىن ئوقۇتقۇ-
چى، ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ تەربىيە ئالغان ھەمدە
مىننەتدار بولغان.

شۇ چاغدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيە-
سىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن لى يۈنياڭ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ يازلىق تەتىل ۋاق-
تىدا ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپلىرىنى ئېچىشنى
قارار قىلغان. ھۆكۈمەت ئاچقان ۋە ئۇيۇشما ئاچقان
تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنى مەدە-
نىيەت ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ۋە «ئالتە بۈ-
يۈك» سىياسەت ۋە ئامىۋى پەلسەپە ئۆگىنىشكە تەش-

كىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆس-
تۈرگەن. لى يۈنياڭ ئۆزى دەرس ئۆتۈپ ياخشى ئوقۇتۇش
ئۇسۇلى ۋە ماھارىتى ئارقىلىق كۆپچىلىككە تەسىر كۆر-
سەتكەن. شۇ چاغدا دەرس ئاڭلىغان ئوقۇتقۇچىلار ئەس-
لەپ مۇنداق دېگەن: «لى جۇيجاڭنىڭ ئۆتكەن دەرسى
مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىزگە چوڭقۇر تەسىر قال-
دۇردى. بۇندىن كېيىن بىز ئوقۇتۇشتا ئۇنىڭ ئوقۇتۇش
ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز».

لى يۈنياڭ يەنە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇشقا جەم
بولغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالى-
نى ئىگىلىگەن. مەكتەپلەردە ساقلانغان مەسىلىلەرنى
ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرىلىشىپ ھەل
قىلىش لايىھىسىنى بەلگىلىگەن، نەتىجىسى بار ئوقۇتقۇ-
چىلارنى تەقدىرلىگەن ۋە ئۆستۈرگەن؛ ۋەزىپىسىنىڭ ھۆد-
دىسىدىن چىقالمىغان مەكتەپ مۇدىرى، ئۇيغۇر ئۇيۇش-
مىسىنىڭ باشلىقى ۋە تارماقلارنىڭ باشلىقلىرىنى يۆت-
كەپ ئالماشتۇرغان، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ئىنتىزامنى
بۇزغانلارنى تەكشۈرۈپ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرغان. كو-
نىشەھەر، يېڭىشەھەردە 12 ئۇيۇشما بولۇپ، بۇنىڭ ئى-
چىدە تارماق توققۇز ئۇيۇشما باشلىقىنىڭ ھېسابى ئېنىق
ئەمەس، باشقۇرۇشى ياخشى بولماسلىق ۋە باشقا سەۋەب-
لەر تۈپەيلىدىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ ئالماشتۇرغان.
ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئاز ساندىكى قانۇنغا خىلاپلىق
قىلىپ ئىنتىزامنى بۇزغان ۋە ئەكسىيەتچى ئىدىيىدە
بولغانلارنى (تاجاۋۇزچىلارغا يېقىنلىشىپ، سوۋېتكە قارشى

تۇرغان) ئوقۇتقۇچىلارنى قوشۇندىن تازىلاپ چىقىردۋەتكەن. تەربىيەلەش ۋە تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە مەكتەپلەرنىڭ قىياپىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولغان.

لى يۈنياڭ قەشقەردە مائارىپنى بىر يېرىم يىل باشقۇرغان بولۇپ، 1940 - يىلى 6 - ئايدا مارالبېشى ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ ھاكىم بولغان. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى چوڭ مال ئوغرىسى بولۇپ، ئۇنى يېنىغا تارتىپ چىرىتىشكە ئۇرۇنۇپ، ئالدى بىلەن غەربچە كىيىم - كېچەك، خۇرۇم ئاياغ كىيگۈزۈپ ئازدۇرغاندىن باشقا يەنە ھاراق - شاراب بىلەن ئازدۇرماقچى بولغان. بۇنداق قىلمىقلارنىڭ ھەممىسى لى يۈنياڭنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان.

مارالبېشى ناھىيىسىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئىستىلى ياخشى بولمىغاچقا، ئاز بولمىغان كىشىلەر ئەپيۇن چېكىپ قىزلار بىلەن ئويناپ، ھاراق - شاراب ئىچىپ كۆڭۈل ئاچقان.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن لى يۈنياڭ يەنە تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىش ئۇسۇل-چارىسىنى قوللىنىپ «خىزمەتچىلەر تەتقىقات يىغىنى» ئېچىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى خىزمەتچى خادىم ۋە ناھىيىدىكى ئاتاقلىق زاتلارنى «ئالتە بۈيۈك سىياسەت»، «سەككىز تۈرلۈك مۇراجىئەت» نى ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەن، كېيىن مۇزاكىرە قىلىشقا ئۇيۇشتۇرغان. ئۆگىنىش ئارقىلىق خىزمەتچى خادىملارنىڭ قۇرۇق كال-

لىسى تەدرىجى تولۇقلىنىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋە-
تەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش يولىنى چۈشىنىپ، دۆ-
لەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، خىيانەتچىلىك-چىرىك
ئىستىلگە قارشى تۇرۇپ تەشكىلىي ئىنتىزامغا بويسۇ-
نىدىغان بولغان. شۇندىن باشلاپ ھۆكۈمەتنىڭ تۈر-
لۈك خىزمەتلىرى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغان.

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە باج تۈزۈمى-
نى رەتكە سېلىش ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بەزى سودىگەر-
لەر قارشىلىق كۆرسىتىپ ھايانكەشلىك قىلىپ، مال باھا-
سىنى ئۆرلىتىپ بازارنى جىددىيلەشتۈرگەن. لى يۈنياڭ
خىزمەتچىلەرنى تەربىيلەش كۈرىشىدە ھايانكەشلەرگە
زەربە بېرىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىپ، مۇنداق كۆرسەت-
كەن: مال تۇرۇپ ساتماي بازارنى جىددىيلەشتۈرگەنلىك
ياپونغا قارشى تۇرۇش جېڭىنىڭ ئارقا سېپىگە بۇزغۇنچى-
لىق قىلغانلىق، شۇنداقلا ياپونغا قارشى تۇرۇش جېڭى-
گە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولىدۇ. شۇندىن كېيىن باش-
قا سودىگەرلەر ئۆزلۈكىدىن ماللىرىنى ساتقان. پەقەت
سودا ئويۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئاڭلىماسقا سالغان. لى-
يۈنياڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى
بېرىپ تەكشۈرۈشكە بۇيرىغان. سودا ئويۇشمىسىنىڭ باش-
لىقى مالنى يەر ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپ ساتماي، مال
يوق دەپ ئالدىغانلىقى ئېنىقلانغان. ئۇ، كۆپ قېتىم قا-
يىل قىلىسىمۇ ئۇنىمى كۆرۈلمىگەن ئەھۋالدا لى يۈنياڭ
ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ھەرىكەت قوللىنىشىغا
بۇيرىغان. ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ چىقىلغان زور تۈركۈم

ماللارنى بازارغا سالغاندا، مال باھاسى زور دەرىجىدە چۈشكەن. پۇقرالار چاۋاك چېلىپ خۇشال بولغان. كېيىن دارالبېشى ناھىيىسىدە يەنە باھا قويۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، سودىگەرلەرنىڭ مال باھاسىنى بىراقلا ئۆستۈرۈشتەك ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ۋە چەكلەپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغان.

قەشقەردە تارىختىن بۇيان فېئودال يەر ئىگىلىرى، دىنىي كۈچ ۋە ھاكىمىيەت قاتارلىق ئۈچ تەرەپ بىر گەۋدە بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. شۇ چاغلاردا ناھىيىدىن تۆۋەن ئەدلىيە ھوقۇقى بەگ ۋە مۇپتى قازىلارنىڭ چاڭگىلىدا ئىدى. لى يۇنىياڭ ناھىيىلەرنىڭ تۈرمىلىرىدىكى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، تۈرمىلەرنىڭ قاراڭغۇ، تازىلىق شارائىتى ناچار، جىنايەتچىلەرنىڭ يۈزىگە قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ۋە گۇناھكارلارنىڭ ھاكىمنى كۆرۈپ ئۇۋال بولدى دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى كۆرگەن. خەلق ئىشلىرىنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىگە ھۆكۈمەت تارماقلىرى ھۆكۈم چىقىرىش، دىنىي كىشىلەر، بەگلەرگە تۇتقازماسلىق قارارىنى چىقارغان. خەلق ئامىسىغا ئۇۋال قىلىنماسلىق ئۈچۈن، ئۇ، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنى بىجىرىشكە ئۆزى يېتەكچىلىك قىلغان. ھازىرقى ساقلىنىۋاتقان ئارخىپتا يېزىلىشىچە: 1940 - يىلى 8 - ئايدا جاۋابكار خاۋىيلىنىڭ ئارخىپىنى تەكشۈرگەن. بۇ جاۋابكار بەختىخانىنى ئۇرۇپ، ئۆيگە سولاپ قويغان. ئۇنى يارىدار قىلىپلا قالماي بەلكى ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى بو-

غۇپ قويغان . شۇنىڭ بىلەن . بەختىخان پالەچ بولۇپ قالغان. بۇنىڭغا ئاساسەن لى يۈنياڭ خاۋىيلىنىنى مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسى بېرىپ، ئالتە يىل يۇقىرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشقا ھۆكۈم قىلغان.

لى يۈنياڭ مارالبېشىغا كېلىپ ئىككى يىل ئۆتمەيلا، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، كەڭ دائىرىدە ئەھۋال ئىگىلەش ئاساسىدا، مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تۈزەش تەدبىرلىرى ناھايىتى ئېنىق بولغان. پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، 1940 - يىلى 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى مەملىكەت دوكلات يېزىپ قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يوفېن، مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ شىئەنگە يوللىغان. ئۇ دوكلاتىنىڭ بىر قۇرىغا مۇنداق يازغان: يايى، يۇرت ئەمەلدارلىرى، مىراپ، كوچا باشلىقلىرى قاتارلىقلار خەلق ئاممىسىنى ئېزىپ، خىيانەتچىلىك قىلغان. ئۇ، مال - مۈلۈك ئېنىقلاپ تۈزەشتىكى يولغا قويۇشقا تېگىشلىك بەش تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچىسى، ھاكىم ئۆزى تەكشۈرۈپ خىيانەتچىلىكنى ئۈزۈل - كېسىل ئېنىقلاش كېرەك ئىكەن. 1940- يىلى 7- ئاينىڭ 20- كۈنى لى يۈنياڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كونا ئارخىپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ رەتلىگەندە، ئالدىنقى نۆۋەت ھاكىم بولغان چىن ۋە جخ ئىمدارىيسىنىڭ باشلىقى چا دېگەنلەر ھۆكۈمەتنىڭ بوزيەرلىرىنى ئىگىلىۋالغان بىر ئەنزىنى بايقايدۇ

«هاكىم چىننى جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەك-
شۈرۈپ، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق ئەنزىسىدىن 72 نى-
سادىر قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان).
لى يۈنياڭ بۇ ئەنزىنى دەرھال قەشقەر مەمۇرىي مەھكى-
مىنىڭ باشلىقىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، هاكىم
چىن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىگىلىگەن 17 مو يەرنى، چاچۇچاڭ
ئىگىلىگەن 11 مو يەرنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بەرگەن.
يەنە هاكىم چىننىڭ باشقىلارنى توساپ دېگىلى قويمىغان،
خىزمەتچىلەرگە بۆلۈپ بەرگەن 99 مو بوز يەرنىڭ كىرى-
مىنى خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقىغا ئىشلىتىشكە بۆي-
رۇپ بەرگەن.

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ مائارىپ خىزمىتى كونىشەھەر، يېڭىشەھەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قالاق ئىدى. لى يۈنياڭ قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىگە يوللىغان دوكلاتىنىڭ بىر قۇرىدا مۇنداق يازغان: «مارالبېشىدا 90 مىڭ نوپۇس بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار 4000 غا يەتمەيدىكەن. ھەتتا قەشقەر، ئوپالغا سېلىشتۇرغاندا مائارىپتىن ھېچقانداق دېرەك يوق ئىكەن.» مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ مائارىپتا قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇ، ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى تۇتۇپ، ناھىيە بويىچە مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرمەكچى بولغان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش سىنىپىنى قۇرۇلغان. ئىمتىھاندا تاللانغان شەھەر - يېزىلارنىڭ 50 نەپەر ئوقۇتقۇچىغا ھۆكۈمەت سىياسىتىنى، ئوقۇتۇش مىتودى، ئالگېبرا، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى، تارىخ قاتارلىق

دەرسلەرنى ئۆتۈش تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە،
ھۆكۈمەت سىياسىتىنى ئوقۇتۇش مىتودىنى ھەر ھەپتىدە
ئالتە سائەت ھاكىم ئۆزى دەرس بېرىشكە مەسئۇل بولۇپ،
1940-يىلى 7-ئاينىڭ 15-كۈنى دەرس باشلىغان. لى
يۈنياڭ بىر مەزگىل چۈشتىن ئىلگىرى ناھىيىلىك ھۆكۈ-
مەت ئىشخانىسىدا ئىشلىسە، چۈشتىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلارنى
تەربىيىلەش سىنىپىغا بېرىپ دەرس ئۆتكەن ھەمدە يې-
قىندىكى مەكتەپلەرگە بېرىپ دەرس تىڭشاپ ئوقۇتقۇچى-
لارنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەملەشكەن.
ئەسلىدە مارالبېشى ناھىيىسىدە ناھىيە ئاچقان باشلان-
غۇچ مەكتەپتىن پەقەت بىرسىلا بار ئىدى. لى يۈنياڭ
ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرغان قىزلار باشلان-
غۇچ مەكتىپى بىلەن سىرىقبۇيا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى
باشقۇرغان ئوغۇللار باشلانغۇچ مەكتىپىنى
ناھىيە باشقۇرغان مەكتەپكە ئۆزگەرتكەن.
شۇنىڭ بىلەن مارالبېشى ناھىيىسىدە ناھىيە باشقۇرغان
باشلانغۇچ مەكتەپ ئۈچ بولغان. لى يۈنياڭ يەنە ئۇيغۇر
ئۇيۇشمىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مەبلەغ سېلىپ پاراۋان-
لىق مەكتەپتىن بىرنى ئاچقان. بۇنىڭغا 4 سىنىپ تەسىس
قىلىنىپ 200 نەپەر ئەتراپىدا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان.
بۇ پاراۋانلىق مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ئا-
زادلىقتىن كېيىن كۆپىنچىسى كادىر، ئىشچىسى بولغان.
بەزى ئوقۇغۇچىلار يەنە رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى
بولغان. لى يۈنياڭ يەنە چوڭلار مائارىپىغا ئەھمىيەت
بېرىپ كەچ كۇرسىتا ساۋات چىقىرىشنى ھۆكۈمەتنىڭ

مۇھىم ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ بېجىرگەن. ئەسلىدە مارالبېشى ناھىيە باشقۇرغان باشلانغۇچتا ئاممىۋى كەچ كۇرس مەكتىپى ئېچىلىپ، ئۆگىنىشكە قاتنىشىدىغانلار ئىشچى، سودىگەرلەر ئىدى. ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر ئۇيغۇر تىلى، ھېساب دەرسىدىن ئىدى. لى يۈنياك بۇ كەچ كۇرس مەكتەپ ئاساسىدا ئومۇمىي ئىشلار كەچ كۇرس مەكتىپى قۇرۇپ، دىنىي دەرسنى سىياسەت دەرسىگە ئۆزگەرتىپ، 1940 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى دەرس باشلىدى. كەچ كۇرس مەكتەپكە ئۆگىنىشكە قاتنىشىدىغانلار قازى، ساقچىسى، ھۆكۈمەت خادىملىرى، كوچا باشلىقلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بولۇپ، ئىمتىھان نەتىجىسى ئەلا بولغانلارغا ھۆكۈمەت مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىپ بېرەتتى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە كەچ كۇرس سىنىپلىرى ئېچىلغانىدى. 1942 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى لى يۈنياك مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدا مۇنداق دېگەن: ھازىر ئوقۇغۇچى 18 مىڭ 116 نەپەر، بۇنىڭدىن شۇ چاغدىكى كەچ كۇرس سىنىپلىرىدا ئوقۇغانلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لى يۈنياك مائارىپ خىزمىتىنى تۇتۇش بىلەن بىرلىكتە يەنە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مارالبېشى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت پايدىلىق بولغان نەچچە تۈرلۈك ئىشلارنى قىلغان. ئۇ، مارالبېشىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا

توسالغۇ بولغان ئاساسلىق زىددىيەتلەرنى تېپىپ چىققان-
بىرسى قاتناش قىيىن، ئىككىنچى سۇ ئىشلىرى. ھەر يىلى
دىخۇا (ئۈرۈمچى) بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىسىدىكى تاش
يولنى ياساش مارالبېشى خەلقىنىڭ بىر تۈرلۈك ئېغىر يۈكى
بولۇپ قالغان. لى يۈنياڭ قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ
باشلىقىغا يوللايدىغان دوكلاتىنىڭ بىر قۇرىدا مۇنداق
يازغان: «بۇ قەشقەر تاشيولى مارالبېشىدىن 700 چا-
قىرىم كېسىپ ئۆتۈشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبتىكى تاغ-
لار، ماشىنا يولىنىڭ ئاساسىي بولۇپ، كۆپىنچە جايلىرى
چۆل-جەزىرە، سانسىزلىغان ئادەملەرگە جەۋرى-زۇلۇم
بولدى. قىشتا قونالغۇ يوق، يازدا ئىچىدىغان سۇ يوق،
ھەر قېتىم يامغۇر ياغسا لاي-پاتقاقتا ماڭغىلى بول-
مايدۇ... يولنى ياسىغاندىمۇ بۇزۇلۇپ تۇرىدۇ. نەچچە يىل-
لاردىن بېرى، مارالبېشى خەلقى بۇ يول ئۈچۈن قانچىلىك
قان-تەر ۋە ئەمگەك سەرپ قىلغانلىقىنى ساناپ تۈگەت-
كىلى بولمايدۇ.» لى يۈنياڭ بۇ يولغا تاش ياتقۇزۇشنى
پىلانلىغان. بۇ يول قۇرۇلۇشى 1941-يىلى 1-يانۋاردا
باشلىنىپ 4-ئاينىڭ ئاخىرىدا 1-باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش
تاماملانغان. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى كۆزدە تۇتۇپ
ۋاقىتلىق توختىتىپ، كۈز پەسلىدە ئىككىنچى باسقۇچلۇق قۇرۇ-
لۇشنى باشلىماقچى بولغان. مارالبېشى خەلقى پۈتۈن كۈچ بىلەن
ئاتلىنىشتىن باشقا، مەكىت ناھىيىسى (شۇ چاغدىكى ھا-
كىم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى شۇ لىياڭ) مۇ
ئەمگەكچى ئەۋەتىپ ياردەملەشكەن. يول قۇرۇلۇشى
مەزگىلىدە، ھەر يەكشەنبە كۈنى لى يۈنياڭ ۋە مائارىپ

ساھەسىدىكى زاتلار بىرلىكتە گۈرۈچ، قوي گۆشى، سۈيۈيىغى قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، كىنو، تىياتىر قويۇپ بېرىپ ھال سورىغان. يولغا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى ھەسسىلەپ يۇقىرى بولۇپ، بەس - بەس بىلەن ئىشلەپ، ۋەزىپىسىنى بالدۇر ئورۇنلىغان. 1942- يىلى 2- ئايدا دىخوا - قەشقەر يولىنىڭ مارالبېشىدىن قەشقەرگىچە بولغان 170 كىلومېتىر ئارىلىقتا تاش ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى تاماملانغان. بۇ يولنىڭ پۈتۈشى بىلەن مارالبېشى بىلەن قەشقەر قاتارلىق جايلارنىڭ ئالاقىلىشىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ ھەر يىلى يول ياساشتەك سېلىقىنى يەڭگىللەتكەن. لى يۈنياڭنىڭ بۇ يولنى ياساشتا تۆھپىسى بولغاچقا 1941- يىلى 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە باشلىقلىرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇكاپاتلىنىشقا ئېرىشكەن.

يول قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، لى يۈنياڭ يەنە مارالبېشى خەلقىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا رەھبەرلىك قىلغان. ئۇ، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىغا يوللىماقچى بولغان دوكلاتىنىڭ بىر قۇرىغا مۇنداق دەپ يازغان: «مارالبېشىنىڭ يەر قاتلىمى ناچار ھەمدە تىزناپ دەرياسى، زەرەپشان دەرياسىنىڭ سۈيىگە تايىنىمىز. ھەر يىلى سۇغا ئېھتىياجلىق بولغاندا، مارالبېشىنىڭ ئېرىق - ئۆستەڭلىرى قۇرۇپ كېتىدۇ. پەقەت قۇدۇق سۈيىنى ئىشلەتكىلى بولسىمۇ سۇ تۇزلۇق. 7-، 8-

---

دىخوا ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئايلاردا سۇدىن تولۇق پايدىلىنالايمىز. سۇ مەسىلىسىدە باشتىن - ئاخىر خاتىرجەم بولۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھەر يىلى مىڭلىغان ئەمگەك كۈچىنى خاتىرجەم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.» 4-، 5-ئايلاردا مارالبېشى خەلقى سۇ تالىشىپ جېدەل - ماجرا قىلىدۇ. ئەمما، 7- 8- ئايلاردا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى خەلقنىڭ ئېغىر يۈكى بولىدۇ. لى يۈنياڭ مارالبېشىنىڭ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سۇ ئامبىرى ياساپ 4-ئايدىن 6-ئايغىچە سۇ قىس مەزگىلدە تەڭشەپ ئىشلىتىش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لى يۈنياڭنىڭ كۆپ تەرەپتىن پىلانلىشى ئارقىسىدا ئاركۆل سۇ ئامبىرىغا 1942 - يىلى باھاردا ئىش باشلاپ، دامبا قۇرۇلۇشىغا چۈشىدۇ. يۇقىرىدىن سوۋېتنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى ئەۋەتىدۇ. لى يۈنياڭ بىلەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ئات مىنىپ 90 كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان سۇ ئامبىرىنىڭ دائىرىسىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققانىدى. مارالبېشى، مەكىت، پەيزاۋات ناھىيىلىرىدىن 7000 دىن كۆپرەك ئەمگەك كۈچى توپلىشىپ، 20 كىلومېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان دامبا قۇرۇلۇشىنى باشلىۋەتتى. دامبىنىڭ ئاساسى ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر بولۇپ، ھەممىنى توپا توشۇپ باساشقا توغرا كېلەتتى. دامبىنىڭ پۇختا بولۇشى ئۈچۈن سوۋېتتىن كەلگەن مۇتەخەسسىس مۇنداق بىر چارىنى ئويلاپ چىققان، دامبىنىڭ مەركىزىنى تاش بىلەن توساپ ئىككى تەرىپىگە توپا ياتقۇزۇپ ئېگىزلەش. شۇنداق بولغاندا كۆپ سۇ كەلسىمۇ

دامبىنى ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ. لى يۈنياك ھاكىم تۇرۇغلۇق، خەلق بىلەن دامبا قۇرۇلۇش ئەمگىكىگە قاتناشقان. ئۇ ئايالى ۋۇ نەيىن بىلەن زەمبىلدە تۇپا توشىغان. پۇقرالار مۇنداق دېگەن: «ئەلمىساقتىن بېرى ھاكىمنىڭ پۇقرالار بىلەن ئەمگەك قىلغىنىنى كۆرمىگەنتۇق.» ئۇ ھەتتا سوۋېتتىن كەلگەن مۇتەخەسسىسنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. 1942 - يىلى 4-ئاينىڭ 29-كۈنى لى يۈنياك ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللىماقچى بولغان دوكلاتىغا شۇ چاغدىكى ئانار كۆلىنىڭ ئەھۋالىنى يازغان. ئۇنىڭدا: «ناھىيىدىكى ئەر - ئايال، قېرى - ياش پۇقرا خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىپ، سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەرگەچكە، ھەرجۈمە كۈنلۈكى نەچچە مىڭلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ، ئامبار قۇرۇلۇشىغا قاتناشقانلارنى يوقلىغان ۋە ھال سورىغان. بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان ئەمگەكچىلەر پائال ئەمگەككە قاتنىشىپ، ھېچنەرسىدىن غەم قىلمىغان.» كۆلنىڭ دامبا قۇرۇلۇشىدىن باشقا، 20 مېتىر كەڭلىكتە يەتتە تونېل، بىر كۆۋرۈك، بىر غوللۇق ئۆستەڭ ياسىغان. لى يۈنياك يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، مارالبېشى خەلقى داۋاملىق ئىشلەپ 1942 - يىلى 12-ئايدا ئانار كۆلىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تاماملىغان. كۆل پۈتكەندىن كېيىن، 100 مىڭ مو يەرنى سۇغۇرۇپ ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ سۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنغان.

لى يۈنياك يەنە تۇمشۇق يېزىسىدىكى ئاھالىلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ، بىر تارماق ئۆستەڭ ياسىتىپ بەر-

گەن. 1941 ـ يىلى باھاردا لى يۈنياڭ يېزىلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈرگەندە تۇمشۇق يېزىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقان. بۇ كەنتتە ئۆستەڭنىڭ قېشى پۈتكەندىن كېيىن، دەريا پەس، ئۆستەڭ ئېگىز بولۇپ، ئېتىزغا سۇ چىقىرالمىغىنىغا 15 يىل بولغان. بۇ كەنتتە سۇ قىس بولۇپ، قۇرغاقچىلىقتىن ئېتىز ـ ئېرىق، دەل ـ دەرەخلەر قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن. ئاھالىلەر كۆپ قېتىم يۇقىرىغا دوكلات قىلغان بولسىمۇ، ناھىيەدىن ئادەم ئەۋەتىپ ھەل قىلىپ بەرمىگەن. كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە كۆچۈپ كېتىپ ئەسلىدىكى 300 دىن كۆپرەك ئاھالىدىن ئاران 30 دىن كۆپرەك ئاھالە قالغان. ئاھالىلەر لى ھاكىمغا ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ مۇنداق دېگەن: بۇ يىل يەر بېجىنى تۆلەيمىز دېسەك، ئائىلە سەرەمجانۋە بالىلىرىمىزنى ساتمىساق بولمايدۇ دەپلا يىغلاپ ـ تىزلىنىپ ئولتۇرغان. بۇ ئىشنى كۆرگەن لى يۈنياڭ ناھايىتى ئېچىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇقىرىغا دوكلات يوللاپ بۇ كەنتنىڭ دېھقانلىرى تاپشۇرىدىغان يەر بېجىنى كۆتۈرۈۋەتكەن ھەمدە قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ يېزىدا يېڭىدىن بىر ئۆستەڭ ئېغىزى ياساپ، ساجا كەنتىگە بارىدىغان بىر ئۆستەڭ پىلانلىغان. بىرقانچە كەنتتىكى دېھقانلار سايمانلىرىنى ئېلىپ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەملەشكەن. ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن بۇ كەنتنىڭ سۇ مەسىلىسى ھەل بولۇپ، پۇقرالار لى ھاكىمنى ياخشى باشلىق دەپ ماختاشقان.

شۇ يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىشتىن ئىلگىرى لى يۈنياڭ يېزىلارغا چۈشۈپ كەمبەغەل، نامرات

دېھقانلارغا قەرز پۇل تارقاتقان. مارالبېشىدىكى كەمبەغەل-
نامرات دېھقانلارنىڭ يېرى، كالىسى يوق، ئۇرۇقلۇق يوق-
دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئازدى. دېھقانلار تارىختىن
بېرى پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغان.
دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن كەتمەننىمۇ ئىجارىگە ئېلىپ
ئىشلىتىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە قالدۇرغاچقا كەتمەن
ئۇپراپ، چۇلدىسىلا قالغان. پۇل بولمىغانلىقتىن يېڭى-
نى سېتىۋالالمىغان. لى يۇنياڭ قەشقەر مەمۇرى مەھ-
كىمىسىنىڭ باشلىقىغا يوللىماقچى بولغان دوكلاتىنىڭ بىر
قۇرىغا مۇنداق يازغان: «ھۆكۈمەت ئىلگىرى كۆپ قې-
تىم قەرز پۇل تارقاتقان بولسىمۇ، كۆپ قىسىم پۇل يايى
ئەمەلدار ياكى ئۇلارنىڭ قوۋۇم-قېرىنداشلىرىنىڭ قولى-
غا چۈشكەن. كەمبەغەل دېھقانلار بۇ پۇلدىن بەھرىمەن
بولالماي ئەتىياز كەلگەندە دېھقانچىلىق قىلىشقا ئامال-
سىز قالغان.» لى يۇنياڭدىن ئىلگىرى ھاكىم بولغان كى-
شى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى بەگلەرگە تارقىتىپ بەر-
گەچكە، بەگلەر بۇ پۇلغا تايىنىپ دېھقانلارنى ئېكىسپى-
لاتاتسىيە قىلغان. لى يۇنياڭ قەرز پۇل تارقىتىش ئۇ-
سۇلىنى ئۆزگەرتىپ بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك پۇلىغا تۆ-
مۈر ئالدۇرۇپ كەتمەن سوقتۇرغان ھەمدە ئۇرۇق سېتى-
ۋېلىپ، ئۆزىنىڭ كاتىپى بىلەن كەتمەن، ئۇرۇقنى كەم-
بەغەل - نامرات دېھقانلارنىڭ قولىغا تارقىتىپ بېرىپ،
يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ما-
ددىي جەھەتتىن ياردەم قىلغان.

1941 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكى ۋە تۈرتكىسىدە شىنجاڭدىكى كەڭ يېزا چارۋىچىلىق رايونلاردا فېئودالىق يېزا باشقۇرۇش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ رايون - كەنت باشلىقلىرىنى تاللاپ سايلاش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇش بىلەن بىر چاغدا، يولداش ماۋزېمىن تەشەببۇس قىلغان شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش زايوم تارقىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلغان.

يولداش لى يۈنياڭ ئۇچاغدا تېخىمۇ ئىلھاملىنىپ تولۇق غەيرەتكە كەلگەن. ئۇ، ھېرىپ - چارچىغىنىنى بىلمەي خىزمەت قىلغان. يېزىغا چۈشكەندە نەچچە كەنتكە مېڭىپ بېرىپ ئارام ئېلىش كۈنلىرىمۇ دەم ئالمايان. مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللىماقچى بولغان دوكلاتىغا لى يۈنياڭنىڭ 1941 - يىلى 6 - ئاي مەزگىلىدە بەش يېزىغا بارغان. يەنى سېرىقبۇيا، ئاۋات، دۆۋە قۇم، ئاقدۆڭ، قاتارلىق كەنتلەرگە بېرىپ رايون - كەنت باشلىقىنى ئۆزگەرتىپ سايلاش ۋە زايوم سېتىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنلىكى يېزىلغان.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى لى يۈنياڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ ناھىيىدىن يولغا چىقىپ 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە بەش يېزىنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە باشلامچىلار يىغىنىنى چاقىرىپ، سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تەشۋىقات گۇرۇپپىسىدىن ئۈچنى قۇرغان. شۇ كۈنى كەچتە يەنە سېرىقبۇيىغا يېتىپ بارغان. 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

سېرىقبۇيىدا باشلامچىلار يىغىنى چاقىرىپ تەشۋىقات كۆ-
رۈپپىسىدىن سەككىزنى قۇرغان. شۇ كۈنى كەچتە ئاۋاتقا
يېتىپ بارغان. 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاۋاتتا باشلامچى-
لار يىغىنىنى چاقىرىپ تەشۋىقات گۇرۇپپىسىدىن بەشنى
قۇرغان؛ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە بىر يېزا بازىرىغا يې-
تىپ بېرىپ زايوم سېتىش دېھقانلار چوڭ يىغىنىنى ئاچ-
قان. قاتناشقانلار 700 دىن كۆپرەك كىشى بولۇپ، نەق
مەيداندا زايوم سېتىپ چۈشكەن نەق پۇل 600 يۈەن، تى-
زىملاتقان زايوم 1400 يۈەندىن كۆپرەك بولغان.
6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يول ياسىغاندا ئىشلىگەن
ئىش ھەققى ۋە پەيلى (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەي-
دانى) ئىككى ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەر داۋاسىنى
بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن مەكتەپكە بېرىپ، شولياڭ (ج ك
پ ئەزاسى) بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن شۇ كۈنى كەچ-
تە مەكتەپتە قونۇپ قالغان. 6 - ئاينىڭ
6 - كۈنى ئاۋاتقا قايتىپ رايون، كەنت
باشلىقلىرىنى ئۆزگەرتىپ سايلاش چوڭ يىغىنىنى ئاچقان.
6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاقدۆڭگە بېرىپ باشلامچىلار يى-
غىنىنى چاقىرىپ سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ شۇ
كۈنى كەچتە دۆۋە قومغا يېتىپ بارغان.
6- ئاينىڭ 8-كۈنى ئاقدۆڭگە قايتىپ كەنت باشلىقلىرىنىڭ
سايلام يىغىنىنى ئاچقان. 6-ئاينىڭ 10-كۈنى ئاقدۆڭدە زا-
يوم سېتىش دېھقانلار چوڭ يىغىنىنى ئاچقان. يىغىندا كەل-
گەنلەر 800 دىن كۆپرەك ئادەم بولۇپ، زايوم سېتىپ چۈشكەن نەق
پۇل 600 يۈەن، تىزىملاتقان زايوم 600 يۈەندىن كۆپرەك بولغان.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سەھەر چىقبۇيىغا قايتىپ رايون، كەنت باشلىقلىرىنى سايلاش يىغىنىنى چاقىرغان. يىغىنغا قاتناشقانلار 1000 ئادەمدىن كۆپرەك بولۇپ، شۇ كۈنى كەنت، رايون باشلىقلىرىنى سايلىغان. 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى زايوم سېتىش چوڭ يىغىنى ئېچىپ شۇ كۈنى كەچتە دۆڭقوتانغا قايتقان. 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دۆڭقوتان رايونىدا كەنت باشلىقلىرىنى سايلاش ۋە زايوم سېتىش چوڭ يىغىنىنى ئېچىپ، شۇ كۈنى كەچ سائەت 11 دە ناھىيىگە قايتقان. شۇ قېتىم لى يۈنيانىڭ 12 كۈن يول يۈرۈپ ساتقان زايومى 3370 يۈەن، تىزىملاتقانلار 4000 يۈەنلىك بولۇپ، 8000 يۈەن ئەتراپىدا بولغان.

لى يۈنيانىڭ ھەر مىللەت ياشلىرى بىلەن دوست بولۇشقا ئامراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرى ئۆيىگە كېلىپ ئويناشنى قارشى ئالاتتى ھەمدە ئۇلارغا ئىنقىلاب قىلىشنىڭ يولىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئىلغار سەۋىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى تەييارلاپ ناخشا ئېيتىش ئارقىلىق ياپونغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئىنقىلاب قىلىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بەزى كىشىلەر، مەسىلەن: مۇسا سايىت قاتارلىقلار ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبىرى بولۇپ قالدى.

40 يىل ئۆتۈپ كەتتى. مارالبېشى خەلقى لى يۈنياڭنى ياد ئەتكەچكە، خەلق ئارىسىدا لى ھاكىم توغرۇلۇق سۆزلەر تارقالغان. لى ھاكىم سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسىغا

ئىشلىگەندە خالڭ سوققان، يول قۇرۇلۇشى قىلغاندا زەي-
پىل كۆتەرگەن. ئۇ خەلقىنىڭ دەرد - ئەلەملىرىگە كۆڭۈل
بۆلگەن. ئايالى ۋۇنەيىيەن سۇ تالىشىپ يارىدار بولغان
دېھقانلىرىنىڭ يارىسىنى تازىلاپ يۇيۇپ دورا بىلەن تاڭغان.
ئۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە
ھۆرمەت قىلاتتى. دائىم ئۇيغۇرلارنىڭ بادام دوپپىسىنى
كېيىپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ خەلقنىڭ ئەھ-
ۋالىنى ئىگىلەيتتى. سىرتقا چىققاندا چاپىنىنى باشقىلار-
نىڭ كۆتۈرۈشىگىمۇ يول قويمايتتى ھەمدە كۆپچىلىكنى
ئوخشاش بولۇشقا تەربىيە قىلاتتى. مارالبېشى خەلقى
ناخشا - قوشاقلار ئېيتىپ لى ھاكىمنىڭ ئانار كۆلدە ئىش-
لىگەن ئىش ئىزلىرىنى مەدھىيىلىگەن: «ئانار كۆلى پۈتۈپ
بەخت ئۇرۇقى تېرىلدى؛ لى ھاكىمغا ھەشقاللا، سىزنى مەڭ-
گۈ ياد ئېتىمىز».

لى يۈنياڭ مارالبېشىنى گۈللەندۈرۈشتە كۆپ ئىشلارنى
قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يەنە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلماقچى
بولغاندا، لى يۈنياڭنىڭ شىسەيىنىڭ دىخۇاغا يۆتكەش ئۇق-
تۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدۇ. 1942 - يىلى 7 .- ئايدا لى
يۈنياڭ قەشقەردىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ دىخۇاغا يۈرۈپ
كېتىدۇ. شۇ چاغدا ماشىنا مارالبېشىدىن ئۆتكەندە ما-
شىنىدىن چۈشۈپ بىر سائەتتىن كۆپرەك توختاپ ئايرى-
لىشقا كۆزى قىيمايدۇ.

لى يۈنياڭ دىخۇاغا يۆتكەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ-
دىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بى-
لەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە كىرىدۇ. لى يۈنياڭ

4 - تۈرمىدىكى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئەتلىرىدىنى
نەچچە قېتىم جاپالىق يېڭىلمەس ئاچارچىلىق كۈرىشى
ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەپ قاتتىق سىناقلارنى بېشىدىن
ئۆتكۈزىدۇ، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى غەلىبە قىل-
لىدۇ. 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى لى يۈنيالىڭ ۋە
باشقا 130 نەپەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزا-
لىرى كوللېكتىپ گۇناھسىز قىلىنىپ قويۇپ بېرىلىپ يەن-
ئەنگە قايتىدۇ.

## پارتىيىنىڭ قەشقەردىكى ئاياللار خىزمەت پېشۋاسى -- ۋۇ نەييەن

ۋۇ نەييەن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيشەن ناھىيىسىدىن،
1914 - يىلى تۇغۇلغان، گۇاڭدۇڭ ئۆل-
كىسىدە قۇرۇلغان قىزلار دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئو-
قۇغان، 1935 - يىلى ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇغان ھەمدە
ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان، 1936 - يى-
لى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، 1937 - يى-
لى دۆلىتىمىزگە قايتىپ يەنئەنگە بارغان، 1939 - يىلى
پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن شىنجاڭغا كېلىپ خىز-
مەت قىلغان، 1942 - يىلى 9 - ئايدا شىڭ شىسەي تەرە-
پىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە كىرگەن، 1946 - يىلى
6 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇتقۇزۇشى
بىلەن قويۇپ بېرىلىپ يەنئەنگە قايتقان. ئازادلىقتىن
كېيىن ئۇ مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ تەشۋىقات
بۆلۈم تەربىيىلەش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، «جۇڭگو ئايال-

لىرى» نىڭ تەھرىرى، جياڭشى سانائەت ئىنىستىتۇتىنىڭ
پارتكوم سېكرېتارى، جۇڭگو پەن - تېخنىكا داشۆسىنىڭ
پارتكوم مۇئاۋىن سېكرېتارى، جەنۇبىي جۇڭگو دارىلپۈ-
نۇنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتە-
گەن، 1985 - يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

1939 - يىلى 6 - ئايدا ۋۇنەييەن پارتىيە گورۇپ-
پىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە يولداش لى يۈنياڭنىڭ ئائى-
لە تەۋەسى سۈپىتىدە قەشقەرگە خىزمەتكە كېلىپ، قەشقەر
يېڭىشەھەردە قۇرۇلغان قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇت-
قۇچىلىقىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ تۇرمۇشتا ئاددىي - ساد-
دا، خىزمەتتە ئاكتىپ، بىلىمى مول بولۇپلا قالماي، بەل-
كى يەنە كەمتەر، ئېھتىياتچان، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق
ئىدى.

يېڭىشەھەردە قۇرۇلغان باشلانغۇچ مەكتەپتە ئالتە
سىنىپ، 100 دىن كۆپرەك ئوقۇغۇچىسى بار
ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى نىكاھلانغان بولۇپ،
ئىنتىزامى بوش، ئائىلە ئىشلىرى ئۈچۈن رۇخسەت سو-
رايدىغانلار كۆپ ئىدى. ئاران 5 - 6 نەپەر مۇئەللىمە
بار ئىدى. ۋۇنەييەن مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ
گۇڭچەنداڭ ئەزالىق سالاھىيىتى، ياپونىيىدە ئوقۇغان،
يەنئەن ياپونغا قارشى ئالىي مەكتەپتە ئايال ئوقۇغۇ-
لار ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولغان سىناۋژدىنى
كىشىلەرگە پەش قىلماي ياكى ئۆزىنى چوڭ تۇتماستىن
بەلكى كەمتەرلىك بىلەن پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى،
ئىشچى - خىزمەتچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئائىلە باشلىقلىرى بى-

لەن ئىنتىلىپ قىلىشىپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە مەكتەپ-
نى ياخشىلاشقا ھەسسە قوشقان. مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا
قايسى دەرسنى بېرىشكە تەقسىم قىلسا شۇ دەرسنى بەر-
گەن، ئەزەلدىن تاللاش - تارتىش قىلمىغان. دەرستىن
سىرتقى خىزمەتلەردە كۆپ ئىشلىگىلى بولىدىغانلىرىنى
ئىمكان قەدەر ئىشلىگەن. ئۇ دائىم ئائىلە زىيارىتىنى ئې-
لىپ بېرىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرداش دوس-
تى بولۇپ قالغان.

ئەينى چاغلاردا يېڭىشەھەردە ئوغۇللار، قىزلار باش-
لانغۇچ مەكتەپىدىن ئىككىسى بولۇپ، ياپونغا قارشى تەش-
ۋىق ئېلىپ بېرىش ۋە ئىئانە توپلاشتەك ئىجتىمائىي پا-
ئالىيەت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. تەشۋىقات نومۇر-
لىرىنى قويۇش ۋەزىپىسى ئېغىر بولسىمۇ، ئەمما مۇۋاپىق
سەھنە ئەسەرلىرىنى رېپتىس قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلى-
دىغان مەخسۇس ئادەممۇ يوق ئىدى. ۋونەيېمىنىڭ ئوپې-
را، ناخشا ئېيتىش، ئۇسۇل ئويناش ئۆز كەسپىي بولمىسىمۇ
ئەمما ئۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ يەنئەندە
كۆرگەن بەزى ئوپېرا قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئۆز-
گەرتىپ يېزىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئويۇن كۆرسىتىشىگە يېتەك-
چىلىك قىلىپ، سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن تەمىنلىگەن.
1940 - يىلىنىڭ بېشىدا جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆ-
مىكى قەشقەرگە كەلگەندە، ۋونەيېمىن يەنئەندە ئورۇنلىس-
غان «يېزا تىرىلوگىيىسى» نى ئۆزگەرتىپ ئۆزى سەھ-
نىدە ئورۇنلىغان، يەنە ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇنىڭ يولدىشى يولداش لى يۈنياڭنى

ئىسكىروپكا چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. بۇ قېتىم-
لىق ئويۇن ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، يەنە مۇ-
كاپاتلاشقا ئېرىشكەن.

ۋۇ نەيىن ياپونغا قارشى تەشۋىقات خىزمىتىنى ئې-
لىپ بېرىش ئۈچۈن ماي بوياق رەسىملەرنى لايىھىلەپ،
سىزىپ، كونىشەھەر - يېڭىشەھەرنىڭ كوچىلىرىغا يوپۇش-
تۇرغان. مەكتەپ ئۆي سېلىشتا چىرتيوژ يوق قىيىنالغاندا
ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ،
لايىھىلەش، ئۆلچەش، سىزىش خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە
ئالغان. 1983 - يىلى ۋۇ نەيىن ئەسلىدىكى رايون باشقۇر-
غان قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىگە قايتا زىيارەتكە كەل-
گەندە، (ھازىرقى يېڭىشەھەر 2-باشلانغۇچ) ئۇ ئىلگىرى لايىھى-
لىگەن مەكتەپ ئەسلىھەلىرىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى
كۆرگەن.

ۋۇ نەيىن كۆپ تەرەپتىن تالانتلىق بولۇپ، خىزمەت-
نى بېرىلىپ ئىشلەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئائىلە باش-
لىقلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. 1940 - يىلى باھار
بايرىمىدىن كېيىن قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ خى-
ۋامىننىڭ ئەخلاقى بۇزۇق بولغاچقا ۋەزىپىدىن قالدۇ-
رۇلغان. ۋۇ نەيىن بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى
ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن. ئۇ مۇدىر بولغاندىن كېيىن
تۇرلۇك ئۇسۇل-چارىلەر بىلەن مەكتەپنى ياخشى باشقۇ-
رۇپ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرگەن. ئۇ يەنە دەرس بې-
رىشنى داۋاملاشتۇرۇپ بالدۇر قوپۇپ، كەچ يېتىپ تاپ-
شۇرۇق تەكشۈرگەن. مەكتەپتىكى ساۋاقداش خۇاڭ دوڭ-

مىي ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىرگە يېتىپ - قوپقاچقا
ئۇنىڭ ماقالە ۋە ماتېرىيال يېزىشىغا سەۋرچانلىق بىلەن
يېتەكچىلىك قىلغان (خۇاڭ دۇگېيىنىڭ ھازىرقى ئىسمى
خۇاڭ شۇشىن بولۇپ، ۋىلايەتلىك يېمەك - ئىچمەك شىر-
كىتىدىن پېنسىيىگە چىققان كادىر). بەزى ساۋاقداشلار
ئويۇن قويۇشقا قاتناشقاچقا ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىدى-
غان بەزى ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلىشقا توغرا كېلەتتى.
شۇڭا ئۇ ئائىلە باشلىقلىرىغا سەۋرچانلىق بىلەن چۈ-
شەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مەكتەپ خىزمەتلىرىنى قوللىشى-
نى قولغا كەلتۈرگەن. يولداش ۋۇ نەيمىن خاتىرىسىنىڭ قۇر-
لىرىغا مۇنداق ئەسلىمىلەرنى يازغان: «مەن قىسقىغىنا
بىر يىل قىزلار مەكتىپىدە ئىشلەش جەريانىدا زېھنىي كۈ-
چۈمنى تولۇق سەرپ قىلىپ، يالقۇنلۇق ياشلىقىمنى ۋە ئۆ-
زەمنىڭ قان - تەرىمنى مەكتەپ خىزمەتلىرىگە بېغىشلى-
دىم».

ۋۇ نەيمىن مەكتەپ تۈزۈمىنى جانلاندۇرۇش ئۈ-
چۈن ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنى، ناخشا ئېيتىش ئەت-
رەتلىرىنى قۇرۇپ، دائىم دىگۈدەك ئوغۇللار مەكتىپى،
قىزلار مەكتىپىدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇ-
غۇچىلارنى يېتەكلەپ ھەر ناھىيىسىنىڭ چوڭ يىغىن ئاچىدىغان
مەيدانىنىڭ رەسمىي سەھنىسىدە ئويۇن قويۇپ ياپونغا
قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىئانە توپلاشقا تەش-
كىللىگەن. شۇ چاغدا «يېڭى قىز ئوقۇغۇچى»، «ياپونغا
قارشى جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىلەرگە كىيىم تىكىپ بې-
رىش»، «ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇ-

تولدۇرۇش» قاتارلىق ناخشا ئوپېرالارنى ئورۇنلىغان.

ۋۇ نەيىيەن يەنە قىزلار مەكتىپىدە ۋە ئوغۇللار مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، «ئائىلە بۈيۈك سىياسەت»، ئاممىباپ پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد ئۆگىنىشكە تەشكىللىگەن. ئۆگىنىش ئۇسۇلى باشقىلارنى دەرس بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، كىچىك گۇرۇپپىلار بويىچە مۇزاكىرە قىلىش، چوڭ گۇرۇپپىلار بويىچە سۆزلەش بولغان. ۋۇ نەيىيەن ئۆگىنىشتە باشلامچى بولۇپ، ئەستايىدىل ھالدا ھۆكۈمەت سىياسىتى ۋە ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگەنگەن. ئۆگىنىشتىكى سىناق نەتىجىسى دائىم بىرىنچى دەرىجىلىك بولغان.

ۋۇ نەيىيەن يەنە ئوقۇغۇچىلارنى دالا مەشقى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش، ئىنقىلابىي ھېكايىلەرنى سۆزلەش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللىگەن. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقى ئۇرغۇغان. ئىلگىرى جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ مەكتەپتە جانلىق كەيپىيات بارلىققا كەلگەن. ئوقۇغۇچىلار ئىنتىزامغا بويسۇنۇپ ۋاقتىدا مەكتەپكە كېلىدىغان، ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىدا بەس - بەس بىلەن سۆز قىلىدىغان بولغان. ئادەتتە يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتىن سۆز ئاچماي قول - قولغا تەگمەي ئۆگىنىدىغان بولغان. ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ناخشا ساداسى ئۇ چاغدىكى مەكتەپنىڭ جۇشقۇن ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ جانلاندۇرۇۋەتكەن.

رايون باشقۇرغان قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئايال-
لار ئۆگىنىش كەچ كۇرسى سىستىمىسىنى قۇرۇپ ۋۇنەييەن سى-
نىپ مۇدىرلىقىنى ئۆتىگەن ھەمدە ئۆزى دەرس بەرگەن.
ئۇ دائىم دەرس باشلاشتىن ئىلگىرى ياپونغا قارشى تۇ-
رۇش داخشىمىسىنى ئۆگىتىپ ئۆگىنىش- تۇرمۇشىنى بېيىتقان.
ۋۇنەييەن قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە خەلق
كەچ كۇرسى مەكتىپىنى چۆرىدەپ قەشقەردە ئاياللار خىز-
مىتىنى ئىشلىگەن. قەشقەردە تارىختىن بېرى فېئودال-
لىق، دىنىي ئاڭ ناھايىتى قويۇق بولۇپ، كەڭ ئاز سان-
لىق مىللەت ئاياللىرى تولىمۇ خورلانغان. كەڭ ئايال-
لارنى فېئودال دىنىي كۈچنىڭ ئاسارىتى ۋە ئىزىشىدىن
تەدرىجى ئازاد قىلىپ، ئاياللارنىڭ ھوقۇق- مەنپەئەتىنى با-
راۋەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ۋۇنەييەن ئاكتىپلىق
بىلەن «قەشقەر ئاياللار ئۇيۇشمىسى» نى قۇرۇشقا تەييارلىق
قىلغان. شۇ چاغدا قەشقەر ئاياللىرىدا فېئودال خۇراپا-
لىق ئۆرپ - ئادەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بول-
غانلىقتىن ئاز سانلىق كىشىلەر مەكتەپ، دوختۇرخانىدا
خىزمەت قىلغاندىن سىرت، باشقا تارماقلاردا ئاياللار-
نىڭ ئورنى يوق ئىدى. ۋۇنەييەن قىزلار مەكتىپى ۋە
خەلق مەكتىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى تايانچ قىلىپ ئور-
گانلارنىڭ باشلىقى نەدە بولسا ئىزدەپ تېپىپ ئۇلارنى
ئۆزلىرىنىڭ قىز- ئاياللىرىنى ئىلھاملاندۇرۇپ ئاياللار
ئۇيۇشمىسىگە قاتناشتۇرۇشقا دەۋەت قىلغان. ۋۇنەييەن تى-
رىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق بۇ خەۋەر قەشقەردىكى
ھەر ساھەدىكى ئىلغار ئاياللار ئارىسىدا تارقىلىپ

«قەشقەر ئاياللار ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن قەشقەردە تارىختا تۇنجى قېتىملىق ئاياللار تەشكىلى قۇرۇلغان. (كېيىن بۇ ئۇيۇشمىنىڭ نامى «شىنجاڭ ئاياللار ئۇيۇشمىسى قەشقەر تارماق ئۇيۇشمىسى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن). 1940 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قەشقەر ئاياللار ئۇيۇشمىسى داغدۇغىلىق قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئاچقان. ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلار يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىگەن. قەشقەر ساقچى شىتابىنىڭ باشلىقى جاڭ يۇفېڭنىڭ ئايالى مۇدىرلىقتا، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سابىتنىڭ ئايالى ۋە ۋۇنەيىمىنلار مۇئاۋىن مۇدىرلىقتا سايلانغان. قەشقەر ئاياللار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاياللارنى مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە، يېڭىشەھەر قىزلار مەكتىپى، خەلق مەكتىپىنى ئاساس قىلىپ ئويۇن قويۇپ، ياپونغا قارشى تەشۋىقات ئىئانە يىغىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ياپونغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىلەرگە پاختىلىق چاپان، لاتا خەي ئىئانە قىلىشقا تەشكىللىگەن. ھەر يىلى «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى، ئۆكتەبىر بايراملىرىدا ئاياللار چوڭ يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش ۋە ئاياللارنى ئازاد قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا تەشۋىق قىلغان. «ئاياللار ئۇيۇشمىسى» نىڭ كادىرلىرى ۋە ئاكتىپلار دائىم ئائىلە ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئائىلە جېدەل - ماجىرالىرىنى ھەل قىلغان. بۇنىڭ بىلەن كەڭ ئاياللار «ئاياللار ئۇيۇشمىسى» نىڭ ئاياللارنى دەرد - ئەلەمدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئازادلىققا قولغا كەل-

ئۆرنىدىغان تەشكىلات ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇلار
چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېگەن: «ئىلگىرى
دەرد - ئەلەم تارتىپ خانىش ئانىلىرىمىزنىڭ ئەرۋاھىغا
دۇئا سېلىپ، ياغ پۇرۇتۇپ يىغلايتتۇق، ھازىر «ئانىلار
ئۇيۇشمىسى» بىزگە ياردەملىشىپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ
بەردى. شۇنىڭ بىلەن مازارلىقتا بېرىپ خاتىرجەملىك
توغرىسىدا دۇئا - تالاۋەت قىلمايدىغان بولدۇق» دېگەن.
ۋۇنە يېزىسىنىڭ خىزمەتلىرى تەدرىجى ئالغا ئىلگىرى-
لەۋاتقاندا، 1940 - يىلى 6 - ئايدا لى يۇنياك مارال-
بېشىنىڭ ھاكىملىقىغا يۆتكەلگەچكە، ۋۇنە يېزىسىمۇ مارالبېشى-
غا يۆتكەلدى. ۋۇنە يېزا مارالبېشىغا يۆتكەلگەندىن كې-
يىن مىللىي ئۆرپ - ئادەتكە ئېتىبار بىلەن قاراپ
رەسمىي خىزمەتكە تەقسىم قىلمايدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتنى چىق-
قىش قىلىپ ئۆزىگە ماس كېلىدىغان نۇرغۇن خىزمەتلەرنى
تېپىپ ئىشلەيدۇ. ئۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دوكلات
ھۆججەتلىرىنى تەييارلاپ، ئاخبارات يېزىپ، خەۋەرچىلىك
خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ناھىيىنىڭ كاتىپلىق خىز-
مىتىگە مەسئۇل بولىدۇ؛ يەنە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە
ساۋات چىقىرىش سىنىپى ئېچىپ خەنزۇ ئاياللار ۋە بالى-
لارنى تەشكىللەپ ئۇلارغا ھېساب، تىل - ئەدەبىيات،
ناخشا ئېيتىشنى ئۆگىتىدۇ. ھەمدە ئۇلارنى بەزى
ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا يېتەكلەيدۇ.
ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانا، زال ياسىماقچى بولغاندا،
ھەم رايون، يېزىلار ناھىيە ئىچىگە ئىش بېجىرىش ئورۇن-
لىرى ياسىماقچى بولغاندا، ۋۇنە يېزا تەشەببۇسكارلىق بى-

لەن قۇرۇلۇش لايىھەلەش چىرتوۋلىردىنى سىزدىشنى ئۆز ئۈس-
تىگە ئېلىپ، زال، ئىشخانىلارنىڭ ناھايىتى تېز پۈتۈشى-
گە ياردەم قىلىدۇ. شۇ چاغدا مارالبېشى ناھىيەسىدە تى-
خى داۋالاش سەھىيە ئورگىنى قۇرۇلمىغان بولۇپ، ئاممى
چېچەك، قىزىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسىنى سالدۇ-
رۇشقا ئادەتلەنمىگەن. ۋۇنە يىيىن قەشقەردىن بەزى چې-
چەك، قىزىل ۋاكسىنا سايمانلىرى سېتىۋېلىپ
كېلىپ، ناھىيە ئەتراپىغا يېقىن ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىغا
ۋاكسىنا سالدۇرۇپ قويغان.

ۋۇنە يىيىن بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە شارائىت
ياراتقاندىن كېيىن، مارالبېشىدا ئاياللار ئويۇشمىسى قۇ-
رۇشقا تەييارلىق قىلغان، مارالبېشى فېئودالى-
لىق ناھايىتى قويۇق تۇس ئالغان بىر جاي بولۇپ، ئايال-
لار ئىقتىسادتا مۇستەقىل بولماي، پۈتۈن كۈنلىرى ئائى-
لە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ بىر قۇر يېڭى كىيىم
ئېلىپ كىيىشكىمۇ مۇيەسسەر بولالمىغان، ئۆيدىن چىقىپ
ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش تېخىمۇ تەس بول-
غان. ۋۇنە يىيىن مارالبېشىدا قۇرۇلغان قىزلار مەكتىپىنىڭ
ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرلىرىنى ئاساسىي تايانچ قى-
لىپ، ئورگانلاردىكى كادىرلار ئائىلىلىرى بىلەن ئىتتىپاق-
لاشقان. 1940 ـ يىلى «7 ـ ئىيۇل» ياپونغا قارشى ئۇرۇش-
نى خاتىرىلەش كۈنىدە « شىنجاڭ ئاياللار ئويۇشمىسى ما-
رالبېشى ناھىيىلىك تارماق ئويۇشمىسى» نى قۇرغان، ھەم-
دە مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالغان. مۇئاۋىن مۇدىرلىققا
قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى

تونسا ئەمەن سايلانغان. كېيىن ھەر قايسى
رايونلاردا ئاياللار كۇرۇپپىلىرى، كىچىك كۇرۇپپىلار قۇرۇ-
لۇپ، كۇرۇپپا باشلىقلىرىنى سايلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاياللار-
نى ئەمەلىيەتتىن چىقىپ ئاياللار ئۆيۈشمىسىنىڭ تولۇق پائا-
لىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىنغان. ئاياللارنى ئىق-
تىسادتا مۇستەقىل بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاياللارنىڭ
ئازادلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاياللار ئۆيۈشمىسى-
نىڭ رەھبەرلىكىدە ئاياللار ئىشلەپچىقىرىش كىچىك گۇ-
رۇپپىلىرىنى قۇرغان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تېتىكى ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىلىرىنى ۋە باشقا ئورگانلاردىكى
ئاياللارنى ئىشلەپچىقىرىش كىچىك گۇرۇپپىلارغا قاتنى-
شىپ يىپ ئىگىرىپ خام توقۇشقا سەپەرۋەر قىلغان. بەزى
قىزلار توي قىلغاندىن كېيىن ئەرلىرى ئۇلارنى سىرتقا
چىقىشقا قويمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن يىپ ئىگىرىدىغان پاختىنى
ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىپ ئىش مىقدارى بويىچە پۇل بەر-
گەن. ئاياللارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ناھىيە-
لىك ھۆكۈمەت بىر ئېغىز ئۆينى بىكارلاپ ئىككى ئور-
چۇق خام توقۇش دۇكىنى ئورنىتىپ بەرگەن ۋە يېڭى كىچى-
لىك قىلىشقا ئادەم تېپىپ قىزلارنى خام توقۇشنى ئۆگە-
نىشكە ئىلھاملاندۇرغان. شۇ چاغدا بازاردا سېتىلىدىغان
خاملار ئۆز رەڭگىدە كۆرۈمسىز بولۇپلا قالماي بەلكى تو-
قۇلۇشى قوپال ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن رەڭلىك تالالىق تو-
قۇشنى لايىھىلەپ چىقىپ ئىشلەپچىقىرىش كىچىك گۇ-
رۇپپىلىرىنىڭ تولىما، چەكمەن توقۇشىغا شارائىت يارى-
تىپ بەرگەن. بۇ تولىمىلار ھەم سىپتە ھەم ياخشى بولۇپ،

بازارغا سالغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا سېتىلىپ بولغان. ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك ئەجرىدىن كەلگەن پۇلىنى ئېلىپ ناھايىتى خۇشال بولۇشقان. بەزىلىرى يېڭى كۆينەك ئالسا، بەزىلىرى ئائىلە ئىشلىرىغا ئىشلىتىپ ئۆيلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرغان ۋە ئىناق ئائىلىلەرنى قۇرغان. ئىشلەپچىقىرىش كۆرۈپپىسى يىپ ئىگىرىش، ماتا توقۇشتىن باشقا يەنە رومال توقۇپ، دوپپا تىككەن. خەنزۇ ئاياللار كىيىم-كېچەك، ئاياغ كىيىم تىككەن. ئىشلەپچىقىرىش كىچىك كۆرۈپپىسىدىكى ئاياللار يەنە ۋاقىت چىقىرىپ مەدەنىيەت ئۆگىنىپ، بەللە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينىغان، ھەر قېتىملىق ھېيت - بايرام خاتىرىلەش كۈنلىرىدىكى يىغىنلارغا پائال قاتناشقان. شۇنداق قىلىپ ئاياللارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن، ئائىلىسىدىمۇ ئورنى يۇقىرى بولغان.

1941 - يىلى شىنجاڭدا زايوم تارقاتقاندا، ۋۇنەيىن ھەر مىللەت ئاياللىرىنى زايوم سېتىۋېلىشقا ھەرىكەتلەندۈرگەن. ئۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەرگەن تاپشۇرۇش قوللانمىسىنى ياردەملىشىپ كۆچۈرۈپ ئالغان 20 يۈەندەك پۇلىغا باشلامچى بولۇپ زايوم ئالغان. ۋۇنەيىن ھۆكۈمەتنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغا ياردەملەشىش ئۈچۈن ئاياللار ئويۇشمىسىنىڭ بىر نەچچە ئەزاسىنى يېتەكلەپ كالا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، تۇمشۇق، چاۋاغ قا تارلىق رايون، كەنتلەرگە بېرىپ زايوم ساتقان.

1942 - يىلى 4 - ئايدا ۋۇنەيىن قەشقەر ئاياللىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە بېرىپ،

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. ئۇ ئېلىپ بارغان مارالبېشىلىق ئاياللار ئىشلەپچىقارغان ماتا، دوپپا، ياغلىق قاتارلىقلارنى چوڭ يىغىن يەرمەنكىسىگە قويۇپ سېتىپ، ۋەكىللەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. ۋەكىللەر مارالبېشى ئاياللار ئۇيۇشمىسى ئاياللارنى يىپ ئىگىرىش، ماتا توقۇشقا تەشكىللەپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى — پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئاياللار خىزمىتىدىكى ئىجادىيەت، جايلاردىكى ئاياللارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ، دەپ ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىرغان.

ۋۇ نەيىيىن 1942- يىلى 9- ئايدا شىڭ شىسەينىڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، قولغا ئېلىنغان ئايال يولداشلار ۋە كىچىك بالىلار بىلەن شىنخا باچىداۋان تۈرمىسىگە قامالغان. كېيىن 4 - تۈرمىگە يۆتكەپ قاماپ قويۇلغان. ئۇ تۈرمىدا كۈرەش قىلىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەي، پارتىيىگە چەكسىز سادىق بولغان. 1946 - يىلى 6- ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن قويۇپ بېرىلىپ، يەنئەنگە قايتقان.

## پارتىيىنىڭ قەشقەردىكى ئاخبارات - نەشرىيات ئىشلىرى باشلىقى -- ۋاڭمو

ۋاڭ مونىڭ شىنجاڭدا قوللانغان ئىسمى ۋاڭ مۇشىڭ. ئۇ شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شېنفېڭ ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە، 1939 - يىلى 2 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن ھەم شۇ يىلى يەنئەنگە

بىر دەپ ئىنقىلابقا قاتناشقان، 1939- يىلى 10-ئايدا پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭغا خىزمەتكە ئەۋەتكەندىن كې-
يىن شىنجاڭ گېزىتخانىسىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئۈستىگە
ئېلىشقا تەقسىم قىلىنغان. 1940 - يىلى 3 - ئايدىن
1942 - يىلى 2 - ئايغىچە شىنجاڭ گېزىتى قەشقەر شۆ-
بىسىنىڭ تەھرىر باشلىقى ۋە گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقلىقىنى ئۆتىگەن، 1942 - يىلى 9 - ئايدا شىڭشى-
سەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. 1946 - يىلى 6-ئاي-
دا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن قو-
يۇپ بېرىلىپ، يەنئەنگە قايتقان. ئازادلىقتىن كېيىن
غەربىي شىمال «ئاممىۋى گېزىتى» نىڭ باش تەھرىرى، غەربىي
شىمال تەشۋىقات بۆلۈم ئاخبارات-نەشرىيات باشقارمى-
سىنىڭ باشلىقى، مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈم تەشۋىقات
باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەر-
نى ئۆتىگەن. 1965 - يىلى كېسەللىكتىن ۋاپات بولغان.

1940 - يىلىنىڭ بېشىدا ۋاڭ مۇ ۋاڭ باۋخەن باشچى-
لىقىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن قەش-
قەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا كېلىپ يول ئۈستىدە زى-
يارەت ئېلىپ بارغان. شۇ چاغدىكى شىنجاڭ گېزىتىدە:
«دىخۇا يولىدا» (ئۈرۈمچى يولىدا)، «جەنۇبىي شىنجاڭ-
نى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغى-
نى»، «جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرۈش كومىتېتى قەشقەر-
دە»، «يەكەن، قاغىلىق خەلقى چوڭ يىغىنىدا» قاتارلىق
تېمىدىكى بىر قاتار خەۋەرلىرىنى ئېلان قىلغان. باھار
بايرىمىدىن كېيىن ۋاڭ مۇ بۇيرۇققا ئاساسەن قەشقەر-

دە قىلىپ شىنجاڭ گېزىتىنىڭ قەشقەر شۆبىسىدە تەھرىر باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇ يىلى 9 - ئايدا ۋاڭ مۇ لى تىيەنيۇ (ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن دەم ئېلىشقا چىققان) نىڭ ئورنىغا قەشقەر شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتىگەن.

شۇ چاغدا شىنجاڭ گېزىتى قەشقەر شۆبىسىنىڭ تەھرىرى كۈچى ئاجىز بولۇپ، تەھرىرلەش، بېسىش تېخنىكىسى ۋە ئۈسكۈنىلىرىمۇ بىر قەدەر قالاق ئىدى. باسما زاۋۇتىنىڭ ئىككى ھەتىيە ماشىنىسى بولۇپ (بىرى تۆت فورما تىلىق، بىرى ئالتە فورما تىلىق) سۇ كۈچى بىلەن ئايلىناتتى. قوغۇشۇن ھەرپ جەھەتتە ئىسلىدىكى ئامبار قالدۇقىغا تايىناتتى (ئۇنى شېۋىتسار بېيىنىڭ باسما زاۋۇتىدىن)، سېتىۋالغان سوۋېتتىن سېتىۋالغان ئاخبارات قەغەزنىمۇ سوۋېت يېڭى سودا شىركىتى ئارقىلىق يۆتكەپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى. تەھرىر بۆلۈمى ھازىرقى شىمالىي ئازاد يولدىكى مەھمۇردىي مەھكىمە ئائىلە قورۇسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. باسما زاۋۇتىنى ھازىرقى ياۋاغ كۆۋرىكى خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇدۇلىغا ئورۇنلاشتۇرغان. قەشقەر شۆبە گېزىتخانىسى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا گېزىت نەشر قىلاتتى. خەنزۇچە گېزىت تۆت فورما تىلىق شىپىگىراف كىچىك گېزىتى بولۇپ، ئۈچ كۈندە بىر سان چىقاتتى. ئۇيغۇرچە گېزىت مىخ ھەتىيە قوغۇشۇن ھەرپى بىلەن بېسىلىپ ھەر ھەپتىدە ئۈچ سان چىقاتتى.

ۋاڭ مو دەسلەپتە قەشقەرگە كېلىپ شۆبە گېزىتخانىسىنىڭ تەھرىر باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندا، قەشقەر شۆبە گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى لى تيەنيۇ بىلەن كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ قەشقەر نەشرىيات ئىشلىرىنى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدۇرغان. گېزىتتە تەشۋىق قىلىنغان مەزمۇنلار ئىلغار ئىدىيىلىك بولۇپلا قالماي، تىراژى كۆپىيىپ بەلگىلىك تارقىتىش دائىرىسى كېڭەيگەن. خەنزۇچە گېزىتنىڭ ھەر قېتىملىق سانىنى 600 نۇسخا ئەتراپىدا تارقاتقان. ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ ھەر بىر سانىنى 300 نۇسخا ئەتراپىدا تارقاتقان. بۇ گېزىتنى ئۆز رايونىمىزنىڭ شەھەر - يېزىلىرىغا تارقاتقاندىن باشقا يەنە ياقا رايون ۋە سوۋېت ئۆزبېكىستان رېسپوبلىكىسى قاتارلىق جايلارغا تارقاتقان. 1940 - يىلى بۇ گېزىتخانىدا 50 دىن كۆپرەك ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە گېزىت تەھرىرى ئىككى نەپەر، ئۇيغۇرچە گېزىت تەھرىرى ئۈچ نەپەر بولۇپ، يەنە تەرجىمان، باسمىچىلىق ئىشچىلىرى، كەسپىي بۆلۈم خادىملىرى ۋە مەمۇرى باشقۇرغۇچى خادىملارمۇ بار ئىدى.

قەشقەر شۆبە گېزىتخانىسىدا ئەسلى يېڭى خەۋەرلەرنى قوبۇل قىلىپ ئاڭلايدىغان ئۈسكۈنە يوق ئىدى. گېزىتكە «شىنجاڭ گېزىتى» ئارقىلىق خەۋەر قىلىنغان دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى يېڭى خەۋەرلەر بېرىلەتتى. لى تيەنيۇ ئامال - چارە قىلىپ، بىر دانە ئۈچ دولقۇنلۇق بىۋاستە قوبۇل قىلىدىغان رادىئو سېتىۋالغان. ۋاڭ مو بۇ رادىئودىن يېڭى خەۋەرلەرنى كۆچۈرۈپ يازاتتى. شۇ چاغدا سوۋېت

تاشكەنت ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ رادىئو ئىستانسى-
سىسى خەۋەر قىلغان خەۋەرنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. بىر تە-
رەپتىن ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن كۆچۈرۈش ھەققەتەن جا-
پالىق خىزمەت ئىدى. رادىئو كىچىك، شاۋقۇن ئاۋازى كۈچلۈك،
ھاۋا ئىسسىق چاغلاردا ئاۋازنى ئاران ئاڭلىغىلى بولاتتى.
ھەر خىل شاۋقۇن ئاۋاز ئىچىدە قىسقىغىنا يېڭى خەۋەرنى
كۆچۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن جەزمەن پۈتۈن زېھنىي كۈچنى
يىغىنچاقلا توغرا كېلەتتى. ۋاڭ مو بەزى چاغدا يەنە سوۋېت-
نىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا كېلىپ سو-
ۋېتتىن كەلگەن خەۋەرلەرنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئېلان
قىلاتتى.

شىڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتىنىڭ تەدرىجى
ئاشكارىلىنىشىغا ئەگىشىپ قەشقەر شۆبە گېزىتخانىسىدىكى
گۇڭچەندانىڭ ئەزالىرى ۋە تەرەققىپەرۋەر زاتلار ساق-
چىنىڭ رازۋېتكا قىلىشىغا ئۇچرىدى. گېزىتخانا تەھرىر
بۆلۈمىدىكى خادىملار دائىم سىرتقا چىقىپ زىيارەت
قىلالمايدىغان بولۇپ، گېزىتتە ئېلان قىلىنىدىغان يەرلىك
خەۋەرلەر كۆپ بولمىدى، بىر قېتىم ۋاڭ مو يېزىنىڭ ھەقى-
قىي ئەھۋالىنى تەكشۈرمەكچى بولۇپ لى تىيەنيۇ بىلەن
ئاتقا مىنىپ يېزىغا چۈشۈپ زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كو-
نىشەھەر ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىن 20 كىلومېتىر كېلىدى-
غان ئارىلىقتىكى بىر يېزىغا زىيارەتكە بارغاندا مەلۇم
ئادەمنىڭ ئىز قوغلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. شۇ
چاغدا شىڭ شىسەينىڭ ئىشپىيونى كالىنىڭ تىركىدىمۇ كۆپ
ئىكەنلىكى، ئۇلار ئامال قىلىپ يوق يەردىن پوتاق تېپىپ

كۆڭچەندالىق ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلاتتى. شۇڭا ئۇلار كۆپ ھاللاردا يېزىقىغا بارمايدىغان بولۇپ قالغان. ۋاقمۇ ساقچىنىڭ رازۋېدكا قىلىشىغا ئۈچرىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن كېچىلىرى خىزمەتتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئىشلەپ ھەمىشە يېرىم كېچىگىچە ماقالە يازغان.

ۋاقمۇ گېزىتلەردە زور ھەجىملىك باش ماقالە، مۇھاكىمە ماقالىسى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ژانىرلىق ئىلغار ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاق قىلىشىپ ياپونغا قارشى جەڭ قىلىشقا ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ فاشىستلارغا قارشى جەڭ قىلىشىغا يار-يۆلەكتە بولۇشى ئۈچۈن تەشۋىق قىلىپ سەپەرۋەر قىلغان. 1941 - يىلى يېڭى يىلدا ۋاقمۇ يازغان «بىر يىلنى ئەسلەش» ماقالىسىدا بىر يىلدىن بۇيانقى پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قانلىق جەڭ قىلغان شەرەپلىك نەتىجىلىرىنى نامايەن قىلغان. 1941-يىلى جەنۇبىي ئەنخۇي ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋاقمۇ گېزىتلەردە «ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چېپىش»، «ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئازابلاپ»، «دۈشمەننى خوش قىلىش» قاتارلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ شەپقەتسىز ھالدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ پەيدا قىلغان ئىچكى ئۇرۇش قىلىش سۇيىقەستىنى پاش قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جاڭ جيېشى دائىرىلىرىگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغاتقان. 1941 - يىلى 6 - ئايدا سوۋېت -

گېرمان ئۇرۇشى پارتىلىغاندىن كېيىن گېزىتنىڭ مەخسۇس
بېت ئېچىپ سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ گېرمان تاجاۋۇزچى-
لىرىغا قارشى باتۇرانە كۆرەش قىلغانلىقى، سوۋېت خەلقىنىڭ
فاشىستلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئېلىپ بارغان جەڭ خەۋەر-
لىرىنى ئۈزمەي ئېلان قىلغان، شۇنداقلا دائىم ئېقىم مە-
سىلىلىرى توغرىسىدىكى ئوبزورلارنى ئېلان قىلىپ ھەر مىل-
لەت خەلقىنى ياپون - گېرمان فاشىستلىرىغا قارشى ئۇ-
رۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىلھام بەر-
گەن. ئۇنىڭ ماقالىسى ناھايىتى كۆزگە چېلىقارلىق بولۇپ،
ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ گېزىتتە ئېلان قىلىنغاندا
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان.
ۋاڭ مو قەشقەردىكى «جۇڭگو-سوۋېت مەدەنىيەت ئا-
ماشتۇرۇش كومىتېتى» نىڭ باشلىقى بولۇپ، دائىم سوۋېت
گراژدانلىرى كىنوخانىلىرىغا بېرىپ كىنو قويۇشتىن ئىلگىرى
نۇتۇق سۆزلىگەن، ئىشچى - خىزمەتچى، ئوقۇتقۇچىلارغا
خەلقئارا ۋەزىيەت، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىدىن دوكلات
بەرگەن. كىشىلەر ئۇنى «سىياسىي دوكلاتچى»
دەپ ماختىغان. 1941 - يىلى 6 - ئايدا سوۋېت - گېرمان
ئۇرۇشى پارتىلىغاندىن كېيىن، ئۇ نۇتۇق ئېلان قىلىپ
گېرمان تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ سوۋېت بىلەن ئۆز ئارا
تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان-
لىقىدىن تارتىپ 2 - جاھان ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىنى
تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تاجاۋۇز-
چىلىق ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش
ئىشەنچىسىگە ئىلھام بەرگەن. ۋاڭ مو، لى يۈنياڭ

گاۋدىگىداك قاتارلىقلار جكپ ئەزالىرى-
دىن بولۇپ، قەشقەر رايونىدىكى ياپونغا قارشى تۇرۇشقا
ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى ۋە شىنجاڭ خەلقىنىڭ جاھا-
نگىرلىككە قارشى تۇرۇشقا ياردەم بېرىش بىرلەشمە جەم-
ئىيىتىنىڭ قارمىقىدىكى تەشكىللىگۈچى ئەزالىرى ئىدى.
ياپونغا قارشى تۇرۇشقا ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى نا-
ھايىتى جانلىق بولۇپ، ھەر خىل شەكىلدىكى ياپونغا قار-
شى تۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغان، خەلققە
ئىلغار سەۋىيىدىكى ئوپېرالارنى كۆرسەتكەن، خەلقنى يا-
پونغا قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى ناخشىلارنى ئېيتىش،
ئىئانە توپلاشقا سەپەرۋەر قىلغان. لى يۈنياڭ ئەسلىمىلى-
رىدە مۇنداق دېگەن: «مەن ياش ئوقۇغۇچىلارنى ئاساسىي
گەۋدە قىلغان تەشۋىقات دۆيى تەشكىللەپ ئىنقىلابىي ناخ-
شىلارنى ئېيتقۇزغان، ئىلغار ئوپېرالارنى ئوينىغان. گې-
زىتخانىدىكى يولداش ۋاڭ مو ناھايىتى ئىقتىدارلىق بو-
لۇپ بىز ھەمىشە باردى - كەلدى قىلاتتۇق. ئۇ، گېزىتتىن
پايدىلىنىپمۇ بەزى تالاش - تارتىشلاردا زىچ ماسلىشىپ
بىزنىڭ مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش خىزمەتلىرىمىزگە
تېخىمۇ ياخشى ئاساس تۇرغۇزۇپ بەرگەن» دەپ يازغان.

ۋاڭ مو گېزىتخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىياسىي - ئىد-
دىيۋى خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ، قەرەللىك ھالدا باسما زا-
ۋۇتىغا بېرىپ ئىشچىلارغا دۆلەتنىڭ ئىچكى - تاشقى
ۋەزىيىتىنى سۆزلىگەن. ۋاڭ مو ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆ-
ڭۈل بۆلگەن. ئۇ دائىم سوۋېت سودا شىركىتىگە بېرىپ

بازاردا قىس بولغان كىرسىن، ئاق شېكەر، گۈگۈرت قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ ئىشچىلارغا سېتىپ بەرگەن.

1941 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەشقەر رايونىدا ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ۋاڭ مو ۋە كاۋدىڭ باڭ تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتناشقان. بۇ، قەشقەردە ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئىجتىمائىي پەن ئۆگىنىش تەشكىلى ئىدى.

1942 - يىلى 2 - ئايدا ۋاڭ مو شىنجاڭ گېزىتىگە يۆتكىلىپ تەھرىرلەش بۆلۈمىدە تەھرىرلىكنى ئۈستىگە ئالغان. ۋاڭ مو يۆتكەلگەندىن كېيىن ج ك پ ئەزاسى چېن چىڭيۈەن ئاقسۇدىن يۆتكىلىپ كېلىپ قەشقەر گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى بولغان. بىراق، چېن چىڭيۈەن بەش ئاي ئەتراپىدا بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەپ 1942 - يىلى 7 - ئايدا يولداش لى يۈنياڭ بىلەن دىخۇاغا (ئۈرۈمچىگە) يۆتكىلىپ كەتكەن. ۋاڭ مو، چېن چىڭيۈەن قاتارلىقلار شىڭ شىسەي تەرىپىدىن بىرلىكتە قولغا ئېلىنغان. ئۇلار تۈرمىدە تۆت يىل قەتئىي تەۋرەنمەستىن كۆرەش قىلىپ، 1946 - يىلى 6 - ئايدا كوللېكتىپ ھالدا جىنايەتسىز بولۇپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن يەنئەنگە قايتقان.

# يولداش شۆلياڭ توغرىسىدا ئەسلىمە

## ئابدۇقادىر ھېيىت

شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرلىكسەپ پىرىنسىپىغا ئاساسەن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت خىزمىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم كوممۇنىست كادىرلارنى ئەۋەتكەنىدى. ماھىيەتتە ئىشپىيونلار ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىبارەت شىڭ شىسەي ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ھەممە جايىنى ئاق تېرورلۇق قاپلىغاچقا، ئاددىي خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا «جان ساقلاش» تەس بولغانىدى. شىڭ شىسەي ئىشپىيونلىرىنىڭ سىرتمىقى دەستىدىن قىيىلىپ ھالسىرىغان خەلق خۇددى قۇرۇق يەرگە چىقىپ قالغان بېلىق سۇغا تەشنا بولغانىدەك، ئەركىن — ئازادە نەپەس ئېلىشقا ئىنتىزار بولغان. شۇنداق جاپالىق شارائىتتا، پارتىيىمىز ئەۋەتكەن كادىرلار ئىنسانىيەتنىڭ ئازادلىقى، بەختى — سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىسى بويىچە پىداكارلىق بىلەن ئىشلەپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاراڭغۇ كۈنلەر ئىچىدىن ئازراق بولسىمۇ تاڭ نۇرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى؛ فېئوداللىق تۈزۈم ئىسكەنجىسىدە بولغان شىنجاڭنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلار قالدۇردى. يولداش شۆلياڭ ئەنە شۇ

مۇنەۋۋەر كوممۇنىستلارنىڭ بىرى. ئۇ 1938- يىلى يەن-
ئەندىن شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، 1939- يىلىدىن 1943-
يىلغىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقورغان، مەكىت ناھى-
يىلىرىدە ھاكىملىق خىزمەت ئۆتىگەنىدى. مەن ئۇنىڭ
1940- ، 1941- ، 1942- يىللاردا مەكىتتە ھاكىم بولۇپ
تۇرغاندا، خەلق ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن
خىزمەتلىرىدىن كۆرگەن - بىلگەن بىر قىسمىنى كۆرسى-
تىپ ئۆتمەكچىمەن:

يولداش شۇلياڭ تاشقورغان ناھىيىسىدىن مەكىت
ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەن بولۇپ، پىشقەدەملەرنىڭ
ئېيتىشىچە، شۇ چاغدىكى تۇرمۇش ھالىتى خۇددى تاجىك-
لارغا ئوخشايتتى: ئۈچىسىغا يەرلىكتە توقۇلغان مەللە
يۇڭ چەكمەن چاپان، بېشىغا تاجىكلارنىڭ چۆرىسىگە قا-
را كۆرپە توقۇلغان ئۆرە تۇمىقى، پۇتىغا چورۇق ئۈتەك
كېيىۋالغان. ئىش تاپشۇرۇپ ئېلىش رەسمىيىتى ئاددىي
بولۇپ، داغدۇغا پەيدا قىلمىغان، ھېچقانداق سوۋغا-سا-
لام قوبۇل قىلمىغان. مەن ئۇنى دەسلەپكى قېتىم ئوقۇت-
قۇچىلار ئۆگىنىش كۇرسىدا كۆرگەنىدىم. مۆلچەرىمچە، شۇ-
چاغدا يېشى 40 ئەتراپىدا بولسا كېرەك. بويى ئېگىزگى-
نە، چىرايى ئاقسېرىق، تۇرقىدىن ئويچان، تەمكىن، ئىل-
لىق كۆرۈنەتتى. قوپاللاراق مەللە يۇڭ چەكمەن چاپان،
كەمپۇلات (ئاددىي بىر خىل زاۋۇت رەختى) شىم، ئاددىي
رەختتىن كەپكە كەيگەن بولۇپ، ھاكىم بولغان بىر كىشى-
نىڭ مۇنداق ئاددىي - ساددا تۈسىگە ھەيران قالغانىدىم.
ئوقۇتقۇچىلارمۇ زوقلىنىپ تەرىپلەشكەن. كېيىن بىر

قانچە قېتىم كوچا-بازارلاردا تەرجىمان بىلەن ئايلى-
نىپ ئامما ئىچىگە كىرىپ، ئاددىي خەلق بىلەن كەلگەن
يېرىدىلا سۆزلىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇچراتتىم. شۇنداق
قىلىپ ئۇ، خەلقنىڭ قانداق كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى
چۈشەندى، ئىمارەت دېھقانلارنىڭ دەرد-ئەھۋالىنى كۆ-
ڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. ئەرز-دادى بار كىشىلەر ناھىيە-
لىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىغا قورۇنماي ئەركىن-ئازادە
كىرىپ، يولداش شۇلياك بىلەن كۆرۈشەلەيدىغان، تەلەپ-
لىرىنى ھەل قىلالايدىغان بولدى. كونا شىنجاڭنىڭ تا-
رىخىي ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان كىشىلەرگە
ئېنىقكى، ئىلگىرىكى ئامبال يامۇللىرى ئاۋام خەلققە
نىسبەتەن سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك، خۇددى ئادەم يەيدى-
غاندەك كۆرۈنەتتى. ناھىيىلەردە ئالىي ھاكىمىيەت يۈر-
گۈزگۈچى ئامبال باشقىچە سالاپەتلىك، ئۆ-
زى بەگ- ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، خەلقنى خالىغانچە ئېزى-
ياق-بۇياق قىلىۋېتەتتى. كىشىلەرنى ئۇلاردىن چۆك
ئادەم يوقتەك ئويغا كەلتۈرەتتى. ئامباللار تامغۇ تاپ-
شۇرۇپ ئالسا، نۇرغۇن سوۋغا-سالام ئالاتتى، دەۋا
سورىسا پارا يەيتتى، خىلمۇ خىل ئالۋاڭ چاچاتتى، غەل-
لە-پاراققا پىرسەنت قوشۇپ ئالاتتى. بىر ھارۋىدا كەل-
گەن بولسا، بىر قانچە ھارۋىدا كېتەتتى. بىر نەچچە
يىل ھۆكۈم سۈرسە، ئۆلگىچە يەپ تۈگىتەلمەيدىغان باي-
لىق يىغىۋالاتتى. ئۇلار خەلقنىڭ قان-تەرى ھېسابىغا
ئەيش-ئىشرەت سۈرەتتىكى، خەلقنىڭ دەردى-ھالىغا
يەتمەيتتى. يامۇلدىن چىقماي يىللار ئۆتۈپمۇ كېتەتتى.

ئامباللار ئىشىك - دەرۋازىلىرى قارا سىرلانغان يامۇل-
دىن سىرتقا چىقسا، كىرسە دومباق، قوڭغۇراقلار چېلى-
نىپ، پوجاڭزىلار ئېتىلاتتى. چېرىكلەر، ياي-لار ئىككى
تەرىپىدە يالاپ ماڭاتتى. ئۇلارغا خەلق قانداقمۇ يۈز
تۇرانە دەرد - ئەھۋالىنى ئېيتىپ ھەل قىلالىسۇن؟ يول-
داش شۈلياڭ كېلىش بىلەن تۈندە چاقنىغان يۇلتۇزدەك
يورۇقلۇق بېرىپ، يامۇل (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت) دەرۋا-
زىسىنى خەلققە ئېچىۋەتتى. بۇ ھال فېئودال بيوروكرات
ئورگانلارنىڭ تۈسىنى ئۆزگەرتىشتىكى روشەن بىر بۇرۇ-
لۇش بولدى.

ئەينى يىللاردا يولداش شۈلياڭنىڭ قول ئاستىدا
غالتىر بولۇپ ئىشلىگەن يولداش ئابدىرەھىم قۇربان
ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «يولداش شۈلياڭ ئاجايىپ ئېسىل
خىسلەتلىك ئادەم ئىدى. ئايلىق مۇئاشىغا ئالغان 60
يۈەن پۇلنى ماڭا تۇتقۇزاتتى. تاماقى ئۈچۈن كېتىدىغان
ئۈن، گۈرۈچ، ياغ، ئوتۇننى مەن ئىنچىكە ھېسابلاپ ئې-
لىپ بېرەتتىم. قالغىنىنى گېزىت - ژۇرنال ئەبۇنىسى ئۈ-
چۈن بۇيرۇپ بېرەتتى. پۇلنى تېجەپ، كۆپىنچە گۆشسىز
سەي - جىڭمۇما يەيتتى، ئاددىي كېيىنەتتى. يەنە بىر
قانچە ئاي پۇل ئىقتىساد قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە قىزىل ئارمىيىگە يار-
دەم قىلدى. بىر كۈنى تاماققا ئىشلىتىدىغان ئوتۇن تۈ-
گەپ قالغان، ئوتۇن ئېلىشقا بازار كۈنى يېتىپ كەلمى-
گەنىدى. مەن ھۆكۈمەت پۇلىغا ئېلىپ قويۇلغان ئوتۇن-
دىن بىر قۇچاق ئېلىپ كەلدىم. بۇنى كۆرۈپ قالغان

يولداش شۆلياك خاپا بولۇپ: «مۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ، ئۆز جايىغا ئاپىرىپ قوي، مۇنداق قىلىش يەنە كۆرۈلۈپ قالمىسۇن» دېدى. يولداش شۆلياك پاك خىزمەت ئىستىلىگە ئىگە ئىدى. خىيانەتچىلىككە جان - جەھەلى بىلەن ئۆچ ئىدى. ھەر قانداق كىشى دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ ھەققىنى يېۋالىدىكەن، يۈز - خاتىرىسىز كەسكىن بىر تەرەپ قىلاتتى. يەر بېجى ئالىدىغان شۈي جىچۈەن دېگەن بىر خادىم چوڭ يەپ - ئىچىپ چىرىكلەشكەنلىكىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم ئۆزەڭنى تۈزىتىۋال دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. لېكىن، ئۇ تۈزۈلۈش يولىغا ماڭمىدى. بىر كۈنى يولداش شۆلياك ھېنى تەرجىمانى ئىلىمققا چاقىرىپ، بازار كۈنىسى يەر بېجى ئېلىش ئورنىنى كۆزدىن كۆچۈردى. يەر مو سانى، تۆلىگەن باجنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، دەپتەرگە يېزىۋالدى، ئىنچىكە ھېسابلاپ كۆرۈپ، شۈي جىچۈەننىڭ 16 يۈەن پۇلىنى ئوشۇق ئالغانلىقىنى بىلىپ، سوراققا ئېلىپ كەلدى. دەرۋەقە بۇنىڭ خىيانەتچى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، مالىيە نازارىتىگە مەلۇم قىلىپ جىددىي چارە كۆردى. شۇنىڭدەك خەلقنىڭ ئەرز - دادىنى ھەل قىلىشتا پارا ئالغان خىزمەتچىلەرنى قاتتىق سۈرۈشتۈردى، مەسىلىسى ئېغىر بولغانلارنى قاتتىق جازالىدى.

40- يىللاردا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلىگەن يولداش ئابدۇراخمان مۆمىن مۇنداق دېدى: يولداش شۆلياكنىڭ خوتۇن - بالىسى يوق، تەرجىمانى چېڭ زىيەن بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ - قوپاتتى. بىر قېتىم ئۇ

چېڭىز دېيەنگە: «بىز بىللە خىزمەت قىلىپ كەلدۇق، سەن بىلەن مەن بىر ئىش دېيەندە، يولداش بولدۇق. تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا، ئىقتىسادچىل بولۇش كېرەك. چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىشكە بېرىلگەن ئادەمدە ئىنقىلابىي ئىرادە بولمايدۇ. ئۇنداق قىلغان ئادەم چىرىكلىشىپ زاۋالغا يۈز تۇتىدۇ» دېگەن. بىر قېتىم چېڭىز دېيەن بىلەن بىرلىكتە موما - سەيلىرىدىنى ئېلىۋېلىپ تۇمەنتال، ئوي بۇغداي يېزىلىرىغا باردى. بۇنىڭدىن بەگلەر ئالدىن خەۋەر تېپىپ، ھاكىمنى كۈتۈۋېلىشقا ئالايىتەن تەييارلىق كۆرگەن بولسىمۇ، يولداش شۇلياڭ بارغاندىن كېيىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ بەگلەرنى قاتتىق ئېيىپلىدى ۋە بىر نەچچە تولئوتۇن، نامرات دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قوندى، دەم ئالدى. ئۆزى ئېلىپ بارغان موما - سەيلىرىدىنى يېدى. دېھقانلارنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ پىكىر- تەلەپلىرىنى خاتىرىسىگە يازدى. دېھقانلار يولداش شۇلياڭنىڭ ئاددىي - ساددا خىزمەت ئىستىلى، ئەمگەكچىلەر بىلەن قەلبىداشلىق خىسلىتىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئۇنىڭ تەرىپى تېزلا دېھقانلار ئارىسىغا كەڭ تارقىدى».

يولداش شۇلياڭ دەۋالارنى ھەقىقەتلەپ سورايتتى. دەۋا ئىشلىرىدا پۇل - ئابرويى بارلار پۇل - مال سۇنغۇتۇپ، ھەقنى ناھەق قىلىۋېتىشكە ھەرگىز يول قويمايتتى. بۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ «گاچا بولسىمۇ باي سۆزلىسۇن»، «پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ» بولۇشتەك ئادالەتسىزلىك بىر مەزگىل بولسىمۇ

تۈگىتىلدى. ئىلگىرى مەھكىمە شەرئىيىگە بۇيرۇلۇپ سورىلىدىغان مىراس دەۋاسى قاتارلىق بەزى دەۋالارنىمۇ قانۇن بويىچە سوراش يولغا قويۇلدى. يولداش شۇليالىڭ بىر قانچە قېتىم بەگلەر، بايلارنىڭ خۇشامەت قىلىپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملىرىنى قاتتىق رەنجىگەن ھالدا رەت قىلغان، ھەتتا بۇنداق ئادەملەرنى «يوقال، كۆزۈمدىن» دەپ ئىشىك سىرتىغىچە قوغلاپ چىقارغان. بۇ، كەڭ جامائەتچىلىك ئىچىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىغانىدى.

## جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش روھى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئاشۇ يىللاردا تارىخىي شارائىت ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە شىڭ شىسەي بىلەن ھەمكارلىشىپ بىرلىكسەپ تۈزگەن بولسىمۇ ئۆزىنى يەرلىك خاقان ئورنىدا تۇتىدىغان، داھىي دەپ ئاتىغان شىڭ شىسەي كوممۇنىستىك پارتىيىسى، شۇنىڭدەك كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ پروگراممىسى، سىياسەتلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا تەشۋىق قىلىشقا، ھەتتا ئىسمىنى ئاتاشقا رۇخسەت قىلمايتتى. «6 بۈيۈك سىياسەت» دائىرىسىدىلا ئىشلەشكە (جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 6 بۈيۈك سىياسەتنى تۈزۈشكە ياردەم بەرگەن، ئەلۋەتتە) بولاتتى. مۇنداق شارائىتتا، يولداش شۇليالىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىكى چارىلارنى قوللىنىپ، زومىگەرلەرنىڭ خەلق ئۈستىدىكى چېكىدىن ئاشقان زوراۋانلىقلىرىنى چەكلەپ، خەلققە، بولۇپمۇ نامرات دېھقانلارغا پايدىلىق

بولغان نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. فېئوداللىق ئىمتىياز ۋە ئابرويىغا تايىنىپ خەلقنى ئەزگەن، دېھقانلارنىڭ يەر، سۇيىنى ئىگىلىۋالغان توختاجى، نىياز بەگ قاتارلىقلارنى قولغا ئېلىپ، جىنايەتلىرىنى رەسمىي ماتېرىيال قىلىپ بېسىپ، كەڭ جامائەتچىلىككە ئېلان قىلىپ، فېئودال زومىگەرلەرنىڭ خورىكىنى باستى، كەڭ دېھقانلارنى خۇشال قىلىپ روھىنى ئۆستۈردى. ئۇ چاغدا فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى يۈرگۈزۈلۋاتقاچقا، يېرى ئاز، يەرسىز دېھقانلار كۆپ ئىدى، ئۇلار بايلارغا ئىجارىدىكەشلىك قىلىپ، يالىڭقا تۇرۇپ، يىلبويى قاتتىق ئىشلىسىمۇ قىيىنچىلىقتا ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن يولداش شۇليالىڭ ئاتلىق ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، بەزىدە پىيادە يۈرۈپ، تەكلىماكان باغرىدىكى تېرىشقا بولىدىغان بوز - بىنالارنى تەكشۈردى. «تۆمەنتال»، «سۇپادۆڭ»، «هاردۇق ئالدى» جاڭگاللىرىدىن نۇرغۇن يەرسىز ياكى يېرى ئاز دېھقانلارغا يەر كېسىپ بېرىپ، ئۆستەڭ چاپتۇرۇپ سۇ باشلاپ يېڭى تېرىلغۇزارلىق، يېڭى يېزىلار بەرپا قىلدى. بۇنداق يەر، سۇغا ئىگە بولغان دېھقانلار ئۆز ئالدىغا ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىپ، تۇرمۇشىنى بىر قەدەر هاللاندۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

مەكىت ناھىيىسىدىكى خەلقنىڭ چوڭ بىر قىيىنچىلىقى سۇ يېتىشمەسلىكتىن ئىبارەت ئىدى. يەكەن، تىزناپ دەريالىرىنىڭ ئاياغ ئېقىمىغا جايلاشقان بۇ ناھىيىنىڭ يەكەن دەرياسى بىلەن كۆكىرىدىغان قىسمىدا سۇ

بىر قەدەر نورمال يېتىشىپ بەرسىمۇ، تىمزناپ دەرياسى-
دىن پايدىلىنىدىغان جايلىرى (شۇ چاغدىكى پېرۇتۇن نا-
ھىيە تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن يېرىمى) غا تاغدىن
كېلىدىغان سۇ ۋاقتىدا كەلمەي ياكى ئاز كېلىپ، قىزىر-
غاقچىلىق ئاپەتى يۈز بېرەتتى. مۇنداق چاغلاردا زىرا-
ئەتلەر نابۇت بولۇپ، دېھقانلار ياخشىراق ھوسۇل ئالال-
مايتتى ياكى پەقەت ھوسۇل ئالالمايمۇ قالاتتى. «ئۆلمەك-
نىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دەپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارنىڭ
دېھقانلار ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - ياسىقى ئۈزۈلمەيتتى. بۇ-
نىڭ بىلەن دېھقانلار تېخىمۇ مۇھتاجلىق، ئاچ - يالىڭاچ-
لىق دەھشىتى ئىچىگە چۆكۈپ كېتەتتى. يولـداش شۇلياڭ
دېھقانلارنىڭ ئاھۇ - زارىدىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ پى-
كىر - تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، يىغىندىغا دوكـلات يـوللاش
ئارقىلىق، يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى تىمزناپ دەرياسى-
غا چۈشۈرىدىغان بىر ئۆستەڭ چېپىش تەكلىپىنى ئوتتۇ-
رىغا قويدى. بىراق ئۆستەڭ يەكـەن ناھىيىسى تەۋەسى-
دىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، ئۆستەڭ ئېلىنىدىغان جاينىڭ
يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلىرى — ئابدىقادىر بەگ، زا-
كىرخان بەگ، ئابلىز يۈزبېشى، توختىنىياز ھـاجى قا-
تارلىقلار قارشى چىقتى. بۇ چاغدا يولداش شۇلياڭ قەش-
قەر ۋالىيسى چىڭ فاڭبەينى ئۆستەڭ چېپىلىدىغان ئورۇن-
غا باشلاپ بېرىپ، ئەھۋالنى تونۇشتۇردى. چىڭ فاڭبەي:
«ئۆستەڭ كېسىپ ئۆتىدىغان چىدىر توغراق ئۆستىڭىگە مە-
كىت ناھىيىسى كۆۋرۈك ياساپ بەرسۇن، يېڭى ئۆستەڭ
جەزمەن چېپىلسۇن، توسقۇنلۇق قىلغۇچىلار قاماققا ئې-

...لىنسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرەي. مەكىت ناھىيىسىدىن
2 مىڭدىن كۆپرەك كىشى سەپەرۋەر قىلىنىپ، 10 كىلومېتىر
ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ ئۆستەڭ غەلىبىلىك پۈتكۈزۈلدى. ئۆس-
تەڭ قۇرۇلۇشىغا خەلقتىن بولىدىغان چىقىمنى ئازايتىش
ئۈچۈن يولداش شۈليالڭ ئۆلكىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، ما-
لىيە نازارىتى (يولداش ماۋزېمىن مالىيە نازىرى
ئىدى) ئارقىلىق شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىدىن 5 مىڭ
يۈەن ياردەم پۇل ئېلىپ ئىشلەتتى. ئۆستەڭ چېپىلىۋات-
قان كۈنلەردە يولداش شۈليالڭ تەرجىمانى بىلەن كۆپ
قېتىم ئەمگەك مەيدانلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈش، پاشىلىق
جايلاردا يېتىپ-قوپۇپ يېتەكچىلىك قىلىش، ئارتىستلار-
نى ئېلىپ بېرىپ ئويۇن قويۇپ هال سوراش ئارقىلىق
خەلق ئىشچىلىرىغا كۈچلۈك ئىلھام، مەدەت بەردى. ئۇ، بەزى
بايلار سۇ تۇتۇشتا ئالدىدا بولسىمۇ، ئۆستەڭگە ھاشار
چىقىرىشتا ساختىپەزلىك قىلىپ، ھاشارنى كەم بەرگەن
ياكى بەرمىگەنلىكىنى، يېرى ئاز، ياۋاش دېھقانلارنى بو-
زەك ئەتكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ناھسىنى
يېزدۇپلىپ سۈرۈشتۈرۈپ، ئەمگەك كۈچىنى كەم چىقار-
غانلاردىن كۆپەيتىپ — قوشۇپ ئېلىش ياكى ياغاچ كۆ-
تەرتىپ بىر نەچچە سائەت ئۆرە توختىتىپ قويۇشنى بۇي-
رۇپ، كەمبەغەللەرنىڭ ھاختىنىشىغا
سازاۋەر بولغانىدى. بۇ ئۆستەڭ پۈتكەندىن كېيىن يۇقى-
رىدىن «جىڭ يۈڭ (شىڭ شىسەينىڭ نامى) ئۆستىڭى» دەپ
ئات قويۇلدى. يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى تىزناپ دەريا-
سىغا پاشلىنىپ، سۇ كۆپەيتىلىپ ئازادلىققا قەدەر

پايدىلىنىلدى (ئازادلىقتىن كېيىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ كول-
لېكتىپلىشىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجى بويىچە بۇ
ئۆستەڭنىڭ بەزى جايلىرى باشقىدىن چېپىلىپ ھەم ئو-
زارتىلىپ، «داجەي ئۆستىڭى» گە ئۆزگەرتىلدى، سۇغۇرۇش
ئۈنۈمى تېخىمۇ ئۆستى). تىزناپ دەرياسىنىڭ سۈيى كۆ-
پەيگەن، بولۇپمۇ تىزناپقا باشتىن سۇ ۋاقتىدا كەلمەي
قۇرۇپ كېتىدىغان ئەھۋال ئازايغانلىقتىن، سۇ قەھەتچى-
لىكى تۈگەپ، ئادەتتە سۇ نورمال كېلىپ تۇرۇپ، دېھقان-
چىلىقتىن ئوبدان ھوسۇل ئېلىندى، شۇنداقلا يولداش
شۇلياڭ دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن بوز-يىنىملار-
مۇ كۆكىرىپ، دېھقانلار ئامرات تۇرمۇشنى ئاز بولسىمۇ
ياخشىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئىلگىرى تىز-
ناپ دەرياسى ۋادىسىدا سۇ يېتىشمەسلىكى، سۇ بولغاندى-
مۇ باشقۇرۇش ھوقۇقى زومىگەرلەر قولىدا بولغانلىقى ئۈ-
چۈن تۈگمەن يوق دېيەرلىك ئىدى، دېھقانلار ئۈن تارتال-
ماي ياغۇنچاق چۆرۈپ بەك قىينىلاتتى. تۈگمەندە تارتىپ
يۇمشاقراق ئۇن يەي دېسە، تۈگمەن بار
جايلار بەك يىراق، بىر نەچچە كۈنلۈك
ۋاقىت كېتەتتى. بۇنىڭ جاپاسىمۇ ئاز بولمايتتى. يولداش
شۇلياڭ بۇ قىيىنچىلىقنىمۇ ئۆز نەزىرىدىن چەتتە قالدۇر-
مىدى. «جىڭيۈك ئۆستىڭى» ئارقىلىق كۆپەيگەن سۇ بىلەن
«جالادىن»، «تۆپەشەر» دېگەن جايلارغا 43 تاش تۈگمەن
چۆرۈتۈپ (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدىكى سۇ ھەيئىتى باش-
قۇرۇشىدا)، دېھقانلارنىڭ يېقىن جايدا ئۇن تارتىپ
يېيىشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. تۈگمەنلەرنىڭ سۈيىنى

بىكارغا ئاققۇزماي، ئەسلىدە يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئېچىسىز ئاياقئېقىمىدا سۈيى يېتىشمەيدىغان ئوي، بۇغ-داي قاتارلىق جايلارغا چۈشۈرۈپ بىر دېپ «بىر چالىمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش» نى ئورۇنلىدى. يولداش شۇ-لياڭنىڭ ئىش قىلماق تولىمۇ تەس بولغان شارائىتتا يۈرەك باغرىنى سەرپ قىلىپ، دېھقانلارنىڭ بەخت-سائا-دىتى ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن بۇ خىزمەتلىرى تا بۈگۈنگە قەدەر يادلىنىپ كەلمەكتە.

## ئۆگىنىش ۋە باشقىلارنى تەربىيلەشتىكى ئەستايىدىللىقى

يولداش شۇلياڭ ھەر قانداق شارائىتتا ئۆگىنىشنى قولدىن بەرمەيتتى. ئىككى ساندۇقى بولۇپ، بىرسىدە كىيىم-كېچەك، بىرسىدە ماركسىزم-لېنىنىزم كىتابلىرى ۋە مۇھىم ماتېرىياللارنى ساقلايتتى. يېنىدە چىقىدىغان «ئازادلىق گېزىتى»، ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان «جاھانگىرلىككە قارشى بىرلىكسەپ» قاتارلىق ئىلغار گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇپ كەلتۈرەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەن ئىككى سائەت ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇراتتى. مۇنداق چاغدا ھەر قانداق كۆرۈشىدىغان ئادەملەرنى قوبۇل قىلمايتتى. باشقىلار، بولۇپمۇ زىيالىيلارنى تەربىيلەش، ماركسىزم-لېنىنىزملىق ئىلغار ئىدىيىنى سىڭدۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئاشۇ يىللاردا ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدىكى بىلىم سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، كەلگۈسىدىن ئۈمىد بار دەپ قارىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى پات-پات يىغىدىغا

چاقىرىپ سىياسىي دەرس ئۆتكەن، بۇنى ئاشكارىلىماسلىقنى شەرت قىلغان. شىيەنلى (دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى) مەكتەپكە ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم (پەيشەنبە كۈنى) بېرىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا خەلقئارا ۋەزىيەت (سوۋېت - گېرمان ئۇرۇشى، جۇڭگو - ياپون ئۇرۇشى، بىرلىكسەپ ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان) ئۈستىدە كۆپ قېتىم دوكلات بەرگەن. سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى ۋە 8 - ئارمىيە، يېڭى 4 - ئارمىيىنىڭ غەلىبىسىنى ئۆزى سىزغان خەرىتە بىلەن قىزىل، قارا بەلگىلەر ئارقىلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەققانىي ئۇرۇشتا بولغان ھېسداشلىقى، ھەققانىيەتسىز ئۇرۇشتا بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىغان. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئارا مەخسۇس تېما بەلگىلەپ، نوتۇق سۆزلەش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈشنى يولغا قويغان. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ شانايى نەپىسكە (تىياتىر ئۆمىكى) ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەھۋالىدىن يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرىنى تەييارلاپ ئاممىغا كۆرسىتىپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. 1941 - يىلى 7 - ئايدا يولداش شۇليانىڭ ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەلىرىدىن ئۇن كىشىلىك تەشۋىقات - ئويۇن قويۇش دۈيى تەشكىللەپ ۋە بۇلار بىلەن بىللە ھارۋىدا 40 نەچچە كۈن يېزىمۇ - يېزا يۈرۈپ تەشۋىق قىلىپ، ئويۇن كۆرسىتىپ، گېرمان فاشىزمىغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە ئىئانە توپلاش دولقۇنى قوزغىۋەتكەن. دېمەك، يولداش شۇلياڭنىڭ ئىككى - ئۈچ يىللىق خىزمىتى جەريانىدا مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت،

ھائارىپ، تەشۋىق - تەربىيە ئىشلىرىدا بارلىققا كەلگەن
يۈكسىلىش، جۇشقۇن كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ۋەزىيەت،
40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىش-
شىلەر تەرىپىدىن يولداش شۈليانىڭ ئوبرازى بىلەن
بىللە سېغىنىشلىق ھېسسىياتى ئىچىدە ئەسلەنمەكتە.

## ۋاپاغا جاپا

يولداش شۈليانىڭ پارتىيىمىزنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن
شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، كوممۇنىستلاردا بولۇشقا
تېگىشلىك قەيسەر روھ ۋە ئالىي خىسلەتنى جارى قىلدۇ-
رۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ، خەلق بەختى ئۈچۈن
ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئىلغارلىق نىقاب-
ىغا ئورۇنۇۋېلىپ كوممۇنىستلار بىلەن ئىلغار زاتلارنى
بىر مەھەل ئالدىغان، يوشۇرۇن خەنجەر ساقلىغان ھىلى-
گەر مىلىتارىست شىڭ شىسەي ۋاپاغا جاپا قىلدى. سوۋېت-
گېرمان ئۇرۇشى جىددىيلەشكەندىن كېيىن، ئۇ، گومىنداڭ ئەكس-
ىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى
بىلەن دوست بولۇش، كوممۇنىستىك پارتىيىگە يېقىنلى-
شىش چۈمپەردىسىنى يىرتىپ تاشلىدى. 1942 - يىلى
9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇ-
نىستلىرىنى تۈركۈمگە بۆلۈپ قولغا ئېلىشنى باشلىدى.
ئالدى بىلەن چېن تەنچيۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق
يولداشلارنى قولغا ئالدى. ئاندىن كېيىن باشقا ۋىلايەت-
ناھىيىلەردە ئىشلەۋاتقان يولداشلارنىڭ ھەممىسىنى
ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ ئاپىرىپ قولغا ئالدى. يولداش

شۇلىياگىمۇ مەكتەپتىن ئايرىلدى. ئوقۇشىمىزچە، يولداش شۇلىياڭ ئۈرۈمچىگە قايتىش بۇيرۇقى چۈشۈشتىن ئىلگىرىرەك قەشقەرگە چاقىرتىلغان. قەشقەردە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ سۈيىقەستى بىلەن ماشىنىغا سوقتۇرۇلۇپ زەخمىلەنگەن. 1943 - يىلىنىڭ باشلىرى مەكتەپكە يېنىپ كەلگەندە تالا - تۈزگە ھاسا - تاياق بىلەن چىقالىغان. شىڭشىسەينىڭ ئۈرۈمچىگە قايتىش بۇيرۇقى كەلگەندىن كېيىن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كىرىپ، يولداش شۇلىياگىنىڭ ساندۇقلىرىنى تەكشۈرۈپ پېچەتلىگەن. شۇندىن كېيىن يولداش شۇلىياڭ يەنىلا ئەشۇ دەسلەپ ئېلىپ كەلگەن ئىككى ساندۇقى بىلەن ئۇيغۇر ھارۋىكەش ئەيسانىڭ ئات ھارۋىسىنى كىرا قىلىپ يولغا چىققان، ئۈرۈمچىگە ئەشۇ ھارۋا بىلەن يېتىپ بارغان.

يۇقىرىقىلاردىن يولداش شۇلىياگىنىڭ نام - مەنپەئەتكە بېرىلمەي كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ شان - شەرىپىگە داغ يەتكۈزمەي ساپ دىل، پاك ئىستىل بىلەن ئىشلەپ، ھەقىقىي كوممۇنىستنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

تارىخ ئالغا ئىلگىرىلىدى، ئەھۋال زور دەرىجىدە ئۆزگەردى، تۈن كېتىپ، قۇياش پارلاپ، يورۇقلۇق زۇلمەتنىڭ ئورنىنى باستى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك كۆرەشنى ئۇزاق مۇددەت قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ قىياپىتى تۈپتىن يېڭىلاندى. شىنجاڭ ئازاد بولۇپ 35 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە

سوتسىيالىستىك 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى تارىخي ئەھمىيەتلىك ئۇزۇن سەپەر بەيگىسىگە قاتناشـ ماقتىمىز. بۇنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلماقتا. مۇشۇ پەيتتە، يولداش شۇليا ڭنىڭ پىداكارـ لىق روھى، ئالىيجاناپ خىسلىتىنى ئۆزىمىزگە سىڭىشتۈرۈپ كۆرۈشىمىز پايدىسىز بولماس. ئەلۋەتتە.

ئابدۇقادىر ھېيىت

(«قەشقەر گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىدە 30 يىلدىن كۆپرەك مۇھەررىرلىك، مۇخبىرلىك قىلىپ پېنسىيىگە چىققان).

1984 - يىل 30 - سېنتەبىر

# مىللىي يۇقىرى قاتلام ئىنقىلابىي دېموكرات ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم توغرىسىدا

قەمەرجان

ۋەتەن – خەلق ئۈچۈن پىداكار بولۇپ ئەجرى سىڭدۈرگەن، ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلغان ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ئىلغار كىشىلەر ۋەتەن خەلقىنىڭ قەلبىدە ھۆرمەتلىنىپ مەڭگۈ ساقلىنىدۇ.

ئۆز ھاياتىنى ۋەتەن، خەلقىنىڭ ھۆرلىكى، بەخت-سائادىتى ئۈچۈن بېغىشلاپ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمەت-ئېھتىرامىغا سازاۋەر بولغان مىللىي يۇقىرى قاتلام دېموكراتىك زات ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئەنە شۇنداق ئەزىزلاشقا ئەرزىيدىغان مۆتىۋەر زاتلارنىڭ بىرى. شۇڭا بىز بۈگۈنكىدەك يېڭى ھايات بەخت ئامەت باغلىرىدا سەيلە – ساياھەت قىلىپ شادلىق ئىلكىدە ھوزۇرلۇق تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان چېغىمىزدا ئۆز ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىختىكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى، ۋەتىنى – خەلقىنى سۆيۈشتەك يۈكسەك پەزىلىتىنى ئەسلىسەك، پەخىرلىنىمىز، ئىپتىخارلانماي تۇرالمايمىز.

مەشھۇر دېموكراتىك زات ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى بۈگۈنكى كۈندە كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇش ۋە

ئۇ زاتنى ئەسلەش بىز ئەۋلادلارنىڭ شەرەپلىك ئەدەبە- نىۋى بۇرچىمىز.

چۈنكى، بىزنىڭ يۇرتىمىز ئالەمشۇمۇل ئالىملار، يازغۇچى-شائىرلار، سەنئەتچى، رەسساملار، پەيلاسوپ مۇتەپەككۇرلار تۆرەلگەن ئەزىز يۇرت.

بىز بۈگۈن يۇقىرىقىدەك ھىدايەتلىك كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىنى ئەسلەپ، ھۆرمەتلەپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن تونۇشتۇرالىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بەختلىك ھېسابلايمىز.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1870 - يىلى مۇشۇ ئالىملار ماكانى بولغان يۇرتىمىز قەشقەر شەھىرىنىڭ ئوتتۇرا قازىسى ئابدۇقادىر قازى كالاننىڭ ئوغلى ئابلىمىتھاجىمنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ ئائىلە تەربىيىسىدىن كېيىن قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان(ھازىرقى ۋىلايەتلىك سىياسىي مەكتەپ ئورنىدا). ئۇ مەدرىستە ئۇستازلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىشى ۋە ئائىلىسىنىڭ كۆيۈنۈپ تەربىيىلىشى ئارقىلىق بۇ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە ئوقۇپ پۈتتۈرگەن، شۇنداقلا ئەرەب، پارس، ئوردۇ، تۈرك تىللىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇستازلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ماختىشىغا، ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشىپ شۇ دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان بىلىم ئىگىلىرىدىن بولغان. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى مېھمان سۆپەتتە قەدىرلەپ ئىلىم تەھسىل قىلىش، تىل ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزگەن.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم كىچىكىدىنلا ئۆسەڭگۈ، ئويې-
چان، تېتىك، خۇشمۇئامىلىلىك، ئىلىمگە ئامراق، بىلىم ئې-
گىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، كىشىلەر بىلەن چىقىشقاق، گەپ
سۆزلىرى ۋەزىنلىك بولۇشتەك ياخشى خىسلەتلىرى بىلەن
يۇرت - جامائەتچىلىكىكە تونۇلغان ياشلارنىڭ بىرى ئىدى.

ئۇ 1883 - يىلى ئاتۇشنىڭ ئىكىساق كەنتىدە ھۈسە-
يىن مۇسابايوپ، باۋۇدۇن مۇسابايوپ دېگەن ئاكا-ئۇكى-
لارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان ئۈچ سىنىپلىق مەك-
تەپكە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە بىرگە ئو-
قۇغان ساۋاقدىشى كېرىمناخۇن دېگەن دوستى بىلەن
ئوقۇشقا بارىدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەيلى قەشقەر مەيلى
ئاتۇشتا بولسۇن يېڭىچە مەكتەپلەر يوق ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت
بىلەن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بۇ مەكتەپكە بېرىپ ئو-
قۇپ يېڭىچە بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن بىر قىسىم يۇرتداش-
لىرىنى قىزىقتۇرىدۇ، بۇ مەكتەپنى مەدھىيلەپ تەش-
ۋىق قىلىدۇ ۋە بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ھەر بىر
جەھەتتىن قوللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1885 - يىلى ئىكىساق-
تا قۇرۇلغان بۇ يېڭىچە مەكتەپنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ
ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى تېزلا كۆپىيىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن قەشقەر ۋە ئاتۇشلۇق يېڭىچە بىلىم
ئېلىشقا ئىنتىلىۋاتقان ئوغۇل ياشلارنىڭ تەلىپىنى قاند-
ۇرۇش ئۈچۈن يەتتە نەپەر ئوقۇتقۇچى روسىيىنىڭ قازان

پېداگوگىكا مەكتىپىگە ئەۋەتىلىپ ئوقۇتۇپ كېلىنىدۇ.
ئۇ ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ روسىيىدە ئوقۇش جەر-
يانىدا قوبۇل قىلغان يېڭىلىقلىرىنى دەرسكە بىرلەشتۈرۈپ،
دەرس قىلىپ سۆزلەپ بېرىدۇ. بۇ دەرسنى ئاڭلىغان ئوقۇ-
غۇچىلار ھەر يەر، ھەر جايلارغا تەشۋىق قىلىپ، پەننىي
بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق پەننىي بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى
سۆزلەيدۇ.

1892 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن،
بولۇپمۇ قەشقەر، ئاتۇشتىن چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى قو-
بۇل قىلىش باشلانغاندا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇممۇ سا-
ۋاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ئىمتى-
ھاندىن ئەلا ئۆتىدۇ. لېكىن ئائىلىسىنىڭ قوشۇلماسلىقى
سەۋەبىدىن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىدىن مەھ-
رۇم بولىدۇ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئابدۇكېرىمخان مەخ-
سۇم پەننىي بىلىم ئىگىلەش ئىرادىسىنى بوشاشتۇرمايدۇ،
دۇنيا مەدەنىيىتىگە، پەن - تەرەققىياتىغا دائىر ما-
تېرىياللارنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، زور ھەۋەس بىلەن قى-
زىقىپ ئوقۇيدۇ، تەدبىق قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي نە-
زەر دائىرىسىنى ۋە دۇنياۋى ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدۇ.
ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە تىجارەت ئۈچۈن چەت ئەلگە چىقىپ
قايتىپ كەلگەن كىشىلەر ۋە باشقا ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ

پەن، مەدەنىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەر-
گەن تەسىراتلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلاپ خاتىرىلەپ، ئۇلارنىڭ
تۈرلۈك سوئاللىرىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ
ئۆزىنىڭ سىياسىي سەزگۈرلىكىنى ئاشۇرۇپ، ئۆز تەڭتۇشلى-
رى ئىچىدە يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىپ بىلىمىنىڭ ئۈزلۈك-
لىكىنى ھەر بىر جەھەتتىن تونۇپ يېتىدۇ.

ئۇ ھەر قانداق بىر مىللەت پەن-تېخنىكىنى ئىگەل-
لىمىسە دۇنيا سەھنىسىدە ھېچقانداق ئورنى، ھۆرمىتى،
ئىناۋىتى بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ۋەتەن خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆ-
كۈمرانلىرىنىڭ قالاق قامچىسى ئاستىدا ئېزىلىپ تالان-
تاراج بولۇۋاتقانلىقىغا، بولۇپمۇ ئەنگلىيە قاتارلىق چەت
ئەل جاھانگىرلىرىنىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا سىياسىي
ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلىقى-
غا قاتتىق ئېچىنىدۇ ۋە غەزەپلىنىدۇ.
چۈنكى، ئاشۇ چاغدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى-
مۇ ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا ھەر مىللەت خەلقلىرىگە ئوخ-
شاشلا جاھانگىرلىكنىڭ تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلار بى-
لەن بوغۇپ قۇل قىلىشى، زىيانكەشلىك قىلىشىدەك ئىستىب-
دادلىق سىياسىتىنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ ۋەيران بولغان
ۋە بىر تەرەپتىن چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ ماناپو-
لىيە قىلىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ سودا-سانائەت ئىشلىرىمۇ
ئۈجۈقتۇرۇلۇش گىردابىغا كېلىپ قالغانىدى. ئەنگلىيە
جاھانگىرلىكىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بىر قىسىم
سودىگەرلەر روسىيە بىلەن سودىلىشىشنى يولغا قويۇپ رو-

سىبىرنىڭ تاشكەنت، موسكۋا، ئوپا، پەرغانە، قا-
زان قاتارلىق جايلىرىغا بېرىپ سودا سارايلىرىنى قۇرۇپ،
سودا دائىرىسىنى بارغانسېرى كېڭەيتتى. بۇ چاغدا شىن-
جاڭنىڭ سودا تىجارەت دائىرىسى ياۋروپا، ئوتتۇرا شەرق-
چە كېڭىيىپ شىنجاڭلىق تىجارەتچىلەر چەتئەل-
نىڭ ھەر بىر جەھەتتىكى ئىلغارلىق - يېڭىلىقلىرىنى قو-
بۇل قىلىپ كۆپلىگەن پەن - مەدەنىيەتنى ئىگىلەپ، نەزەر
دائىرىسى كېڭىيىشكە باشلايدۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىل-
گەن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشنىڭ پەن
تەرەققىياتىنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى دا-
دانلىق، قالاقلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشقا، ھۆرلۈكنى قول-
غا كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىپ ئويغۇتىدۇ.

بۇ دەل 1905 - يىلى دۇنيا ۋەزىيىتىدە كاپىتالىزم
تەرەققىي قىلىپ، جاھانگىرلار پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا
سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق، زورلۇق -
زومبۇرلۇق قىلىۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى. شۇ كۈنلەردە
قەشقەردە بىر قانچە دۆلەتنىڭ كونسۇلخانىلىرى بولۇپ،
بۇلار ھەر خىل سۈيىقەستلىك ۋاستىلار بىلەن قەشقەر خەل-
قىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيانكەشلىك قىلىپلا
قالماستىن، ئاخبارات توپلاش، ئاسارە-ئەتىقە ۋە تارىخىي
ماتېرىياللارنى ئوغۇرلاش، ئاخبارات تارقىتىش، ھەتتا ئا-
دەم ئوغۇرلاش قاتارلىق پەسكەش ھەرىكەتلەر بىلەن شۇ-
غۇللىنىۋاتقان ۋاقىت ئىدى. ئۇلار ھەر قايسى
جايلارغا سودا باشقارمىلىرى قۇ-
رۇپ، بىر تەرەپتىن سودىنى قامال قىلىپ كېڭەيمىچىلىك

بىلەن قەشقەر خەلقىنى ۋەيران قىلىپ، پۇت - قولىنى چۈشەپ
قويغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئەن-
گلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تەڭسىز شەرت-
نامە ئىمزالاپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭ خەل-
قىنىڭ مەلىيە ئىنتىننى سېتىپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسىي سودىسىنى
ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىگە سۇڭلاپ بېرىپ، تەسلىمچىلىك قىل-
غانىدى. نەتىجىدە ئەينى ۋاقىتتىكى روسىيە بىلەن بولغان سو-
دا تىجارەت جاھانگىرلىكنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە زەربىسىگە
ئۇچرىغانىدى. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم مەخسۇم شىنجاڭ
سودىسىنىڭ بۇ خىل خەۋپ ئاستىدا قېلىۋاتقانلىقىغا قا-
تتىق ئېچىنىپ، مىللىي سودىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قې-
لىش ئۈچۈن دادىسىغا قاتتىق تەلەپ قويۇپ، چەت ئەلنى
زىيارەت قىلىشنى، خەلقئارا سودا تىجارەتنى
جانلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ
دادىسى ماقۇل كۆرگەندىن كېيىن مال جابدۇپ 1905-يى-
لى تىجارەتنى باھانە قىلىپ، روسىيىگە چىقىپ زىيارەت ھەم
تىجارەت قىلىدۇ. بۇ قېتىم ئېلىپ چىققان ماتا، چەك-
مەن، يۇڭ، پاختا قاتارلىق ماللىرى بازار تېپىپ پاي-
دىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كېلىپ يەنە مال
تەييارلاپ 1906-يىلى ئىككىنچى قېتىم ئۆز ئالدىغا روسى-
يىگە چىقىدۇ. روسىيىدە 1908-يىلىغىچە ئىككى يىل ئەت-
راپىدا تۇرۇپ روسىيىنىڭ قىرغىز، قازاق، ئۆزبېك، تا-
تار، تاجىك، تۈركمەن، ئەزەربەيجان قاتارلىق مىل-
لەتلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارنى ئايلىنىپ چىقىش بىلەن

قالماي، موسكۋا، لېنىنگراد، بېلورۇسسىيە قاتارلىق
جايلارغىمۇ بارىدۇ. بۇ جەرياندا ھەمدەمنى — مادارىپ،
سودا، يېزا ئىگىلىك قاتارلىق ساھەلەرنىڭ تەرەققىيات-
لىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ شۇنداق بىر نەرسىنى ئىگەللەي-
دۇكى، ھەممە تەرەققىياتنىڭ ئاساسى پەن — مەدەنىيەت
ئىكەنلىكىنى، پەن — مەدەنىيەتسىز ھېچقانداق تەرەققىيات-
قا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ
خەلقىنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ تەرەققىياتقا ئېرىشتۈ-
رۈش ئارزۇ-ئىستەكلىرى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ.

قەشقەردە جاڭ گىلىك دېگەن مانجۇ ھەربىي ئەمەل-
دارى بىر قەدەر ئىلغارلىقىنى تەشەببۇس قىلىپ شىنجاڭ-
نىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىدا بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بار-
غان بولسىمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە
خەلققە سالغان زۇلمى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەچ، ئۇ-
نىڭغا قەشقەر خەلقىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ مانجۇ كە-
شىلىرى ۋە قول ئاستىدىكى ۋاڭ-گۇڭلىرىمۇ نارازى بو-
لۇپ تۇرغانىكەن ۋە قەشقەردە چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
زۇلمىغا قارشى تۇرىدىغان گېلاۋخۇيچىلار تەشكىللىنىپ
يوشۇرۇن ھەرىكەتلىنىپ جاھانگىرلارنىڭ تەسىرىگە قار-
شى يىغىلىشلار بولغان بولسىمۇ، بىر قىسىم جاھىل مۇتە-
ئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقى سەۋەب
بىلەن ئەكس تەسىر پەيدا بولۇپ، قەشقەردىكى ئىلغار
ھەرىكەتلەرگە ۋە يېڭىچە مەكتەپنى ئېچىشقا قارشى
تۇرۇشقا تەتۈر شامال پەيدا بولغانىدى.

پەننى، مەكتەپ ئېچىپ بىلىم ئۆگىتىپ، نادانلىقتىن قۇتۇلۇش، ھۆرلۈككە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ياخشى ئىش قانداقتۇ «بۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ ئىشى، جىم تۇرۇڭلار، ئاسىيانى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ئاپەت» دەپ ھاقارەتلىنىپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ پەننىي مەكتەپ ئېچىپ يېڭىلىققا ئېرىشىش ئارزۇلىرى شۇنىڭ بىلەن بەرباد بولدى.

1909 - يىلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۆزىنىڭ قەشقەردىكى يېقىن دوستلىرى مامۇت ھاجىم، ماشىنىچى يۇسۇپ قوقان، ئېلىخان باي، نىياز ھاجىم تەمبۇر، سوپى نىياز ھاجىم قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى باشلاپ 3-قېتىم يەنە روسىيىگە تىجارەت قىلىش باناسى بىلەن چىقىپ، روسىيىنىڭ ھەر ساھە، ھەر تەبىقىدىكى كىشىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، پەن-مەدەنىيەت ۋە ئىنقىلابىنىڭ داۋلىلىرىنى ئۆگىنىدۇ، بۇ قېتىمقى ئۆگىنىشىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولىدۇ.

1911 - يىلى، جۇڭگودا دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئۇلۇغ شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى باشچىلىقىدىكى تۇنجى بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان زور تارىخىي بۇرۇلۇش خۇشخەۋىرى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم مەنچىڭ فېئوداللىق ئىستىبدات ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىنى قوللاپ شىنجاڭغا (قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ) شىنخەي ئىنقىلابىنى قوللاش جەھەتتە تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ بارىدۇ. بەلكى داۋاملىق ھالدا ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ - چوڭ شەھەر-

لەرگە بېرىپ شىنخەي ئىنقىلابىي تەرەپدارلىرى بىلەن ئالاقە باغلاپ، پائالىيەت ئېلىپ باردى. جۈملىدىن قۇمۇل خەلقىنىڭ تۆمۈر خەلپە باشچىلىقىدا ۋاڭلارغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىسيانلىرىنى قوللاش بىلەن شۇغۇللاندى.

1913 ـ يىلى ئۆزى بىلەن بىرگە روسىيىگە بارغان ئىلغار پىكىرلىك دوستلىرى مامۇت هاجىم ئۇستام، ئېلخان باي، يۈسۈپ قوقان، سوپى ئىنياز هاجىم، نىياز هاجىم تەمبۇر قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ قەشقەر شەھەر جانان كوچىسىدىكى يۈسۈپ ئاخۇن دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا تۇنجى قېتىم بىر سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ ئېچىپ، بۇ مەكتەپكە 26 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى يەنىلا ئېكسا قىتا مەكتەپ ئاچقان باۋۇدۇن مۇسابايوپقا تايىنىپ، تۈركىيىلىك ئەھمەت كامال قاتارلىق بەش نەپەر مۇئەللىمنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق يۈرۈشلەشتۈردى.

شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىنكى 2 ـ يىلى ئابدۇكېرىم مەخسۇم قەشقەر تاشمىلىقنىڭ بېگى تاشبەگ قاتارلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تاشمىلىقتا ئىككى سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ ئاچتى. بۇ چاغ ياڭ زېڭشىنىڭ شىنجاڭغا هۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغ ئىدى.

1913 ـ يىلى كۈز پەسلىدە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇل ۋە قاراۋۇللىرى قەشقەر خەلقىنىڭ بىر قىسىم نارسىدە قىز، ئوغۇل بالىلىرىنى ئالداپ، مەپە، هارۋىلاردا ئويناتقاچ ئېغىزى بىلەن چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ

كېتىش ئۈچۈن مەخپىي ھالدا ئوغۇرلاپ چىقىپ كېتىپ بار-
غانلىقىنى ئاڭلىغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم تاشمىلىقتىـ
كى مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا خەۋەر قىلىش ئارقىلىق
ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بالىلارنى قۇتقۇزۇۋالدۇ ۋە
ئەنگلىيە خادىملىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا قارشى
نارازىلىق بىلدۈرۈپ، ئەنگلىيە قاراۋۇللىرىنىڭ قورال-
لىق بېسىمىغا قارىماي قەشقەر شەھەر خەلقىنى ھەرىكەت-
لەندۈرۈپ نامايىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەنگلىيە كونسۇلخا-
نىسىنى قورشاپ ئالدۇ.

بۇ چاغدا ياڭ زىڭشىڭ ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە كونسۇل-
خانا خادىملىرىنى قوللاپ، ئۇلارنىڭ كېپىنى قىلىپ نامايـ
ىشچىلارنىڭ تەشكىلاتچىسى بولغان ئابدۇكېرىمخان
مەخسۇم، تاشبەگ قاتارلىقلارنى ئەيىپلايدۇ. ئابدۇكېـ
رىمخان مەخسۇم كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ بالا ئوغۇر-
لاشتەك جىنايى قىلمىشىنى قەتئىي ھالدا پاش قىلىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ بۇنداق قورقماس ۋەتەنپەر-
ۋەرلىك روھىدىن تەسىرلەنگەن قەشقەر خەلقى خۇشاللىنىپ
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا چىڭ قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇپ
قوللايدۇ. قەشقەر خەلقىنىڭ ۋە ئابدۇكېرىمخان مەخـ
سۇمنىڭ قورقماس نامايىش ھەرىكىتىنى كۆرگەن مەيلى
قايسى ئەللىنىڭ كونسۇللىرى بولمىسۇن، شۇنىڭ بىلەن
قەشقەر خەلقىنى بوزەك قىلىشتىن قولىنى تارتىدۇ.
ئىلگىرى نامايىش قوشۇنىدىكى تاشبەگنى جازالىـ
ماقچى بولغان ئەنگلىيە كونسۇلى تاشبەگ ئۈستىدە

مەخسۇس ئەنزەمۇ تۇرغۇزغان بولسىمۇ. ئەنزەنى بىمكار قىلـ
لىپ چازالىيالمايدۇ.

بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ رەزىللىكى پاش بولۇپ قېلىـش بىلەن قورسىقىدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا ئۆچ ساقلاپ يۈرگەن ئەنگلىيە كونسۇللى بىر قىسىم لالما كىشىلەرنى سېتىۋېلىپ، ياكزىڭشىڭ ھۆكۈمىتىگە ئابدۇكېرىمخان مەخـسۇمنى «مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇشنى باھانە قىلىپ، ئەمەلىـيەتتە ياكزىڭشىڭ ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن جەڭ مەشىقى قىلىۋاتىدۇ» دەپ چېقىپ يامانلاپ بېرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ياكزىڭشىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئاچـچىقى كېلىپ ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا مەكتەپنى تاقىـۋېتىش توغرۇلۇق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتـقۇچىسى ئەخمەت كامالنى بىگۇناھ قولغا ئېلىپ، ئۈرۈمچى ئارقىلىق ئىچكىرىگە ئەۋەتىپ تۈركمىيىگە قوغلىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم تاشمىلىقتىكى مەكتەپنىڭ مۇئەللىملىرىدىن تاشبەگ، سالاھىدىن قارى، شېرىپ ئاخۇن قاتارلىقلارنى ياكزىڭشىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىـدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش مەقسىتى بىلەن ياردەم قىلىپ ئۇلارنى تۈركمىيىگە قاچۇرۇۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەشقەرـدىكى يېڭى بىلىم يۇرتلىرى تاقىلىپ كېتىپ، قەشقەرنىڭ مەرىپەت چىراغلىرى ئۆچىدۇ.

ياكزىڭشىڭ ھۆكۈمىتى بۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئابـدۇكېرىمخان مەخسۇمنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇم ئوسـتىدە ئەنزە بېكىتىشكە ئادەم ئاجرىتىپ، زىيانكەشلىك

قىلىشنى پىلانلايدۇ. ياڭزىڭشىڭنىڭ سۇيىقەستلىك پىلانىنى بىلىپ قالغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم روسىيىگە قېچىپ كېتىدۇ.

1917 - يىلى ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ سوۋېت كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ئۇلۇغ غەلىبىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم خۇشال بولۇپ، سوۋېت بولشېۋىكلەر پارتىيىسى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنى چىن دىلى بىلەن قوللايدۇ. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1919 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، ھەممە سورۇنلاردا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈستىدە تەشۋىق - تەرغىبات ئېلىپ بارىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1905 - يىلىدىن 1924 - يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە شىنجاڭ خەلقىنى، جۈملىدىن قەشقەر خەلقىنى فېئودال - جاھىل كۈچلەرنىڭ دەھشەتلىك ئېكىسپىلاتاتسىيىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئىلىم-پەن، مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، خەلقنى نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا سوۋېت ئېلىگە بىر قانچە قېتىم چىقىپ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ كېلىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ يەنىلا خەلقنى قوزغىتىپ، ياڭزىڭشىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ خۇراپاتلىقنى ياقىلاپ، يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنى باستۇرۇشتەك مۇتەئەسسىپلىكىگە قارشى كۆرەش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ياڭزىڭشىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى قولغا ئېلىپ،

1924 - يىلى ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىندۇ. 1933 - يىلى قۇ-
مۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ تۆمۈر ئەلىنىڭ
( تۆمۈر شىجاڭ ) قوشۇنى ئاقسۇنى ئىشغال قىلغاندا،
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئاقسۇ تۈرمىسىدىن چىقىپ قەشقەر-
گە كېلىدۇ، ئۇ قەشقەرگە كېلىپلا نۇر بېشىدىكى بىر خا-
رابىنى چېقىپ ئۇنىڭ ئورنىغا مەكتەپ سالدۇرىدۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن ئۆزى مەكتەپ مۇدىرى ۋە قەشقەر مائا-
رىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولىدۇ.

«ئاپرىل ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، ئۇ قەشقەرنىڭ ما-
ئارىپ ئىشلىرىغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلۈپ مائارىپ ئىشلى-
رىغا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەش-
قەرنىڭ پەن-مائارىپ ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي
تاپىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا
دوگۋارى تۈزۈپ، سانائەت بۇيۇملىرى، پەن - مەدەنىيەت،
مائارىپقا، تەنتەربىيە ۋە كۆڭۈل ئېچىشقا دائىر ماتېرى-
ياللارنى كۆپلەپ ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەشقەر
خەلقىنى مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بىلەن
تەمىنلەپلا قالماستىن، ئەنگلىيە
قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، سودا جە-
ھەتتە قامال قىلىش، تالان - تاراج قىلىشىغا ئىمكانىيەت
قالمايدۇ.

بۇ چاغدا قەشقەردىكى ئەنگلىيە پەرەس سودىگەرلەر
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى ھاقارەتلەپ دىنسىز، قى-
زىل پاچاق، قەشقەرنى كوممۇنىستلارغا سېتىۋەتتى، ئۆز

يۇرتىغا ساتقۇنلۇق قىلدى، دەپ تۆھمەت سۆزلەر بىلەن ئېيىپلايدۇ ۋە ئەنگلىيە كونسۇلىغا چاقىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم يەنىلا ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن قەشقەر خەلقىنى يەنە، ئىلىم - مەرىپەتكە ئۈندەپ، يېڭىلىقنى تەشۋىق قىلىپ، كومپارتىيىنىڭ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەشۋىقاتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرىدۇ. ئۇ ئۆيىدىن باشقا خەيرى - ئېھسان ساندۇقى ياسىتىپ، بۇ ساندۇققا چۈشكەن پۇللارنى كەمبەغەل، يېتىم - يېسىرلەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۆز يېنىدىن بىر بۆلۈك پۇل ئاجرىتىپ، دارىلئاجىز مەكتىپى قۇرۇپ، ئىگىسىز ئاجىزلارنى يىغىپ ئوقۇتۇپ، تەربىيىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە قەشقەردە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇپ، بۇ ئۇيۇشمىغا سوپى نىياز ھاجىم، نىياز ھاجىم تەمبۇر قاتارلىق كىشىلەرنى مەسئۇل قىلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يىغىلغان ئۆشرە - زاكات، ۋەخپە يەرلەرنىڭ ئاشلىقلىرىنى مەدەنىيەت - مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىدۇ.

1934 - يىلى ماجۇڭيىڭ قوشۇنى ئۈرۈمچىدىن چېكىنىپ خوجا نىياز ھاجىمنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. خوجا نىياز ھاجىمنىڭ ئەسكەرلىرى بۇ چاغدا قەشقەر تەرەپكە قايتىپ كېلىپ ئاتۇشنىڭ ئاغۇ تاغلىرىغا

يوشۇرۇنۇپ تۇرغانىدا، ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ قەشقەر شەھىرىگە بېسىپ كىردۇ. بۇ چاغدا قەشقەر شەھىرىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قېچىپ ئۆتكەن سېپتىۋالدىجان دېگەننىڭ قىسىملىرى بار بولۇپ، بۇلار ماجۇڭيىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز قاتتىق جەڭ قىلدۇ، ماجۇڭيىڭ ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىپ، قەشقەر شەھەر خەلقىنى قاتتىق دەھشەتلىك قىرغىن قىلىدۇ. نەتىجىدە، تۆت مىڭغا يېقىن بىگۇناھ قەشقەر شەھەر خەلقى ئېتىلىپ - چېپىلىپ، جەسەتلەر سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتتىدۇ. ھايات قالغانلىرىمۇ ئۆز جېنى بىلەن قالدۇ. مۇشۇنداق بىر ھالىقىلىق پەيتتە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ماجۇڭيىڭنىڭ مەلۇم بىر قوماندانىنى ياقۇپ لوسى دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە چاقىرتىپ 300 سەر ئالتۇن ۋە باشقا نەرسىلەرنى تارتۇق قىلىپ، قەشقەر خەلقىنى ئېتىش-چېپىشنى توختىتىپ خەلقنى ئەمىن تاپقۇزۇش ھەققىدە سۆزلىشىش ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتىنى ۋە مال - مۈلكىنى قوغداپ قالدۇ.

1934 - يىلى خوجا نىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، ئەزەمخان تۆرەم، قاسىم ئەپەندى، ئاق موللا قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ مەسلىھەتچى قىلىپ تۇرغۇزدۇ.

1936 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىنىپ، 1937 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ھاكىملىقتا تۇردۇ.

1937 - يىلى 4 - ئايدا مەخمۇت شىجاڭ قەشقەرنى تاشلاپ چەتئەلگە چىقىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ماجۇڭيىڭنىڭ ئورنىغا دەسسەپ تۇرغان ماخۇسەن، مەخمۇت شىجاڭنىڭ ئەسكەر قوماندانى ئابدۇنىياز بىلەن بىرلىشىپ شىڭشىسەيگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قەشقەرنى ئىشغال قىلىش، خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى پىلانلايدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئوتتۇرىغا چىقىپ ماخۇسەن قىسىملىرىغا ئوچۇق خەت تارقىتىپ «قەشقەرنى قىرغىن قىلىش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش نىيىتىڭلاردىن يېنىڭلار!» دەپ قەتئىي تەلەپ قويىدۇ. ماخۇسەن ئەمەلدارلىرى «ئالتۇن - كۈمۈش بەرسەڭلار، بۇلاڭ - تالاڭ قىلمايمىز» دەيدۇ. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم دەرھال قەشقەردىكى چوڭ - چوڭ بايلارنى يىغىپ «ھازىر ماخۇسەننىڭ ئەسكەرلىرى شەھەر خەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى پىلانلاپتۇ، بىز شەھىرىمىزنى ۋە خەلقىمىزنى ئاسراپ قېلىش ئۈچۈن، بىر نەرسە بېرىپ، ئۇلارنىڭ نەپسىنى ئارام ئالدۇرۇپ، خەلقىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالايلى» دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىما نە توپلاپ، شەھەر خەلقىنىڭ قىرغىن قىلىنىشىنى توسۇپ قالىدۇ.

1937 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرگە ۋاقىتلىق ۋالىي بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. بۇ چاغدا مەخسۇم پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ، مەتبۇئات، نەشرىيات، تەشۋىقات ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرىدۇ، ھەتتا ئۆزى بىۋاسىتە گېزىت - ژۇرناللارغا

ماقالە، شېئىر يېزىپ خەلقنى ئويغۇتۇپ ئىلھام بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىر شېئىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

«ئەمدى مەخسىتىم ئەلنى ئويغۇتۇش،
يەنى ئىگىلەپ ھەقنى تونۇتۇش.
خەلقىمگە مەدەت، ئىلھاملار بېرىپ،
باراۋەر ھۆرلۈكنى ئىشقا ئاشۇرۇش»

مانا بۇ شېئىر ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ يۈرەك ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن شېئىر ئىدى.

1938 - يىلى سوۋېت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى گېنېرال لىسىمۇس ستالىن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى سوۋېت دۆلىتىنى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغان.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندا، ستالىن، ۋورشىلوپ، مولوتوپ قاتارلىق رەھبەرلەر قوبۇل قىلىپ سۆھبەتلەشكەن ۋە بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشكەن. بۇ سۈرەتلەر 1958- يىلىدىكى بوران - چاپقۇنلۇق مىللىي تۈزىتىش ھەرىكىتىدە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئائىلىسىدىن يوقاپ كەتكەن.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم سوۋېت ئىتتىپاقىدا زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا باشقا دۆلەتلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۇرۇشلۇق ئىلغار كوممۇنىزمچى كىشىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆزىنىڭ كومپارتىيىگە ئەگىشىپ قەشقەر خەلقىنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش جەھەتتە تولۇق ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزغان.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كېلىپلا شىنجاڭدا «ئازادلىق تەشكىلاتى» (ئازاد-

لىق جەمئىيىتى) قۇرۇشقا قاتنىشىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇ-
ھىم تەشكىلاتچىلىرىدىن بولغان. بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىلىرى
شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇھىم خىزمەتلەرنى ۋە
مەسئۇل خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كەلگەن.

1942 - يىلى شىڭشىسەي ھۆكۈمىتى ئىككىنچى دۇنيا
ئۇرۇشىنىڭ توپ ئاۋازلىرىدىن قورقۇپ، بىراقلا مەيدانىنى
ئۆزگەرتىپ، ئاق تېرورلۇق فاشىستىك سىياسەت يۈرگۈزۈپ،
جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقۇرۇش ئور-
نىنى تەقىپ ئاستىغا ئالدى، ئۇ ھەممىدىن تەڭگۇمانلىنىپ
شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى نوپۇزلۇق، بىلىم-
لىك زىيالىيلارنى ۋە بىر قىسىم ئىلغار زاتلارنى قاماققا
ئالدى.

شىڭشىسەينىڭ بۇنداق تېرورلۇق سىياسىتىدىن نارازى
بولغان ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ
ھەرىكىتىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرۇپ، شىڭشىسەي ھۆكۈمى-
تىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى پاش قىلىپ، ھەر قايسى جايلار-
دا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. «ئازادلىق
تەشكىلاتى» نىڭ تەشۋىقاتىدىن ئالاقزادە
بولغان شىڭشىسەي تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، كەڭ دائىرىلىك
تۇتقۇن قىلىشنى باشلاپ، قەشقەردىن ئىسھاق بەگ لۈيجاڭ
(كېيىنكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشقۇماندانى)، خوتەندە
ئالاھىدە خادىم بولۇپ تۇرغان قاسىم ئەپەندى، قەشقەردە
ھاكىم بولۇپ تۇرغان نەقى قارى ھاجىم، ھەمدۇللا شەن-
جاڭ، نەبىجان قاتارلىق بىر قانچە ئون كىشىنى قولغا

ئېلىپ، ئۇلارنى 1942 - يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا
ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىغا قامايدۇ.
بۇ چاغدا، «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ ھەممە ئىشى
دېگۈدەك ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا قەپقالىدۇ.
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بۇ تەشكىلاتنىڭ ھەم ئالاقىچى-
سى ھەم تەشكىللىگۈچىسى، تەشۋىقاتچىسى بولۇپ ئىشلەش
ئارقىلىق، بۇ تەشكىلاتنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىدۇ
ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۇندىن باشقا، يەنە «خەلقچىللىق
بىرلەشمىسى» دېگەن بىر تەشكىلاتنى قۇرۇپ «ئازادلىق
تەشكىلاتى» بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بۇ تەشكىلاتلارغا ئەزا قو-
بۇل قىلىش، ئاخبارات يىغىش، ئالاقە باغلاش قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلەپ، 1943- يىلىغى-
چە بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئاقسۇ، يەكەن، خوتەنلەرگىچە شۆبى-
سىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بۇ خىل ۋە-
زىيىتى شىڭشىسەينى تېخىمۇ چوڭ ساراسىمىگە سېلىۋېتىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن شىڭشىسەي تېخىمۇ ئەشەددىيلىشىپ قەش-
قەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن بىر قېتىمدىلا 600 دەك
ئىلغار كىشىلەرنى تۈرمىگە تاشلايدۇ. بۇ تۈرمىگە تاشلان-
غان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە «ئازادلىق تەشكىلاتى» ۋە «خەلق-
چىللىق بىرلەشمىسى» نىڭ ئادەملىرىدىن 146 نەپەردىن ئار-
تۇق كىشى بار بولۇپ، بۇلاردىن 14 كىشى 1945 - يىلى تۈر-
مىدىن ھايات چىققان، بۇلار ئىچىدە كېيىن قەشقەر شەھەرلىك
سىياسىي كېڭەشكە مۇئاۋىن رەئىس بولغان قاسىم تاش

(بۇ كىشى ھازىر ئالىمىدە ھايات، پېنسىيىگە چىققان)
بار. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر شىڭشىسەينىڭ تۇتقۇن قىلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ سوۋېت دۆلىتىگە ئۆتۈپ كەتكەن.

مۇشۇ نۆۋەتتە شىڭشىسەي ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئائىلە، بالا چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ ئورۇمچىگە ئېلىپ كېتىپ نەزەربەنت قىلغان. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1943 - يىلى 11 - ئايغىچە ئورۇمچى ياڭخاڭ كوچىسىدىكى چاناشوپىنىڭ تۇغقىنى ياقۇپ تاتار دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىدا قوراللىق نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم يەنىلا ئىنقىلابىي ھەرىكەتتىدىن توختىمايدۇ. 1943 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرى مەخسۇمنى قويۇپ بېرىدۇ. 1942 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە گومىنداڭ فىرقىسى قۇرۇلغاندا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ قەپقالغان ئەزالىرىدىن سايىت بەگ، سابىتباي قاتارلىق قىرغىز مۆتىۋەرلىرىگە خەۋەر بېرىپ ئوپال، تاشمىلىق، ئويتاغ ئاغزى، بۇلاقسۇ قاتارلىق ئورۇنلاردىكى «ئازادلىق تەشكىلاتى» نىڭ ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، شىنجاڭدا جۈملىدىن قەشقەردە گومىنداڭ فىرقىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىدۇ. ئۇلار مەخسۇمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش پىلانىنى تۈزەيدۇ. لېكىن قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئالدىدا بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قالغان شىڭشىسەي ئىچكى قوغداش ئىدارىسىنىڭ

ئەمەلدارلىرى لى پېڭجى، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا نازا-
رەتنى كۈچەيتىدۇ، ھەتتا چاقىرتىپ ئەكېلىپ سوراق قى-
لىپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك تەشكىلات بىلەن بول-
غان مۇناسىۋىتىنى تاپشۇرۇش ھەققىدە قىيىن قىستاققا
ئالىدۇ. مەخسۇم ئىقرار قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇلار نازا-
رەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم
تەشكىلاتلارغا مەخپىي ھالدا ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ، شىڭشى-
سەينىڭ ئاغدۇرۇلۇش ئالدىدىكى رەزىل ۋەزىيىتىنى تو-
نۇشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتنى ۋاستە ئارقىلىق قويۇقلاشتۇرىدۇ.
بۇ چاغدا، بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم
خائىنلار چېقىمچىلىق قىلىش سەۋەبىلىك پاش بولۇپ قېلىپ،
تەشكىلات ئەزالىرىدىن سابىت بەگ، ساتىباي، سىدىق
مۇسايۇپ قاتارلىق كىشىلەر قولغا ئېلىنىدۇ.

شىڭشىسەي يۇقىرىدىكى بىر نەچچە كىشىنى قولغا
ئېلىش بىلەن ئىنقىلابىنىڭ ئوت ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرەل-
مەيدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى «ئازادلىق تەشكىلات» لىرى
تېخىمۇ كۈچىيىپ، شىڭشىسەي ۋە گومىنداڭلارنىڭ ئەكسى-
يەتچى سىياسىتىگە قارشى كۈرەشنىڭ ئوت ئۇچقۇنلىرى
تېخىمۇ ئۇلغىيىدۇ.

بۇ چاغدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ھەرىكەت
پائالىيەتلىرى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا چاقماق
تېزلىكىدە تارقىلىۋاتقان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ
رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ھەر تەرەپتە قۇرۇلۇشقا باشلى-
غان پەيت ئىدى.

بۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بىر تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تەشكىلاتلىرى بىلەن مۇناسىۋەت باغ- لاپ، يەنە بىر تەرەپتىن قەشقەردىكى يەرلىك تەشكىلات- نىڭ ئەزالىرىنى قوزغىتىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈ- چۈن ھەر بىر جايلاردىكى ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلار بىلەن ئالاقىنى چىڭىتىۋاتقانىدى . ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلا- بىنىڭ ئاتاقلىق رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى 1943 - يىلى 9- ئايلاردا شىڭشىسەينىڭ تۈرمىسىدىن چىققاندا ئاب- دۇكېرىمخان مەخسۇم بىلەن كۆرۈشۈپ تەسەللى بېرىپ بۇ قاراڭغۇلۇق ۋاقىتلىق ھادىسە ئىكەنلىكىنى، پات ئا. رىدا تاڭ يورۇپ شىنجاڭ خەلقىنىڭ ھۆرلۈك - بەختكە ئې رىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يېڭى خىزمەتكە تەييار تۇرۇشنى جېكىلەپ قايتقانىدى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1943-يىلى 11 - ئايدا ئازاد بولۇپ چىقىپ، قەشقەرگە قايتىپ كې- لىدۇ . ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىلگىرى- كى تەشكىلاتى بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئىنقىلاب ئىشلىرىنى قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا شىڭشىسەيگە قارشى تۇرۇش پا- ئالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ كىشىلەرنى ئويغىتىش، تەشكىللەش، نامايىش قىلىش قاتارلىق يىغىلىش بىلەن بولىدۇ . 1944 - يىلى شىڭشىسەي ھۆكۈ- مىتى ئاغدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋۇجۇڭ- شىن دېگەن بىر نېمە دەسسەپ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ . ۋۇ جۇڭشىن رەئىس بولۇپلا شىنجاڭ بويىچە بىر كاتتا يىغىن ئېچىپ، بۇ يىغىنغا ئابدۇكېرىم-

مخان مەخسۇمنى تەكلىپ قىلىپ چاقىرتىدۇ. يىغىندا ۋۇجىڭشىن
شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى ياخشىلاپ خەلقنى باي قىلىش توغرى-
سىدا سۆزلىگەندە، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم شۇنداق دەيدۇ:
« بىز شىنجاڭ خەلقىنىڭ نېمە گۇناھىمىز بار؟ تۇرمى-
دىكى مەھبۇسلار نېمە گۇناھ قىلدى؟ سەنلەر بىگۇناھ قې-
رىنداشلىرىمىزنى تۇرمىغا سولاپ قويۇشتۇڭ. ئۇلارنى
دەرھال قويۇۋېتىش! بولمىسا شىنجاڭ خەلقىدىن قۇتۇ-
لۇشۇڭ تەس بولىدۇ. مېنى سەن يىغىنىڭغا تەكلىپ
قىلدىڭ، كەلدىم، مېنىڭ ساڭا دەيدىغان سۆزۈم مۇشۇ.
ئاپىرىدىغان يېرىڭگە ئاپىرىپ قاماسەن، قىلىدىغىنىڭنى
قىل» دەپ ۋۇجىڭشىننى ئىللايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاب-
دۇكېرىمخان مەخسۇمنى يەنىلا رىجىمگە ئالىدۇ.
1944 - يىلى 9 - ئايدا ئىلىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدىن
باشلانغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دائىرىسى كۈنسېرى
كېڭىيىپ غەلىبىدىن - غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، جەڭ
مارشى شىنجاڭنىڭ كەڭ ئاسمىنىنى زىلزىلىگە كەلتۈ-
رۈش ئارقىلىق ۋاقىتلىق بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا،
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ۋۇجىڭشىننىڭ تۈرمىسىدىن ئا-
زاد قىلىنىپ، 1945 - يىلى 2 - ئايدا قەشقەرگە قايتىپ
كېلىپ « ئازادلىق تەشكىلاتى » نىڭ ئەزالىرىنى تېخىمۇ
كۆپەيتىپ ئويتاغ، ئۈلۈغچات، قىزىلبوي، بۆرى توقاي،
ئوپال، تاشمىلىق، بۇلاقسۇ قاتارلىق ئورۇنلارنى بازا
قىلىپ، ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىپ بىر گۇرۇپپىغا تاشمى-
لىقلىق قاسىم تاش، يەنە بىر گۇرۇپپىغا ئۆزى مەسئۇل

بولۇپ، بۆرى توقاي، قىزىلبۇيىدا تۇرۇپ ئىنقىلابىي
ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. تاشقورغاندا بولسا، نۇراجى،
گۈلىجان قاتارلىقلار جاي-جايلاردىكى ئىلغار زىيالىيلار-
نى تەشكىللەپ بىر تەرەپتىن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ
ئاممىنى ئويغۇتۇش بىلەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قو-
رالىق ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
مارالبېشىدا ئابدۇرېھىم سابىر، ئابدۇرېھىم لې-
تىپ، ئابدۇقادىر ھاجى، مەكىتتە مەھەممەتخان ھاجىم،
ئابدۇقادىر خەلىپە، موھەممەدىن نىياز؛ پوسكامدا مىراپ،
قاغىلىقتا ئابدۇقادىر، ھامۇت مەھمۇدى؛ يەكەندە
ئابلاجان باي، يېڭىسارىدا ئابدۇغوپۇر بەگ قاتارلىق كى-
شىلەر باش كۆتۈرۈپ، قەشقەردىكى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم
ئۇيۇشتۇرغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە ماسلىشىدۇ.
مەھەممەت ئېيىسا دېگەن كىشى تاش-
قورغاندىكى قوراللىق قوزغىلاڭچىلار
ئەترىتىنى، تاشمىلىق، بۆرى توقاي، قىزىلبويىدىكى تەشكى-
لاتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاقىچىلىق، تەشۋىقاتچىلىق
خىزمىتىنى ئىشلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئابدۇكېرىمخان
مەخسۇم جەنۇبىي شىنجاڭدىكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل
ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ تەشكىلاتچى-
لىق خىزمىتىنى ئۆتەيدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بۇ قوراللىق قوزغىلاڭچىلار-
نىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدىن چۆچۈگەن گومىنداڭ دائىر-
لىرى جۇڭگونىڭ باشچىلىقىدا بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى
قەشقەر شەھەر تۆشۈك دەرۋازىدىكى ساقچىغا ئورۇنلاش-

تۇرۇپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئائىلىسىنى كۆزد-
تىمىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇپلا قالماي، يەنە بىر قىسىم گو-
مىنداڭ ھەر بىرگە باغلانغان ئىشپىيونلارنى پايلاقچىلىق
قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ پايلاقچىلارنىڭ كۆ-
زىتىشلىرىدىنى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بىلىپ تۇ-
رۇپمۇ يەنىلا ئۆز ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ. شۇن-
داقلا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ئابدۇكېرىمخان
مەخسۇمغا ماسلىشىپ، خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئابلىز مۇ-
ھەممەدىنى قەشقەرگە ئەۋەتىدۇ.

ئابلىز مۇھەممەدى قەشقەرگە كېلىش بىلەن تەڭ گو-
مىنداڭ دائىرىلىرى بىلىپ قېلىپ، موخەنچىڭ (مۇھەممەت
شاھ) دېگەن ھەربىي ئەمەلدارى ئارقىلىق ئابلىز مۇھەممەدىگە
تەھدىت سېلىپ، قەشقەردە تۇرۇپ خىزمەت ئىشلىشىگە ئىم-
كانىيەت بەرمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئابلىز مۇھەممەدى ئا-
تۇشقا كېتىپ ئۆزىنى مۇداپىئەگە ئالىدۇ. بۇ چاغدا جە-
نۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى يېتەكلەش يەنىلا
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا قالىدۇ. ئابلىز مۇھەممەدى
ئاتۇشقا كېتىپمۇ گومىنداڭنىڭ رەزىل پايلاقچىلىرىنىڭ
پاش قىلىپ قويۇشى بىلەن ئاتۇشتا قولغا ئېلىنىدۇ. 1945-
يىلى 8- ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىل-
لاردىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن زۇلۇمغا قارشى كۆرە-
شى تاشقورغاندا پارتلاپ جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئۈ-
مىد چىرىغىنى ياندۇرىدۇ.

بۇ كۆرەش كۆلخانلىرىدىن قورقۇپ ئۆپكىسىنى با-
سالماي قالغان گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى جەنۇبىي

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى تۈرمىلىرىدىكى مەھبۇسلارنى بىراقلا ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىغا كېلىپ، قەشقەر ۋە قىزىلبوي تۈرمىلىرىدىكى مەھبۇسلاردىن 310 نەپەرنى ھەر خىل قەبىھ ئۇسۇل بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، قەشقەر 1-، 2-، 3- تۈرمىدىن يەنە 396 نەپەر مەھبۇسنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. (بۇنىڭ ئىچىدە ئابلىز مۇھەممەدى، سىدىق مۇسا يوپلارمۇ بار ئىدى). ئۇنىڭدىن باشقا تۈرمە سىرتىدىكى بىر قىسىم زىيالىيلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى قىرغىن قىلىپ ئوت قويۇشنىمۇ تەڭ قارار قىلىشىدۇ.

بۇ چاغدا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم گومىنداڭنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قوماندانى ياڭ دۇلياڭغا تېلېفون بېرىپ قەشقەرنى قىرغىن قىلىپ ئوت قويۇشنى دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە سوۋېتنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن كونسۇلىغىمۇ تېلېفون بېرىپ: گومىنداڭچىلار شەھەرگە ئوت قويۇپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى، زىيالىيلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنى قارار قىپتۇ. شەھەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئىستىھكام قۇرۇپ شەھەر خەلقىنى قىرغىن قىلماقچى بولۇپ تەييارلىنىۋېتىپتۇ، ئۇنداق قىلسا شەھەر خەلقىگە ئۇۋال بولىدۇ، شەھەر ۋەيران بولىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ جىددى تەدبىر قوللىنىپ قەشقەر خەلقىگە ياردەم قىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم جامائەت پىكرى تەييارلاپ كەڭ قەشقەر شەھەر خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش تەدبىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق شەھەردە قان تۆكۈلۈپ ۋەيران بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي
فرونتىدىكى جەڭچىلەرنى روھلاندۇرۇپ ئاخبارات
توپلاش تەشۋىقاتىدىنى ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنى ماتېرىيال بىلە-
لەن تەمىنلەپ تۇردى.

1946 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گومىنداڭ بىلەن
11 مادىدىلىق تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالىنىپ شىنجاڭ
ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ئابدۇكېرىم -
خان مەخسۇم شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دائىمىي ئە-
زاسى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە گارنىزون
قوماندانى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.
بېتىم بويىچە يەتتە ۋىلايەتتىكى خەلقچىل سايلام
ئېلىپ بېرىلغاندا سايلام خىزمىتىگە ئابدۇكېرىمخان مەخ-
سۇم باشچىلىق قىلىدۇ.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى لەۋزىدە تۇرماي 11 مادىدى-
لىق تىنچلىق كېلىشىمىگە خىلاپلىق قىلغاندا، بېتىمنى ئاك-
تىپ قوللىغان خەلقچىل زاتلارنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى
كۈچلىرى ھەر جەھەتتىن سىقىپ تەھدىت سالىدۇ. بۇچاغدا
ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم يەنىلا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارنى
ئۆز ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىپ قوغدايدۇ. گومىنداڭ ھۆ-
كۈمىتى بىر قىسىم يالالىما كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ ئاب-
دۇكېرىمخان مەخسۇمغا قارشى نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر
يۈز بىر جەھەتتىن تەھدىت سېلىپ بېسىم ئىشلەتكەن بولسىمۇ،
پىسەنت قىلماي ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، ھەتتا تۈر-
مىدىكى قولغا ئېلىنغانلارنى قويۇۋېتىش ھەققىدە گومىن-
داڭ ئەمەلدارلىرىغا خەت يېزىپ، ئارقىدىنلا قەشقەر خەلق-

قىنى گومىنداڭغا قارشى قوزغاپ نامايىش ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ نامايىشتا ئابلىز مۇھەممەدى، ئەنۋەر ئېزىز، ئابلا مەھمۇدى، سەمەت ئەمەت قاتارلىق ئىلغار زىيالىيلار-نى قوشۇنغا مەسئۇل قىلىپ، ئۆزى ئۇلارنى يېتەكلەيدۇ. ئابلىز مۇھەممەدى، قاسىمجان قەمبىرىلەرگە جەنۇبىي شىنجاڭ ياشلىرىنى گومىنداڭغا قارشى كەڭ كۆلەمدە ھە-رىكەت قوزغىشى ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىدۇ ۋە بۇ ياش-لار ھەرىكەتنى تازا ئەۋجىگە ئالدۇرىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتى-كى رولىنىڭ مۇھىم ئورۇننى تۇتۇشىنى، 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئاتاقلىق رەھبەرلىرىدىن ئەھمەتجان قاسىمى، ئەنۋەرخان بابا، ئەلقەم ئەختەم قا-تارلىقلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ مەخسۇمنىڭ بې-غىدا كېچە - كۈندۈز بىرگە بولۇپ، مۇھىم سۆھبەتلەردە بولۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقىدىنمۇ ئايرىم-قارىغىلى بولمايدۇ (ئۇ چاغدا ئۇلار بىلەن بىرگە سۈ-رەتكە چۈشكەن).

1949- يىلى شىنجاڭ تىنىچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ئەرپىسىدە يېچىڭ، ماچىڭشاڭ، لىشۇرىن قاتارلىق گو-مىنداڭنىڭ غوللۇق ئەمەلدارلىرى ھەقىقەتكە قايتىشقا چاقىرىلىق بىلەن قارشى چىقىپ، ئۆلكە مالىيەسىدىن نۇر-غۇنلىغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېلىپ چەتئەلگە قېچىپ كېتىش نىيىتى بىلەن قەشقەردە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ قىرغىنچىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان چاغدا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم

قەشقەردىكى گومىنداڭنىڭ جۇنجاڭى جاۋ شىگۇاڭغا تېلېفون بېرىپ، ماچىڭشاڭ، لى شۇردىن قاتارلىقلارنىڭ قەشقەرخەلقىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىنى دەرھال توختىتىش ھەققىدە تەلەپ قويىدۇ ۋە گومىنداڭ ھەربىي ئەمەلدارى ماچىڭشاڭنى ۋالىي مەھكىمىسىگە چاقىرتىپ: سىلەرگە نېمە كېرەك؟ نېمە ئۈچۈن قەشقەردە بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى ئېلىپ بارىسىلەر؟ قەشقەر خەلقى بىلەن تولا ئېيتىشماڭلار! قەشقەر خەلقىنى بوزەك قىلماڭلار! سىلەرگە لازىم نەرسىنى ماڭا دەڭلا! مەن ھەل قىلىپ بېرىمەن، دەيدۇ. ھەتتا گېنېرال تاۋسىيۈي، بۇرھان شەھىدىلەرگە تېلېگرامما يوللاپ، ئۇلارنىڭ قەشقەرنىڭ تىنچ - بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەر خەلقىنىڭ تىنچ - بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مارالبېشى يايلاقلىرىدا بېقىۋاتقان قويلىرىنى سېتىپ ۋە ئۆزىنىڭ بىساتىدىن بىر قىسىم ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى چىقىرىش ئارقىلىق گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ تويماس نەپسىنى ئارام ئالدۇرۇپ، قەشقەرنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھەربىيلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ قالىدۇ.

1949 - يىلى 25 - سېنتەبىر كۈنى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغانلىق خەۋىرى ئېلان قىلىنغاندا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قەشقەرنىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قەشقەرگە كەلگەندە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قىزغىن قارشى ئالدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئازادلىقتىن ئىلگىرىلا ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئاكتىپ ھىمايە قىلغان ۋە قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن ئىلغار ئىنقىلابىي زىيالىلارنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، ئۇ قەشقەردىكى كۆپلىگەن زىيالىلارنى ئىلغار ئىدىيە بىلەن قوراللىنىش، ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرگەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ دوستلۇقىنى مۇستەھكەملەش يولىدا زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن ئىلغار ئىنقىلابىي دېموكرات.

1950 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ جۇڭگو - سوۋېت ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى چىڭىتىش يولىدا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن لېنىن، ستالىنلارنىڭ باش قىسمى چۈشۈرۈلگەن ئىككى دانە ئالتۇن ئىزنەك تەقدىم قىلدۇ.

1950 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى 1225 - نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە قوشقان تۆھپىسىگە ئاساسەن ئۇنى غەربىي شىمال ھەربىي ۋە مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ تەپتىشى قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

1951 - يىلى 5 - ئايدا ئۇ ئۆلكىلىك بىرىنچى ھەربىي ئىشلار يىغىنىغا ۋەكىل بولۇپ قاتنىشىدۇ.

1951 - يىلى ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىدە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئۆزى پۈتۈن جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان ئىقتىساد، مال - مۈلۈك ياردەم قىلىدۇ. 1952 - يىلى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم بەكلا ياشىنىپ قېلىش سەۋەبلىك ئۆز خىزمىتىدىن ئىستېپا سورىغان بولسىمۇ جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى 1953 - يىلى 12 - ئايدا 5592 - نومۇرلۇق ھۆججەت چۈشۈرۈپ يەنىلا غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ خەلق تەپتىشلىكىدە داۋاملىق خىزمەت ئىشلەشكە تەيىنلەيدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم 1955 - يىلى 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قەشقەردە كېسەل بولۇش سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولىدۇ. مەشھۇر ئىنقىلابىي دېموكرات ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ ھاياتى — ئىنقىلابىي ھايات. قەشقەر خەلقىنى ئىلىم - مەرىپەتكە باشلىغان، جاھانگىرلىككە، فېئودال مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان ھايات. شۇڭا شىنجاڭنىڭ مەيلى قايسى جايلىرىدا بولمىسۇن ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ نامى - شەرىپلىرى تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇنىڭ جەسۇر قامىتى، ياخشى خىسلىتى، كۈرەشچان غەيرىتى، دېموكراتىك خۇسۇسىيىتى، ئاممىباپلىقى، ۋەتەن - خەلققە بولغان كۆيۈمچانلىقى، ئەكسىيەتچىلەرگە تېز پۈكمەس غەييۇرلۇقى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولىدۇ.

(بۇ ماقالىنى شىرىپ خۇشتار ۋە مەخسۇم ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ماتېرىيال بېرىش ۋە ئەسلىمىسىگە ئاساسەن قەمەرجان رەتلەپ تەھرىرگە تەييارلىغان.)

1986 - يىلى 23 - ئوكتەبىر.

# ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى

## شاۋرۇك

ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئورنى سەمەن يولى بويىدىكى چىنىباغ مېھمانخانىسىدا ئىدى. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى قۇرۇلۇشىغا تەخمىنەن 1912 - يىلى ئىش باشلانغان (ئازادلىقتىن كېيىن بۇ ئورۇننى رەتلەپ رېمونت قىلىش جەريانىدا «1912 - يىلى» دېگەن رەقەم ئويۇلغان خىش پارچىلىرى قېزىۋېلىنغان) 1917 - يىلى پۈتتۈرۈلگەن. كونسۇلخانىنىڭ شۇ ئەينى ۋاقىتتىكى كۆلىمى 33 مىڭ كۋادرات مېتىر ($33000m^2$)، دەرۋازىسى غەربكە قاراشلىق، ئىشىكتىن كىرىشكە ئۇدۇل يول بولۇپ، ئىچكەركى ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسىغا تۇتىشىدۇ؛ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى كورپۇس $300m^2$ كېلىدىغان ئىمارەت سېلىنغان، يولنىڭ جەنۇبىدا بىر بۆلۈك ئەنگلىيە پوسۇنىدىكى ئىمارەت تا بۈگۈنگىچە ساقلاپ قې-

لىنغان. بۇ ئىمارەت ئەينى يىللاردا كونسۇلخانا كاتىپى-
نىڭ ئىشخانىسى قىلىنغان، سول تەرەپكە ئەسلىدىكى ئى-
مارەتلەرنى چېقىپ تاشلاپ يېڭىدىن ئۆيلەر ياسالغان.

ئىككىنچى دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن ئىككى تە-
رىپىدە كۆپ بۇلۇڭلۇق چەمبەر شەكىلدىكى ئۆي بولۇپ
ئىچىنىڭ دىئامېتىرى ئۈچ مېتىرچىلىك، ئېگىزلىكى بەش
مېتىردىن ئېگىزرەك كېلىدۇ. بۇ چەمبەر شەكىللىك ئۆينىڭ
ئۈستىدە ئالتە تۈڭلۈك قويۇلغان، ئەينى يىللاردا ئەنگلى-
يىنىڭ بايرىقى مۇشۇ ئۆينىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان، ئىچ-
كەركى هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپىغا گۈل تېرىلغان. بۇ
هويلىنىڭ ئىچىدە 1000 $m^2$ مېتىرچە كېلىدىغان
تەنھەرىكەت مەيدانى بار، جەنۇب تەرىپىدە بىر تۈپ
سېدىگە ئۇلانغان رېدە دەرىخى تا بۈگۈنگىچە
ئاسىرلىنىپ كەلمەكتە. بۇ رېدە دەرىخىنىڭ
دىئامېتىرى بىر مېتىر 30 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 15 مېتىر-
چە كېلىدۇ. كونسۇلخانىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك پىششىق
خىشتىن قوپۇرۇلغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئاساسلىق بىناسى
مۇشۇ رېدە دەرىخىنىڭ يېنىغا سېلىنغان. كونسۇلخانا
ئىشخانىسى بىلەن ئاخبارات ئورگىنى مۇشۇ بىنا ئىچىگە
ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئەينى يىللاردا ئەنگلىيە جاھانگىر-
لىكىنىڭ تاجاۋۇزچى ئۇنسۇرلىرى مانا مۇشۇ قەدىمكى بى-
نادا جىنايى جاسۇسلۇق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىناتتى.
بىنانىڭ ئارقىسىدىكى ئىچكەركى هويلىنىڭ كۈن چىقىش
تەرىپىدە ئورنى بەش موچە كېلىدىغان باغ بولۇپ، ئەن-
جۈر، ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلىك

دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن. كونسۇلخانىنىڭ شەرق
تەرىپىدىكى تېمى هازىرقى تاشقى سودا يېڭى تېۋىتزا-
ۋۇتىغا تۇتۇشىدۇ.

شىڭشىسەي هاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىلدە، «جا-
هانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى،
ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاخبارات تورلىرى تازىلى-
بېتىلدى، 1945 - يىلى ئەنگلىيە قەشقەردىكى كونسۇل-
خانىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، كونسۇلخانىنىڭ ئۆي ۋە
مۈلۈكلىرىنىڭ هەممىسىنى هىندىستان بىلەن پاكىستانغا
ئۆتكۈزۈپ بەردى، كېيىنكە كەلگەندە بۇ جاي هىندىستان
بىلەن پاكىستان كونسۇلخانىسىغا ئايلاندى.

1950 - يىلى 26 - يانۋار كۈنى هىندىستان مۇستەقىل
بولغانلىقىنى جاكالاپ (جۇمهۇرىيەت قۇرۇپ ئەنگلىيە-
ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەت بولۇپ تۇرۇۋەردى)، دۆلىتىمىز
بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى. هىندىستان بى-
لەن پاكىستان داۋاملىق قەشقەردە كونسۇلخانا تەسىس
قىلدى.

1952 - يىلى هىندىستاندا خەلق سوتسىيالىستلار
پارتىيىسى قۇرۇلدى. بۇ پارتىيىنىڭ كاتىبېشى لوبىيە
چېكىدىن ئاشقان ئامېرىكا پەرەس بولۇپ، دۆلىتىمىز بىلەن
بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى، 1954 - يىلى
هىندىستان بىلەن پاكىستان كونسۇلخانىسى ئەمەلدىن
قالدۇرۇلدى. ئۇلار كېتىش ئالدىدا هىندىستان تەۋەلى-
كىدىكى مۇهەممەت ئىسىملىك بىر دەرۋازىۋەننى
قالدۇرۇپ كەتتى، كېيىنچە بۇ دەرۋازىۋەن جۇڭگو تەۋە-

لىكىگە ئۆتۈپ جۇڭگو پىرقاسى بولدى. ھىندىستان بىلەن پاكىستاننىڭ بۇ كونسۇلخانىسىنىڭ ئىسمى كېيىن ئۆزگىرىپ چىنىباغ مېھمانخانا (ئالاقە باغلاش ئورنى) غا ئۆزگەرتىلدى. مۇھەممەت ئىمىن بۇ ئورۇننىڭ خىزمەتچى خادىمى بولۇپ قالدى.

**ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ھەرىكەتلىرى**

ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى مۇھىم قىلىپ تۇرلۇك ئاخباراتلارنى توپلاش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئاخباراتنى تېزلىك بىلەن ئۆز دۆلىتىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەنگلىيە تەرەپ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە (دىخۇاغا) سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ماقۇل بولمىغاندىن كېيىن 1918 - يىلى ئەنگلىيەنىڭ ماكىنىسى سىمسىز تېلېگراف شىركىتىنىڭ ئىنژېنېرى داۋكىلىيېي بىلەن ھاسىفىي قەشقەرگە كېلىپ كونسۇلخانا ئىچىگە بىر يۈرۈش سىمسىز تېلېگراف قوبۇل قىلىش، تارقىتىش ئاپپاراتىنى قۇراشتۇرۇپ بەرگەن.

ئەنگلىيىلىكلەر سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتى ئورنىتىش پەيتىدىن پايدىلىنىپ، كونسۇلخانىنىڭ ھويلىسىدىكى ئىككىنچى دەرۋازا ئالدىغا تىكلىگەن دۆلەت بايرىقىنى چىقىرىش موسىمىنى نىقاپلاپ ئانتېننا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاخبارات قوبۇل قىلىش ۋە ئاخبارات يەتكۈزۈش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، كونسۇل ۋە كونسۇلخانىدىكىلەردىن جېلىد بىلەن بىكىمان دۆلىتىمىزدە نۇرغۇنلىغان جىنايى ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى.

بىكمان 1938 - يىلى 7 - ئايدا (مىنگونىڭ 27 - يىلى) ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ باش كونسۇلى بولۇپ تەيىنلەندى. ئۇ ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى راخى باينى جاسۇسلۇق ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا سالدى، بۇنىڭ ھەرىكىتى بىزنىڭ ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ سېزىلىپ جاۋابكارنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى، جۇڭگو قانۇن ئورنىنىڭ سوراق قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بىكمان ئۇنى يوشۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن جاۋابكار كونسۇلخانا ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ قانۇننىڭ سىرتىدا قالدى. يەرلىك ھۆكۈمەت ئەنگلىيە تەرەپ بىلەن كۆپ قېتىم سۆزلەشكەندە ئەنگلىيە تەرەپ جاۋابەن «ھۆكۈمىتىڭلارنىڭ 1 - مارت كۈنىدىكى 11 - نومۇرلۇق ئالاقىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئىچكى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتۇق. راخى باي ئۆلكىنىڭ بۇ قېتىمقى سۇيىقەست ئەكسىيەتچىل تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئامانلىقىغا زىيان سېلىپ قالماستىن، بەلكى جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە دۆلەتلىرىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولدى...» (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئارخىپ كونا توپلام 230) دەپ جاۋابكارنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئارقىغا سوزدى.

دۆلىتىمىزنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا جاۋخۇي تاپشۇرۇپ راخى باينى سوراق قىلىشقا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ھەمدە ئۈچ كۈن ئىچىدە دۆلىتىمىز چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى.

دۆلىتىمىز يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەلىپىگە بىك-
مان قۇلىقىنى يوپۇرۇۋېلىپ دۆلىتىمىزنىڭ يەرلىك ھۆك-
ۈمىتىگە جاۋابەن بايانات ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
«شىنجاڭ بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ دوستلۇقى-
نى ئىلگىرى سۈرۈشكە بۇزغۇنچىلىق قىلدى دەپ راخىباي-
نى چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ جىنايىتىنى ئىس-
پاتلايدىغان پاكىتلار بولۇش كېرەك. بولمىسا، پۈتۈن ئىش-
لارنى قايتا ئورۇنلاشتۇرۇپ دۆلىتىڭلار راخى باينى ئۈچ
كۈن ئىچىدە چېگرىدىن چىقىرىۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق
چۈشۈرۈش كېرەك...» (يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش).

ئالتە يىلدىن كېيىن، 1944-يىلى 13- ئاپرىل كۈنى جېلد
بىكمانىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئورنىغا دەسسە-
يدۇ. ئۇ جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ ئەسەبىلەرچە
ئېلىپ بارىدۇ. ئالتە يىلدىن كۆپرەك يوشۇرۇنۇپ ياتقان
راخى باينى قويۇپ بېرىدۇ. باشقا جاسۇسلار بىلەن بىرگە
شەھەر ئىچىدە كەڭ تۈردە ھەرىكەت قىلىدۇ.

راخى باي خەلق ئارىسىدا «ئەلى، خوتەنلىكلەر ھۆكۈ-
مەتنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى» دەپ پىتنە - ئىغۋا تارقىتىدۇ.

ئەنگلىيە پوچتىكېشى نىياز ئاخۇن: «مەھمۇت، ما-
خۇشەنلەر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قۇمۇل قاتارلىق جايلار-
دا كىچىك ئاخۇن بىلەن بىرگە قەشقەرگە كېلىشىنى كۈتۈپ
تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن. ئۇ يەنە «ئالدىنقى ۋەزىپە ئۆتىگەن.
كونسۇل چاسىنىن ئىش قىلىشىنى ئۇقمايتتى. شۇڭلاشقا يېڭى-
دىن كونسۇل ئالماشتى. بىز بىلەن دۈشمەنلەشكەن كىشى.

بىر ئاي ئۆتكەندە شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈۋالالايدۇ» دېگەن.

ئەنگلىيە مۇھاجىرى مەھەممەت ئابدۇۋايىت: «ھازىر شىنجاڭ بىلەن سوۋېتنىڭ قاتنىشى بىز تەرەپتىن قامال قىلىندى، بۇ جايدىكى ھۆكۈمەت قورقتى، شۇڭا بىز بىلەن يېقىنلاشماقچى» دېگەن.

ئەنگلىيە باش سودىگىرى ئابدۇلھەيت: «جۇڭگو- ياپون ئۇرۇشى ئامېرىكىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن توختىدى. گېرمانىيە بىلەن ياپونىيە ھەمكارلىشىپ سوۋېتكە ھۇجۇم قىلىدۇ، دۇنخۇاڭدىكى تۇڭگانلار چارقىلىق، چەرچەن قاتارلىق جايلاردا قوزغالدى» دېدى.

ئەنگلىيە مۇھاجىرى ھەبىبۇللا: «ياپونلۇقلار خوتەنگە يېتىپ بېرىپ، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنىڭ ھەممىسى يوقىتىپتۇ جايلار ئارمىيە ۋە ئايروپىلان ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ياپونىيىنى مەغلۇب قىلالماپتۇ» دېدى.

ئەنگلىيە مۇھاجىرى مامۇت: «ياپون ئارمىيىسىنىڭ بىر بۆلىكى دىخۇا (ئۈرۈمچى)گە، بىر بۆلىكى خوتەنگە ئاتلاندى، ھۆكۈمەت بىلەن جەڭ قىلىدۇ. ھۆكۈمەت خوتەنگە پادال تۈردە قوشۇن يۆتكىدى. تۆت ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ياپون شىنجاڭنى چوقۇم ئىگىلەپ بولىدۇ» دېگەن.

ئەنگلىيە مۇھاجىرى ئولامباي مۇنداق دەيدۇ: «ھۆكۈمەتنىڭ ياپون قوشۇنىدىن قانچىلىكىنى يوقاتقانلىقىنى تەشۋىق قىلىشى يالغان، خالايىق بۇنىڭغا ھەرگىز ئى-

شەنمەيدۇ، ھازىر سوۋېت A بىلەن B دۆلەتنى كۆرەش قىلىشقا
قۇتراتىپ ئوتتۇرىدىن مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى، سوۋېت
ئىشلىتىۋاتقان قوراللارنى ئامېرىكىدىن يۆتكەپ كەلگەن.
ئامېرىكىنىڭ كۈچى غايەت زور. ھۆكۈمەت (جۇڭگو) يوغان
گەپ قىلمىسۇن».

ئەنگىلىيە مۇھاجىرى ئابدۇغوپۇر ھاجى: «ھازىر
ئافغانىستانلىقلار بىلەن ھىندىستان ھەمكارلىشىپ يول
ئاچماقتا، سىلەر تەييارلىق قىلىشىڭلار كېرەك» دېگەن.

ئەنگىلىيە مۇھاجىرى ھاجى ئاخۇنغا سېتىلغان ئۇي-
غۇر ئايال مېھرىخان خەلق ئارىسىدا ئەكسىيەتچىل تەش-
ۋىق تارقىتىپ: «كوممۇنىستىك پارتىيە كېلىش بىلەن
مۈلۈك ئومۇمنىڭ بولىدۇ، خوتۇن ئومۇمنىڭ بولىدۇ، سو-
ۋېت دىنغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدى، شىنجاڭدىمۇ سوۋېتتىكە ئوخ-
شاش كىشىلەرنىڭ مۈلكى بولمايدۇ. مۈلۈك ئومۇمغا تەئەللۇق
بولۇشتا، پەقەت ئەنگىلىيىلا بىردىنبىر دىنىنى ھىمايە
قىلىدىغان دۆلەت» دېگەن.

ئەنگىلىيە مۇھاجىرى مامۇت پالتۇ: «ياپون ئىككى
تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغانلىقتىن ھۆكۈمەت ئارمىيىسى خو-
تەنگە ماڭدى، ياپون چەرچەن، دۇنخۇاڭ، دىخۇا قاتار-
لىق جايلارغا يېتىپ بېرىپ، ھۆكۈمەت بىلەن ئۇرۇش قىل-
دى، بىر ھەپتە ئىچىدە ياپون تەرەپ - تەرەپتىن ھۇ-
جۇم قىلىپ، بۇ جاينى ئىگىلەپ، ھۆكۈمەتنى يوقاتماقچى»
دېگەن.

ئەنگىلىيە مۇھاجىرى قادىر تۇرباي: «ھۆكۈمەت
دىنغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدى، تالاي كىشىلەرنى قىزىللاش-

قان پارتىيىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، بىز قىزىللاشقان پارتىيىنى يوقىتىپ، بىر نىمۇ قويماسلىقىمىز لازىم. يەكەن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەنگلىيە تەرەپتىن بېسىۋېلىنىدۇ» دېگەن.

ئەنگلىيە مۇھاجىرى سېلىمخان: «هۆكۈمەت ئايال-لارنىڭ دىنغا ئاسىيلىق قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى» دېگەن.

ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئاشپەزى مەرى باي (ئافغانىستانلىق) شۇ يىلى 8- ئاينىڭ 4- كۈنى نەزەر باغدا (هازىرقى قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق نەزەرباغ يېزىسى) پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ: «ئېلى، خوتەنلەر بۇ جايدىكى هۆكۈمەتنى يوقىتىپ، ئىسلام ئاچماقچى، ماخۇشەن، مەھمۇت، يولۋاسلار ئىككى ئايدىن يېتىپ كېلىدۇ» دېگەن.

## مەللىي خائىنلارنى سېتىۋېلىپ جاسۇسلۇققا سېلىش

نۇر ئاخۇن، قەشقەرلىق ئۇيغۇر، 1937- يىلى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئادىمى بوجىباي تەرەپتىن سېتىۋېلىنىپ ئەنگلىيە جاسۇسى بولغان.

بوجىباي ئەنگلىيە سودىگىرى سۈپىتىدە قەشقەردە بىر ئومۇملاشقان سودا ماگىزىنى ئاچقان، بىر كۈنى نۇر ئاخۇن بوجىباينىڭ دۇكىنىغا مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن بارغاندا، بوجىباي نۇر ئاخۇننى سىناپ بېقىش ئۈچۈن: «شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قىلىدىكەن، كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلىدىكەن دەپ ئاڭلىدىم، بۇ پارتىيە هەممە جايدا بىزنىڭ هەرىكىتىمىزنى توسۇۋاتىدۇ، بىزنىڭ خۇشاللىق كۈنلىرىمىز قالمىدى» دەپ نۇر ئاخۇننىڭ چىرايىدىكى ئازراق ماھىللىقنى كۆتۈپ تۇرۇپ، يەنە

نۇرئاخۇنغا: «سىلەرنىڭ شىنجاڭ ئەنگلىيىنىڭ ياردىمى-
دە ئاز بولمىغان ياخشىلىققا ئېرىشتى. مېنىڭ بىر ئىشىم
بار، سەن ياردەم قىلساڭ» دېگەندە، نۇرئاخۇن ئاڭلاپ
ئەجنەبىلەرنىڭ ئىشىنى قىلىشقا ياردەملىشىش باي بولۇش-
نىڭ ياخشى پەيتى دەپ قاراپ، قۇللارچە باش ئىگىپ تۇ-
رۇپ «دۆلىتىڭلارنىڭ ئىشى ئۈچۈن ئوتقا كىرىشتىن قورق-
مايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

بۇجىباي تۈلكىلەرچە كۈلۈپ تۇرۇپ «سەن ئۇقۇمۇش-
لۇق ئادەم، ياراپ كەت، مۇندىن كېيىن ئەنگلىيە ئۈ-
چۈن ئىشلىسەڭ ھەرگىز ساڭا ئۇۋال قىلمايدۇ، سەن ئالدى
بىلەن خالايىقلار ئارىسىغا بېرىپ، كىملەرنىڭ ئەنگلىيە-
نىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ كەل» دېگەن.

نۇرئاخۇن بۇجىبايدىن بىر قىسىم ھەق ئالغاندىن
كېيىن ئەنگلىيە ئۈچۈن جاسۇسلۇق ھەرىكەت بىلەن شۇ-
غۇللاندى.

نۇرئاخۇن قەشقەرنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئاخبا-
رات توپلاۋاتقان چاغلاردا مىللىي خائىن مەھەممەت ئاخۇن
قاتارلىق توققۇز كىشى بىلەن تونۇشتى، ئۇ بۇ توققۇز
تەپەر مىللىي خائىنلارنىڭ ھەممىسىنى بۇجىباينىڭ دۇكى-
نىغا باشلاپ كەلدى، بۇجىباي كۆزىتىش ئارقىلىق مەھەممەت
ئاخۇننى ئىنتايىن ئىشەنچلىك ئىكەن دەپ ھېس قىلىدۇ،
ئۇ بەش ئادەم بىلەن ئالاقە باغلاپ بۇلارنى بۇجىبايغا
تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ، نۇرئاخۇن ئەنگلىيە ئۈچۈن جان كۆي-
دۈرۈپ ئىشلەيدۇ، بۇجىباي ئۇنىڭغا بەك ئىشىنىدۇ.

1939 - يىلى 1 - ئاينىڭ باشلىرىدا نۇر ئاخۇن يېغىۋاتقان قارغا قارىماستىن بوجىباينىڭ دۇكىنىغا بارىدۇ، بوجىباي ئۇنىڭغا: «سەن دەرھال گوڭئەنجۈيگە (جخ ئىدارىسىگە) جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىنىڭ ئادەم سانى، قورال - ياراق، ئاتلىرىنىڭ ۋە كانىۋايلارنىڭ (مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ) ئەھۋالىنى رازۋېدكا قىلىپ، ئېنىق بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئەھۋالنى خەۋەر قىل» دەپ ئورۇنلاشتۇردى. نۇر ئاخۇن مېڭىش ئالدىدا ھەق ئېلىپ ماڭىدۇ؛ نۇر ئاخۇنمۇ بىر دۇكان ئاچىدۇ. چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىدىكى كونا خېرىدارى جورۋاي دۇكانغا پاپىروس سېتىۋالغىلى كەلگەندە ئۇنىڭدىن ساقچى ئىدارىسىدا 150 چە ساقچى ئەمەلدار، 200 گە يېقىن چېرىك بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ مىلتىق ۋە تاپانچىلار بىلەن قوراللانغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ-دە، بېرىپ بوجىبايغا ئەھۋالنى تەپسىلىي دوكلات قىلىدۇ. نۇر ئاخۇن كېتىش ۋاقتىدا بوجىباي دۇكىنىدىكى ئەنگلىيە ماللىرىنىڭ باھاسىنى تازا چۈشۈرۈپ نۇر ئاخۇنغا ھەق بېرىش ھېسابىدا سېتىپ بېرىدۇ. ئۇ، بۇ ماللارنى دۇكىنىغا ئاپىرىپ ئۈستۈن باھادا سېتىپ پايدا ئالىدۇ.

شۇندىن كېيىن بوجىباي يەنە نۇر ئاخۇننى كونا قەغەز پۇلنىڭ شىنجاڭ ۋە قەشقەردە تارقىلىش ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ، نۇر ئاخۇن يېقىن ئەتراپتىكى بىر قانچە ناھىيىلەرگە بېرىپ ئېھتىياجلىق بولغان ئىقتىسادىي ئاخباراتلارنى توپلاپ بوجىبايغا دوكلات قىلىدۇ. بوجىباي: «سەن ئەنگلىيە دۆلىتى ئۈچۈن تالاي ئىشلارنى

قىلىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتىڭ، ئەنگلىيە كونسۇلخانىسى سېنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىڭدىن ئىنتايىن رازى بولدى؛ بىراق ھۆكۈمەت سېنىڭ ھەرىكەتلىرىڭگە ئاللا بۇرۇن دىققەت قىلىپ، سېنى نازارەت قىلىشقا ئادەم قويدى، ئالاھىدە پەخەس بول» دېدى.

1939- يىلى 4- ئاينىڭ 18- كۈنى بوجىباي نۇرئاخۇنغا سەن خەلق ئىچىگە بېرىپ، يېقىندا بىر توپىلاڭ ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ دەپ تەشۋىق قىل دەپ بۇيرۇيدۇ. نۇرئاخۇنىڭ بۇ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشماستىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ.

سالىجان، ئەمەتجانلار نۇرئاخۇنىڭ قەدىمىنى بېسىپ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى ئۈچۈن داۋاملىق تۈردە ئاخبارات توپلاپ بەرگەن.

جاۋابكارلار 1906- يىلى تۇغۇلغان، قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق بولۇپ، كېلىپ چىقىشى سودىگەر، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا نۇرئاخۇنىڭ ئوغلى بىلەن تونۇشاتتى، داۋاملىق تۈردە نۇرئاخۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئوينايتتى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرىدىن گەپ ئېچىپ، نۇرئاخۇندىن ئۆزىگە خىزمەت تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، نۇرئاخۇن سالىجان، ئەمەتجانلارنى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا بېرىپ ئىشلەشكە تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا ماقۇل بولىدۇ. سالىجان، ئەمەتجانلارمۇ رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئىختىيارلىق ئانكېتىنى تولدۇرۇپ ئىسمىنى قولۇپقا ئۆزگەرتىپ، ئەنگلىيە كونسۇلىنىڭ رازۋېدچىكى بولدى.

1936- يىلىدىن 1939- يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىـ
چىدە، قۇلۇپىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: ھۆكۈمەتنىڭ
ئىچكى ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنى، سىياسىي، ئىقتىسادى،
مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ
رازۋېتكا قىلىپ، ھەر ئايدا ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىدىن
خىزمەت ھەققى ئۈچۈن بولىدىغان كۈمۈشتىن (قەشقەر پۇ-
لى) مىڭ سەردىن ئىككى مىڭ سەرگىچە تاپشۇرۇۋالاتتى.

1939- يىلى 3- ئاينىڭ 30- كۈنى چۈشتىن كېيىن
قۇلۇپ چۆگۈن سېتىشنى بانا قىلىپ بوجىبا يىنىڭ دۇكىـ
نىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: «سەن تاپشۇرغان ۋەزىپىنى كۆڭۈلـ
دىكىدەك ئورۇنلىيالىدىم» دەيدۇ. بوجىباي ئۇنىڭغا: «سەن
ئوبدان قىلدىڭ، سەن يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا شۇجايـ
لارغا بېرىپ، سوۋېتنىڭ سېپىس دېگەن يېرىدىكى بىر قانچە
10 مىڭ ئەمگەكچى قوزغىلىپ سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارـ
شى قوزغىلىپتۇ، توپىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىـ
كىتى ياپونىيىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپتۇ، دەپ تەشۋىق
قىلغىن، سەككىز كۈنلۈك سۈرۈك ئىچىدە ئورۇنلاپ بولغىن»
دەيدۇ.

1939- يىلى 4- ئاينىڭ 9- كۈنى قۇلۇپ، ئوخشاش چا-
رىلار بىلەن بوجىبا يىنى تېپىپ دوكلات قىلىدۇ. بوجىباي
دوكلاتنى ئاڭلاپ بولۇپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ ئۇ-
نىڭدىن: «سەن خەلق ئارىسىدا تەشۋىق قىلدىڭ، كىشىـ
لەر سەندىن گۇمانلانمىدىمۇ؟» بىزنىڭ ئىشـ
لىرىمىزغا ياردەملەشكەن بەزى كىشىلەر ئېھتىياتسىزلىقـ
تىن خەۋەرنى ئاشكارىلاپ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورنىـ

نىڭ گۇمانىنى قوزغىدى، بۈگۈن سەن جامائەت خەۋپ-سىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئەتراپىغا بېرىپ قانداق ھەرى-كەتلەرنىڭ بولىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ، ئۇنىدىن كېيىن ۋايون باشقۇرغان مەكتەپ تەرەپتىكى قوروغا بېرىپ (جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ ئۆيى) قانداق ئادەملەرنىڭ كىرىپ چىقىۋاتقانلىقىنى ئۇ-قۇپ، ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن دەرھال كېلىپ دوك-لات قىل» دېدى.

1939- يىلى 4- ئاينىڭ 22- كۈنى چۈشتىن كېيىن قۇلىپ يەنە دىال سېتىشنى بانا قىلىپ بوجىبايىنىڭ دۇكى-نىغا كېلىپ دوكلات قىلدى. بوجىباي ئۇنىڭغا: «ھازىر ئەنگلىيە بىلەن ياپونىيە شىنجاڭنى ئېلىشقا كېلىشىمگە كەلدى. ئەنگلىيە 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن، 200 دانە ھەربىي ئايروپىلاننى چېگرىغا كەلتۈردى. چاقماق تېزلىكى تاكتىكىسىنى قوللىنىپ شىنجاڭنى ئىگىلىگەندىن كېيىن سوۋېتكە ھۇجۇم قىلىدۇ. گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشنى قارار قىلدى. ھەر قايسى جەھەتلەرنىڭ تەييارلىقى پۈتتى، سەن خەلق ئارىسىغا بېرىپ كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلغىن، مۇھىم نۇقتا- زىيالىيلار، ئەڭ ياخشىسى، سو-ۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلار-نى تېپىپ ئۇلارغا: ئەگەردە سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى ئىگىلىۋالسا سىلەرنى تۇتۇۋېلىپ كاللاڭلارنى كېسىدۇ، ياخشى كۈن كەچۈر دېمەن دېسەڭلار ئالدىڭلاردا پەقەت بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ ئەنگلىيىلىكلەرگە ئەگىشىپ مېڭىش، ئەن-گلىيە بىلەن ياپون شىنجاڭنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن

سوۋېت ئىتتىپاقى مۇساپىرلىرىنى ئەتىۋالاپ ئىشلىتىدۇ، دەپ كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلغىن. نۇرئاخۇنىدىكلەر بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا بەك سادىق بولۇپ خىزمىتى بەك ياخشى ئىدى، ئەپسۇسكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۇنى قاماپ قويدى، سەن نۇرئاخۇننىڭ قايسى جايغا قامالغانلىقىنى ئۇقۇپ ئەھۋالىنى دوكلات قىلغىن» دېدى.

1939-يىلى 5-ئاينىڭ 9-كۈنى قۇلۇپ ئەنگلىيە تەرەپنىڭ يولیورۇقى بويىچە توققۇزاقىنىدىكى ھەر قايسى كەنتلەرگە بېرىپ، «يېقىندا ئەنگلىيە بىر جۈن ئەسكەر كۈچىنى شىنجاڭ چېگرىسىغا ئەۋەتتى، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى چېگرىدىن كىرىش بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇقەررەر تۈردە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، ئەنگلىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تۇتۇشۇپ قالىدىغان بولسا، سوۋېت ئىتتىپاقى مەغلۇپ بولۇپ، ئەنگلىيە چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ» دەپ تەشۋىق قىلدى. قۇلۇپ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتە جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ.

بوجىباي مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي مىللىي مۇناپىق راخمانجان موللا باقى (ئەنجانلىق ئۆزبېك) نى سېتىۋېلىپ ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ رازۋېدچىكى، قوشۇمچە ئاخبارات ئالاقىچىسى خىزمىتىگە سالىدۇ. جاۋابكارنىڭ جىنايى قىلمىش خاتىرىسى تۆۋەندىكىچە:

1930-يىلى 8-ئايدا راخمانجان موللا ئەنجانلىق ئەنگلىيە پايلاقچىسى ئابىد ئېزىزسالى قاتارلىق كىشىلەر

بىلەن بىر بوچتىنغا ئولتۇرۇپ، ئەنجانغا مېڭىش سەپىرىدە ئۆز ئارا تونۇشقان. 15- كۈنىدىن كېيىن راخمانجان موللا بىلەن ئابىد ئېزىز سالى بىرلىكتە «ئى» نىڭ مەخپى يولىيورۇقىنى قوبۇل قىلىپ («ئى»- بوجىبا يىنىڭ جاسۇس ياردەمچىسى، «ئى» دېگەن ئۇنىڭ تەخەللۇسى، ئۇنىڭ ئاشكارە سالاھىتى ئەنگلىيە باش سودىگىرى ئابدۇھەيت ئىدى) ھەر ئىككىسى بۆلۈنۈپ رازۋېدكا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايدۇ.

«ئى» بۇ ئىككى نەپەر ھىللىي مۇناپىقنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇلاردىن رازى بولدى، لاياقەتلىك دەپ ھېسابلاپ ئەتىۋالاپ ئىشلەتتى. «ئى» ئىككى پارچە تەلەپنامە جەدۋىلىنى ئېچىپ، راخمانجان موللا بىلەن ئابىد ئېزىز سالىنىڭ توشقۇزۇشىغا بۇيرىدى. راخمانجان موللا بىلەن ئېزىز سالى بىۋاسىتە «ئى» نىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ ئايرىم يۆنىلىش، تاقلىنىيە بويىچە ئالاقە قىلدى. بوجىباي بۇ ئىككەيلەن بىلەن جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۈرلۈك ئاخباراتلىرىنى مەخسۇس رازۋېدكا قىلىپ ئىگىلەپ، «ئى» ئارقىلىق ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا تاپشۇرسۇن دەپ يولىيورۇق بەرگەن.

راخمانجان ئەنگلىيە تەرەپ بەرگەن 10 نەچچە سەر ئالتۇننى ئېلىپ ئەنجانغا ئىككى ئاي تۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئەيشى- ئىشرەت قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئاخبارات توپلىدى. شۇ يىلى 10- ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئىشلار، ئىقتىسادى، سىياسىي قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تۈرلىرىنى ئىگىلەپ،

ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنى «ئې»گە تاپشۇرىدۇ. «ئې» بۇ ئاخ-
باراتنى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا تاپ-
شۇرىدۇ. شۇ چاغلاردا راخمانجان بوجىبايدىن كەلگەن بىر
پارچە خەت تاپشۇرۇۋالىدۇ. خەتتە ئۆزىنى دەرھال شىن-
جاڭغا قايتىپ كېلىش يېزىلغانىدى. راخمانجان خەتنى
كۆرۈپ، بوجىباي مېنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەيشى-
ئىشرەتلىك ئىشلىرىمنى ئۇقۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئالا-
قىزادە بولۇپ، «ئې»نى تېپىپ كەچۈرۈم سورايدۇ، يەردە يۈ-
كىنىپ ئولتۇرۇپ «خۇداگوۋاھكى، مەن ساداقەتمەنلىك بىل-
لەن دۆلەتنىڭلار ئۈچۈن ئىشلىدىم» دەيدۇ.

1939- يىلى 9- ئايىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا راخمانجان
قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ماجۇڭ
يىڭغا قوغلاپ زەربە بېرىش جەھەتتىكى ئاخباراتلىرىنى
توپلاشقا مەسئۇل بولىدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنى قەشقەر-
دىن خوتەنگە چېكىنىدۇ، راخمانجان دەرھال ئەنگلىيى-
نىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىغا كېلىپ دوكلات قىلىپ:
«ماجۇڭيىڭنىڭ تۇڭگان قوشۇنلىرى ئەنگلىيىگە قاچتى»
دەيدۇ. مانا بۇ بوجىباينى تازا تەقەززا قىلىپ تۇرغان پىت-
نە- ئىغۋا ئىدى. بوجىباي ئۇنى تېخىمۇ ئەتىۋالاپ،
يەنە شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ۋە
خەلق ئارىسىدىكى تۈرلۈك ئىختىلاپ، زىددىيەتلەرنى راز-
ۋىتكا قىلىشقا بۇيرىدى.

1937- يىلى 7- ئايدا راخمانجان مەھمۇت مۇھىتىنىڭ
تونۇشتۇرۇشى بىلەن نۇرھاجى ئابدىقادىرنىڭ قول ئاستى-
دا ئاشپەز بولۇپ ئىشلەيدۇ. 15 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن

بىر كۈنى ئۇ بازارغا كۆكتات سېتىۋالغىلى چىقىپ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ بوجىباينىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا: «مەن نۇرھاجى ئابدىقادىرنىڭ قىسمىغا ئاشپەز-لىككە تەقسىم قىلىندىم» دېگەندە، بوجىباي ئۆز قولى بى-لەن بىر بولاق زەھەرلىك دورىنى راخمانجانغا بېرىپ نۇر-ھاجى ئابدىقادىرنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى تاپ-شۇرىدۇ، بوجىباي راخمانجانغا 150 رۇبلى ھەق بېرىدۇ.

راخمانجان قىسمىغا قايتقاندىن كېيىن نۇرھاجى ئابدىقادىرغا زەھەر بېرىشكە پۇرسەت كەلمەيدۇ، زەھەر-لىك دورىنى ياتىدىغان جايدىكى كېگىزنىڭ قېتىغا يوشۇ-رۇپ ساقلايدۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى زەھەرنىڭ كۈچى قال-ايدۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئۇ يەنە كۆكتات سېتىۋېلىپ كېلىش بانىسى بىلەن بوجىباينى تېپىپ بىر بولاق زەھەرلىك دورىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ قولغا ئېلىنىدۇ.

بوجىباي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىدۇ. 1937- يىلى 1- ئايدا ئۆزبېك مىل-لىتىدىن بولغان دامۇللا ئالىمجان باينى ئىشپىيونلۇققا سېتىۋالىدۇ. شۇ يىلى 8- ئايغا كەلگەندە ئۆزبېك مىللى-تىدىن بولغان تومۇر بەگ جاياگىمنى ئەنگلىيىنىڭ مەخ-پى رازۋېدچىكلىقىغا تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

مۇشۇ مەزگىلدە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇل-خانىسى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، بىر قىسىم خەلپەتلەر ئارقىلىق ئۆز كۈچىنى جەنۇبتىكى ھەر قايسى ناھىيىلەر-گە كېڭەيتتى. ئەنگلىيىنىڭ بۇ جاسۇسلىرى مەلىلىچە

تون - سەرپاي كېيىپ كوچىمۇ كەزچا، سەھرامۇ سەھرا يۈرۈپ، دوختۇرلۇق قىلىش، يېتىم - يېسىرە، ئىنكىمچا قىلمىز بالىلارنى دارىلئىتامغا يىغىپ ئوقۇتۇشنى باھانا قىلىپ، كەڭ تۈردە جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى ئېلىپ باردى.

1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە «شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئىمپېرىيالىزمغا قارشى بىرلەشمە ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. خەلقىنىڭ بىسمى ئاستىدا شىڭ شىسەي بىر تۈركۈم ئەنگلىيە جاسۇسلىرىنى ۋە مىللىي مۇناپىقلارنى تازىلىدى. پارتىيىمىزنىڭ يەنئەندىن ئەۋەتكەن 14 نەپەر ئەزاسى «ئىمپېرىيالىزمغا قارشى بىرلەشمە ئۇيۇشمىسى» دا ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك، ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلدۇردى. ئۇلار قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بىلەن ياردەملىشىپ، ئەنگلىيە ۋە ھىندىستان ماللىرى ۋە خادىملىرىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈشىنى قاتتىق كونترول قىلدى. نەتىجە، ئەپيۇن كىرگۈزۈشنى چەكلىدى، قەشقەردىكى ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىنىڭ سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىنى چۇۋۇپ تاشلىدى، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەرگە ئورنىتىۋەتكەن جاسۇسلىرىنى قولغا ئالدى، جاسۇسلۇق ئورگىنىنى پاچاقلاپ تاشلىدى، ئەنگلىيە قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنى ئاخىرى 1945 - يىلى تاقاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

# ئازادلىقتىن بۇرۇنقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى

شاۋىرۇك

چاررۇسىيە 1839 - يىلى ئۆكتەبىردە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلىرىغا نۇرغۇن مىقداردا ئەپيۇن كىرگۈزۈپ، ئەپيۇنچىلىق دۇكانلىرىنى ئاچتى، بۇ ئەنگلىيە بىلەن، چاررۇسىيىنىڭ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. 1885- يىلى (چىڭ گۇاڭشۈينىڭ 11-يىلى) «جۇڭگو - چاررۇسىيە قەشقەر چېگرىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. شۇندىن كېيىن چاررۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سۇيىقەستى تېخىمۇ چوڭايدى. چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭ جۇغراپىيىسىنى تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ، ئالدى-كېيىن بولۇپ، گىرومىگىردۋىپ بىلەن گىرانېپچېۋسكى باشچىلىقىدىكى ئىككى تەكشۈرۈش ئەترىتىنى پامىر تاغلىرى ۋە تاغ ئەتراپىغا يېقىن بولغان رايونلارنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى؛ تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ ئاخبارات ئوغۇرلاپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىشىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. شۇ-

ئىڭغا ئۇلاپ چىڭ خانىدانلىقى ھۆكۈمىتىگە قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرۇش تەلىپىنى قويدى.

چاررۇسىيە ئەلچىلىرى چىڭ خانىدانلىقى ھۆكۈمىتىگە: «بىز قەشقەردە كونسۇلخانا قۇرماقچى، پەقەت بىر كالىنىڭ تېرىسىچىلىك يەر كېرەك...» دېگەندە، چىڭ خانىدانلىقى ھۆكۈمىتى بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايلا بېرىشكە ماقۇل بولدى.

چاررۇسىيىلىكلەر بىر كالىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، تېرىنى پىچاق بىلەن ئۇششاق تىلىپ ئۇنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ تانا قىلىپ بىر پارچە شاللىقنى (ھازىرقى سەھەن مېھمانخانىسىنىڭ جايلاشقان ئورنى) چۆرىدەپ تارتقان، بىر پارچە يەلپۈگۈچ شەكىلدىكى يەر ئورالغان. 1893 - يىلى چاررۇسىيە مۇشۇ جايغا كونسۇلخانا سېلىپ، بۇنى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنىڭ ئورنىغا ئايلاندۇرغان.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى مۇشۇ ئورۇننى قەشقەردىكى كونسۇلخانا قىلغان. كونسۇلخانىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 15 مىڭ كۋادرات مېتىر ($15000m^2$)، كونسۇلخانا ئىمارەتلىرى 19 - ئەسىردىكى چاررۇسىيىنىڭ كونا پوسۇنى ئالاھىدىلىكى بويىچە ياسالغان، ھەممىسى قەۋەتسىز ئىمارەتلەر بولۇپ، ئۈستى ئەگمە شەكىلدە قېلىن قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان. ھازىر سەھەن مېھمانخانىسىدا (ئەسلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ) توققۇز كورپۇس قەۋەتسىز ئىمارەت، بىر سۇ يەتكۈزۈش مۇنارىسى (شۇيتا)، بىر سۇ ئۆ-

ئۈزۈش كولى، بىر ئېغىز ماشىنا قويۇش ئۆيى، يەنە ھەم ئەس-
لىمە نىكىدەك ساقلانماقتا.

يەلپۈگۈچ شەكلىدىكى يەر ئۈستىگە ئېتىلگەن قورو
تامىنىڭ ئېگىزلىكى بەش مېتىر، قەۋەتسىز ئىمارەتلەرنىڭ
تۆت ئەتراپىغا دەرەخلەر تىكىلگەن بولۇپ، مۇھىتى گۈزەل،
جىمجىتلىق. دەرۋازىدىن كىرىش بىلەن شۇ يىللاردا يا-
سالغان ئۇزۇنلۇقى 40 مېتىر، كەڭلىكى ئالتە مېتىر كېلىدى-
غان ئەتراپى ياغاچ رىشاتكا بىلەن ئورالغان يول ئوتتۇ-
رىسى گۈللۈكى بار. گۈللۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۆت
مېتىر كەڭلىكتە پىيادىلار يولى بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تە-
رىپىدە سىۋادان ئۆستۈرۈلگەن. بىر كورپۇس $500M^2$
مېتىرچە بولغان كۋادرات شەكىللىك قەۋەتسىز ئىمارەت
سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇل ئىشخانىسى، ئىمارەت ئى-
چىدە كارىدور بولۇپ ئۆيىنىڭ تام-تورۇسلىرى خىش ۋە ياغاچ-
تىن ياسالغان. يەر ئۈستىگە تاختايدىن پول قىلىنغان،
چىدامىلىق ۋە مۇستەھكەم، شەكلى ھەيۋەتلىك، ئىمارەتنىڭ
ئۆگزىسىدە بەش ئورۇندا ئېگىز چىقىپ تۇرغان ھاۋا ئال-
ماشتۇرۇش تۆشۈكى بار، ئوتتۇرىسىدىكى ھاۋا ئالماشتۇ-
رۇش تۆشۈكى ئۈستىگە ئېگىز بايراق خادىسى ئورنىتىل-
غان، ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىل-
غان، ئارقا مېھمانخانا تېمىغا بالكون چىقىرىلغان بولۇپ،
تۆت يۇرجەكلىك تۆت دانە تۈۋرۈك بالكوننى كۆتۈرۈپ
تۇرىدۇ. بالكون ئۈستى ياغاچ تاختاي بىلەن يېپىلغان. تاخ-
تاي ئۈستى قىلىن تۈنىكا بىلەن قاپلانغان، بالكون ۋە
تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەممىسى سېمونت بىلەن سۇۋالغان. ئارقا

تەرىپى بىلەن ئۇدۇل تەرەپنىڭ شەكلى ئوخشاپ كېتىدۇ، ئارقا مېھمانخانىدىكى بالكوندا تۇرۇپ بەش موچە كېلىدىغان باغنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. باغدا شاپتۇل، ئامۇت، ئۆرۈك، ياڭاق، گىلاس قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن. بالكوننىڭ سول تەرىپىگە ئىككى تۈپ بىيە دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن. ئوڭ تەرىپىدە خېلى يوغان بىر تۈپ رىدە دەرىخى بار. ئۇنىڭ دىئامېتىرى بىر مېتىر، ئېگىزلىكى 20 مېتىردىن ئېگىزرەك بولۇپ، بۇ دەرەخ ئاڭلاشلارغا قارىغاندا كونسۇلخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە تىكىلگەنمىش، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ قارىياغاچ بار، يەنە ياغاچتىن قۇراشتۇرۇلغان ئۈزۈم بېدىشى بولۇپ، بېدىش گەۋدىسى ئەسلى قىياپىتى بويىچە ساقلانماقتا.

دەرۋازىدىن كىرىشكە ئوڭ تەرەپتىكى قورو تام تۈۋىگە بىر كورپۇستىن تۆت بۆلۈكلۈك روس پوسۇنىدا سېلىنغان قەۋەتسىز ئىمارەت بولۇپ $300M^2$ مېتىر كېلىدۇ. بۇ، كونسۇلخانىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك كاتىپىنىڭ ئىشخانىسى. ئوتتۇرىسىدا ياغاچتىن ياسالغان رىشاتكا توسۇلغان تىك تۆت بۆلۈكلۈك كۆللۈك بار، كۆللۈكنىڭ ئىككى تەرىپى پىيادىلار يولى، يول بويى پۈتۈنلەي دەرەخلىك. ئوڭ تەرىپىدە قەشقەر شەھىرىدىكى دەسلەپكى مەزگىلدە ياسالغان سۇ مۇنارىسى، مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 15 مېتىر، ئىككى قەۋەت، تۆۋەن قەۋىتىدە بىر سۇ ئىدىشى قۇدۇق بار، سۇ پومپىسى بىلەن سۇنى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى كۆپ شەكىللىك سۇ مۇنارىسى ئىچىگە تارتىپ چىقىرىدۇ، سۇ تۇرۇبا ئارقىلىق

ھەر كورپۇس ئىمارەتلەرنىڭ سۇ ئىشلىتىش ئۆيلىرىگە يەتكۈزۈلىدۇ. سۇ مۇنارىسىغا 40 مېتىرچە كېلىدىغان جايـدا بىر ئېغىز ماشىنا قويۇش ئۆيى بار.

كونسۇل ئىشخانىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە 50 مېتىرچە كېـلىدىغان جايدا ئائىلىلىكلەر رايونى بولۇپ، ئىمارەتلەر سۇ پىتى، ئىشلىتىش كۆلىمىگە ئاساسەن بىرىنچى كورپۇسى باش كونسۇلنىڭ تۇرار جايى، ئىككىنچى كورپۇسى مۇئا- ۋىن باش كونسۇلنىڭ تۇرار جايى، ئۈچىنچى كورپۇس كاتىپلار ياتىقى، تۆتىنچى كورپۇسى ئادەتتىكى خىزمەتچى خادىملار تۇرىدىغان ئۆيلىرى، بەشىنچى كورپۇسى شوفىر- لار ۋە تازىلىق ئىشچىسىنىڭ تۇرىدىغان ئۆيلىرى. يەنە باشقا ئىككى كورپۇس ئىمارەتنىڭ بىرسى بالىلار يەسلىسى، بىرسى دوختۇرخانا، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاشخانا ۋە تاماقخانا بار.

ھازىر ھەر قايسى كورپۇس ئۆيلەر ئاساسىي جەھەتـتىن مۇكەممەل، ئۆي لايىھىلىرىدىكى تۈنىكىدىن ياسالغان نولار كونسۇلخانا قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يۈرۈش- لەشكەن ئۈسكۈنىلىرى، ئەگمە شەكىللىك يېپىلغان ئۆگزە ئۈستىگە مىخلانغان قېلىن تۈنىكا قاپقاقلار يەنىلا ئۆز پېتىچە. سەمەن مېھمانخانىسىنىڭ جىڭلىسىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ مېھمانخانىدا خىزمەت قىلغىنىغا 39 يىل بوپتۇ. ئۆگـزىسىگە ئورۇنلاشتۇرغان تۈنىكا قاپقاقلارنى ئىككى قېـتىملا سىرلاپتۇ، ھازىرغىچە ساق تۇرۇپتۇ.

ئائىلىلىكلەر ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ ئوڭ تەر- پىنىڭ ئالدىدىن 30 مېتىرچە كېلىدىغان جايدا كەڭلىكى

15 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر كېلىدىغان سۇنئىي ياسالغان
سۇ ئۈزۈش كۆلى بولۇپ ( ھازىر بۇزۇلۇپ بولغان ) سې-
مونت بېرىكمىسىدىن ياسالغان سېمونت خىشلاردىن قوپۇ-
رۇلغان، چاكلىرى سېمونت دوغاپ بىلەن ئېتىلگەن. تۆت
ئەتراپى سۇۋادان تېرەكلىرى بىلەن ئورالغان، تېرەكلەر
چوڭايغانسېرى يىلتىزلىرى كۆتىرىلىپ سېمونت بېرىكمى-
سىدىن ياسالغان سېمونت خىشلارنى كۆتۈرۈپ قوپۇپ كۆل-
نىڭ لېۋىدىنى بۇزۇپ تاشلىغان بولۇپ، سۇ ساقلاش مۇمكىن
بولماي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۆت ئەتراپى ئۆرۈلۈپ
چۈشۈپ بۇزۇلۇپ كەتكەن.

ئائىلە قورۇسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى بۆر-
جەكتە يېرىم مو كېلىدىغان بوش يەر كونسۇلخانىنىڭ
زاراتكالىقى تۆمۈر رېشاتكا ئىچىگە ئېلىنغان. رېشاتك-
ئىچىدە ئۈچ قەبرە بولۇپ قەبرە خاتىرە تېشى بولمىغانلىق-
تىن ئۆلگۈچىنىڭ يۇرتى ۋە ئىسىم فامىلىسىنى بىلىش مۇم-
كىن بولمىدى. شۇ جايدىكى ياشىغان كىشىلەرنىڭ دې-
يىشىچە، بۇ ئۈچ قەبرىدىكە دەپنە قىلىنغانلار سوۋېت ئىت-
تىپاقى كىشىلىرىدىن باشقا يەنە بىر ئەنگلىيە ئادىمى ئىكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ
شتاتى ۋە خادىملىرى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئارخىپخانى-
دا ساقلانغان ئارخىپ ماتېرىياللىرىدا 1946 - يىلىدىكى ئەھ-
ۋال تۆۋەندىكىچە:

باچېنىن، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق، 1940 - يىلى شىن-
جاڭغا كەلگەن، ئەسلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىخۇا
(ئۈرۈمچى) دە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ كاتىپى، كې-

يەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىنىڭ مۇۋەققەت باش كونسۇلى بولغان.

لېبىسكى سوۋېت ئىتتىپاقىلىق، 1903 - يىلى تۇغۇلغان، 1941 - يىلى شىنجاڭغا كېلىپ 2 - مۇئاۋىن باش كونسۇل بولغان.

مۇلىنكوپ، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق، 1913 - يىلى تۇغۇلغان، 1943- يىلى شىنجاڭغا كەلگەن، كونسۇلخانىنىڭ 1 - دەرىجىلىك كاتىپى.

باتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق، 1941 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن، 3 - دەرىجىلىك كاتىپ.

چويىلىن، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق، 1940 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن، جۇڭگوچە تىل - يېزىق تەرجىمانى.

ۋولىكوپ سوۋېتلىك، خىزمەتچى.

پىدروپ، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق، 1944 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن، كونسۇلخانىنىڭ بوغالتىرى.

دۋالىسكى، سوۋېت ئىتتىپاقىلىق، 1906- يىلى تۇغۇلغان، 1940- يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. تاشقى پوچتا خادىمى.

ئاتېلاشكىۋدچ، ئايال، سوۋېتلىك، 1904 - يىلى تۇغۇلغان، 1941- يىلى شىنجاڭغا كەلگەن. ماشىنىست (خەت باسقۇچى).

پىگاپوۋ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، 1897 - يىلى تۇغۇلغان، 1943 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن دوختۇر.

سىلىياۋا، ئايال، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، 1891 - يىلى تۇغۇلغان، 1940- يىلى شىنجاڭغا كەلگەن دوختۇر.

كامالوۋ، سوۋېت ئمتتمپا قملمق، 1899 - يملى تۇ-
غۇلغان، 1939 - يملى شمنجاڭغا كەلگەن خمزمەتچى.

رۇۋاشېلمپ، سوۋېت ئمتتمپا قملمق، 1915 - يملى تۇ-
غۇلغان. 1939- يملى شمنجاڭغا كەلگەن خمزمەتچى خادىم.

پمنچەوك، سوۋېت ئېتتمپا قى خادىمى، 1912 - يملى
تۇغۇلغان، 1941- يملى شمنجاڭغا كەلگەن، خمزمەتچى خادىم.

ئالېستمرخوپ، سوۋېت ئمتتمپا قملمق، 1912 - يم-
لى تۇغۇلغان، 1942 - يملى شمنجاڭغا كەلگەن شوپۇر.

فملمپوپ، سوۋېت ئمتتمپا قملمق، 1901 - يملى تۇ-
غۇلغان. 1942- يملى شمنجاڭغا كەلگەن شوپۇر.

كملمېوپ، سوۋېت ئمتتمپا قمدىن، 1903 - يملى تۇ-
غۇلغان. 1941- يملى شمنجاڭغا كەلگەن شوپۇر.

# شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارقا سەپ ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى قەشقەر شۆبىسىنىڭ پائالىيەتلىرى

### شويخوڭ

ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئالدىنقى فرونتىدىكى ئوفىتسىر - جەڭچىلەرگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئارقا سەپ ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى دىخۇا (ھازىرقى ئۈرۈمچى) دە رەسمىي قۇرۇلدى ھەمدە ھەر قايسى جايلاردا شۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان ئورگانلارنى قۇرۇپ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى پائال تۈردە تەشۋىق قىلىپ، ئىئانە توپلاش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. قەشقەر ۋىلايىتىدە 1938 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29- كۈنىدىن 2- ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە 1 - قېتىملىق ۋە 2- قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئېچىپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش

ئارقا سەپ تەمىنات ئۇيۇشمىسى قەشقەر شۆبىسىنىڭ رەس-
مى قۇرۇلغانلىقىنى قارار قىلدى. ئۇيۇشما ئورنى خەلق
بىرلەشمىسىدە بولدى، ئۇيۇشمىنىڭ مۇدىرلىقىنى سابىت، مۇ-
ئاۋىن مۇدىرلىقىنى ۋۇچىجۇن بىلەن ئەپىش ئۈستىگە ئالدى
ھەمدە قەشقەر شۆبىسىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم-ئىشخانىلىرىنىڭ
ئىش بېجىرىش پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلىدى.

قەشقەر شۆبە ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان كۈندىن باشلاپ
تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە باشلىدى. ھەر قايسى
ناھىيىلەردىن توپلىغان ئىئانە ۋە ئۇرۇمچى باش ئۇيۇش-
مىسىغا تاپشۇرغان ئىئانە سوممىسى سانىدىن قارىغاندا قەش-
قەر شۆبە ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىئانە توپلاش خىزمىتى ئىنت-
تايىن جانلىق بولغان، كەڭ خەلق ئاممىسى ئىئانە يىغىش
ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇۋات-
قان ئوفىتسېر جەڭچىلەرگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بې-
رىپ، ياپونغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇت-
قۇزۇش ھەرىكىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

## قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ياپونغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، ئارقا سەپ ياردەم بېرىش شۆبە ئۇيۇشمىسىدىكى ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ ئىش بېجىرىش پىرىنسىپلىرى

### ئومۇمى پىرىنسىپى

1. ئۇيۇشمىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈملىرىدىكە بىردىن
بۆلۈم باشلىقى، بىردىن ئىككىنچى مۇئاۋىن بۆلۈم باش-
لىقى قويۇش، ئىجرائىيە نازارەت ھەيئىتىنىڭ ماقۇللى-

قەدىن ئۆتكۈزۈش، دائىمىي ھەيئەتلەر ئىچىدىن قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىش، بۆلۈمنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش.

2. ھەر قايسى بۆلۈملەرگە قاراشلىق بۆلۈمچىلەرگە بىردىن بۆلۈمچە باشلىقى ۋە مەلۇم ساندا ئىش بېجىرگۈچىلەرنى قويۇش، ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرى تاللاپ ئىجرائىيە ھەيئەتنىڭ ماقۇللىشىغا كۆرسىتىش، ئىجرائىيە ھەيئىتىنىڭ ماقۇللىقىدىن كېيىن ئويۇشمىنىڭ ئەزاسى بولۇش.

3. ھەر قايسى بۆلۈمچىلەردە قىيىنچىلىق يۈز بەرگەندە باشقۇرغۇچى بۆلۈم باشلىقىنىڭ ھەل قىلىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىش، بۆلۈم باشلىقى بىر تەرەپ قىلالمىغاندا مۇدىرلارغا ئىلتىماس قىلىش ياكى دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىشىغا سۇنۇش.

4. ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بۆلۈمچە باشلىقى ۋە ئىش بېجىرگۈچىلەر خىزمەت ۋاقتىدا ئويۇشمىغا كېلىپ ئىش بېجىرىش:

5. ھەر قايسى بۆلۈملەر خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا كېتەرلىك خىراجەتنى ھەر قايسى بۆلۈملەر ئالدىدىن خامچوت قىلىپ بېكىتىپ دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ ماقۇللىقىدىن كېيىن خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ ھېسابلاپ تارقىتىپ بېرىشىگە سۇنۇش.

6. ھەر قايسى بۆلۈمچىلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئىش بېجىرگۈچىلىرى ئويۇشمىنىڭ خىزمەت دائىرىسى ئىچىدە

بۆلۈم باشلىقى ۋە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىنىڭ باشقۇرۇشى—
غا بويسۇنۇش، يوليورۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش، باشقۇرۇ—
شىغا بويسۇنمىغان، يوليورۇقىغا ئەمەل قىلمىغانلارنى
دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ جازالاش نىزامىغا ئاساسەن جازا
بېرىشكە يوللاپ بېرىش.

7. ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باش—
لىقى ھەر ھەپتىدىكى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا ئۆز
بۆلۈملىرىنىڭ بىر ھەپتىلىك خىزمىتىدىن ئېنىق قىلىپ
دوكلات قىلىش، دوكلاتنى دائىمىي ھەيئەتلەر مۇزاكىرە
قىلىش، تەنقىدى پىكىرلىرىنى بېرىش.

8. ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشلە—
رى، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئىئانە يىغىش، تىل خەت—
تارقىتىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشتا ئىشتىن بۇرۇن
مۇدىرغا دوكلات قىلىش، ئەگەردە مۇدىر ئىمزا قويۇپ
رۇخسەت قىلمىسا ياكى دائىمىي ھەيئەتلەر قارار قىلمىسا
ئۆزلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق.

9. ھەر قايسى بۆلۈملەر زۆرۈر تېپىلغاندا بۆلۈمنىڭ
خىزمەت يىغىنىنى ئېچىپ ئۆز بۆلۈمى دائىرىسىدىكى ھەر
قايسى بۆلۈملەرنىڭ خىزمەتلىرىدىن ئالاقىلىشىش، بۆلۈم—
نىڭ خىزمەت يىغىنىنى ئېچىش ۋاقتىنى بۆلۈم باشلىقى
قارار قىلىش، مۇدىرلارنىڭ تەستىقلىشىدىن كېيىن ئېچىش.

10. ھەر قايسى بۆلۈملەر ئىچكى - تاشقى خىزمەت—
لەرنى ئىشلەشتە مۇشۇ پىرىنسىپتىكى بەلگىلىمىگە ئەمەل
قىلىش، ئۇيۇشمىنىڭ ئىش بېجىرىش سىستېمىسىغا قەستەن
خىلاپلىق قىلىپ قالايمىقان قىلغۇچىلارنى يىغىنىنىڭ مۇزا—

كېرەككە تاپشۇرۇش، جازالاش نىزامى بويىچە جازالاش.

11. ئۇيۇشمىدىكى ھەر قايسى بۆلۈم، بۆلۈمچىلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى شۇ بۆلۈملەرنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى بىلەن بۆلۈمچە باشلىقى ئۆزلىرى مەسئۇل بولۇپ بېجىرىش، ئەگەر دەرىجە ئاتلاپ ئۆز دائىرىسىدىكى خىزمەتلەردىن باشقا خىزمەتلەرگە ئارىلىشىۋالغۇچىلار بولىدىكەن، ئۇلار ئۇيۇشمىنىڭ ئىش بېجىرىش سىستېمىسىنى قالايمىقان قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ھەر قايسى بۆلۈمچىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت ئىشلىرى كۆرۈلسە بۆلۈم باشلىقىنىڭ يوليورۇقىنى ئالغاندىن كېيىن بېجىرىش.

12. بىرىنچى بۆلۈم ئۇيۇشمىنىڭ كاتىبالىق، بوغالتىرلىق، ئومۇم ئىشلار، خەت - چەك، ھۆججەتلەرنى تەييارلاش ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇرۇش، بۆلۈمنى تۆت بۆلۈمچىگە ئايرىش: كاتىبات بۆلۈمچىسى، بوغالتىر بۆلۈمچە، ئومۇم ئىشلار بۆلۈمچە، خەت - چەك، خەتلەرنى باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى.

## كاتىبات بۆلۈم

13. كاتىبات بۆلۈمچىسىنىڭ باشقۇرىدىغان ئىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۇيۇشمىنىڭ بارلىق خەت - چەك، ھۆججەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش.

(2) ئۇيۇشمىنىڭ بارلىق ھۆججەت تۈپلىمىلىرىنى ساقلاش.

(3) ھۆججەت تارقىتىش، يىغىۋېلىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش.

(4) خەت باستۇرۇشنى باشقۇرۇش.

14. بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسىنىڭ باشقۇرىدىغان ئىشلىرى:

( 1 ) ئۆيۈشمىنىڭ خىراجىتىنى، كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇش.

( 2 ) ھېسابىنى تىزىملاش، ئىسنادىنى ئۆتكۈزۈش.

15. ئومۇم ئىشلار بۆلۈمچىسىنىڭ باشقۇرىدىغان ئىشلىرى:

( 1 ) ئۆيۈشمىنىڭ بارلىق مەنقۇلاتلىرىنى، ئومۇمنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ساقلاش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش.

( 2 ) باشقا ھەر قايسى بۆلۈملەرگە مەنسۇپ بولمىغان كۆپ خىل ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش.

16. بىلەت ۋە خەت - چەكلەرنى باشقۇرۇش بۆلۈمچىسىنىڭ ئىشلىرى:

( 1 ) ئىسنادە توپلاشتا ئىشلىتىلىدىغان ھۆججەت (ئىسپات خېتى)، تىياتىر، كىنو بېلىتى، لاتارىيە بېلىتى قاتارلىقلارنى بېسىش.

( 2 ) بارلىق بېلەتلەرنىڭ رەت نومۇرلىرىنى بېكىتىش.

( 3 ) بېلەت، ھۆججەتلەرنى ساقلاش.

( 4 ) بېلەت، ھۆججەتلەرنى تارقىتىش.

17. ئۆيۈشمىنىڭ بارلىق ھۆججەتلىرىگە مۆھۈر ئىمزا قويۇش، ئاممىۋى خەت-چەك، ئالاقىدىن باشقىلىرىغا مۆھۈر، مۆئاۋىن مۆھۈر ئۆزتاپشۇرمىغىنى بېسىپ ئىمزا قويۇش.

18. كاتىبات بۆلۈمچىسى ھۆججەتلەرنى بېجىرىشتە، باشقا ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ ھېسابات نۇقتىلىرىدىن

تاپشۇرۇۋېلىش توغرا كەلسە ياكى ئىسپاتلاش لازىم تېپىلما-غاندا ئەسلى ھۆججەتنى باشقا ھەر قايسى بۆلۈملەرگە تاپشۇرۇپ، ئەسلى ھۆججەت ئۈستىگە ئىسپاتلاپ ھەمدە شۇ بۆلۈمنىڭ مەسئۇلى تامغا باسقاندىن كېيىن ئارگىنالىنى بېكىتىش.

19. بۆلۈمچىنىڭ بارلىق ھۆججەتلەرنى تارقىتىش، تاپشۇرۇۋېلىش، تۈپلەش، نازارەت قىلىپ باستۇرۇش، ئار-گىنالىنى بېكىتىش، كۆچۈرۈپ يېزىش قاتارلىق ئىشلارنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ئىش بېجىرىش رەسمىيىتىگە ئوخشىتىپ بېجىرىش.

20. ئۇيۇشمىنىڭ راسخوتى، چىقىمىنى دائىمىي ھەي-ئەتلەر بەلگىلىگەندىن كېيىن، خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ئىمزا قويۇپ بېجىرىش.

21. ئۇيۇشما راسخوتى، چىقىمىنى ھەر ئاينىڭ ئاخى-رىدا شۇ بۆلۈمنىڭ بوغالتېرلىق بۆلۈمچىسى ھېسابىنى بو-غۇپ، بىر قېتىمدىلا كىرىم - چىقىم سېلىشتۇرما جەدۋە-لىنى ئىشلەپ ئېلان قىلىش، بارلىق ھۆججەت، ئىسپاتلارنى ھېساب دەپتىرىنى نازارەت قىلىش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە سۇنۇش.

22. ئىمزانە تاپشۇرۇۋېلىش، ھۆججەتلەرنى بېسىپ، تۈپلەپ نومۇر سېلىپ بولغاندىن كېيىن خەت - چەك، بې-لەتلەرنى باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى ئادەم ئەۋەتىپ بېسىش-قا نازارەت قىلىش خادىمى بىلەن بىرگە تۇرۇپ بېسىپ چىقىرىش. تىيياتىر، كىنو، لاتارىيە بېلەتلىرىنى بېسىش چارىسى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

23. مەيلى سىرتقى داھىيلەردىكى شۆبە ئۇيۇشمىلار بولسۇن ياكى ئۇيۇشمىنىڭ ئەمانە توپلاش بۆلۈمىگە لازىم بولغان ئەمانە توپلاش ھۆججەتلىرى لازىم بولغاندا شۇ بۆلۈمنىڭ ھۆججەتلەرنى باشقۇرۇش گورۇپپىسىغا ئىلتىماس قىلىپ ئېلىش، بىراق شەخسىيلەر تاپشۇرۇپ ئالغاندا ئەمانە توپلاش بۆلۈمىدىن رەسمىيەت ئۆتۈشى لازىم.

24. كىنو ـ تىياتىرخانا بېلىتى، لاتارىيە بېلىتىنى ۋىلايەتلىك ئۇيۇشما دائىرىسىدە ئىشلىتىش، باشقا ناھىيىلەرگە تارقاتماسلىق.

25. ئەمانە ھۆججەتلىرىنى باشقا ناھىيىلەردىكى شۆبە ئۇيۇشمىلارغا ياكى ئۆز ئۇيۇشمىسىغا تارقاتقاندا، تارقاتقان ھۆججەتنىڭ سانى، نومۇرى، بارىدىغان ئورۇن ئىسمىنى ئاممىۋى تەشكىلات ۋە بېلەت، ھۆججەتلەرنى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئېنىق قىلىپ تىزىملاش.

26. كىنو ـ تىياتىر بېلىتى ۋە لاتارىيە بېلىتى قاتارلىقلارنى باشقا بۆلۈملەرگە تارقاتقاندا يۇقىرىدىقىغا ئوخشاش تىزىملاش رەسمىيىتىنى ئۆتەش.

27. سىرتقى ناھىيىلەردىكى شۆبە ئۇيۇشمىلارغا تارقىتىدىغان خەت ـ چەك، ھۆججەت، بېلەتلەرنىڭ بىر بېتىنى شۇ بۆلۈم تارقىتىش، يەنە بىر بېتىنى ئەمانە توپلاش بۆلۈمىنىڭ تىزىملىنىۋېلىشىغا ئۇختۇرۇش قىلىش.

## تەشۋىقات بۆلۈم

28. بۆلۈم بارلىق تەشۋىقات ۋە كىنو، يېڭى تىياتىرلارنى ئويناش قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدۇ. بۇ بۆلۈم

قارىمىقىدا تۆت بولۇمچە تەسىس قىلىنغان: تەھرىر-تەرجى-
مە بۆلۇمچىسى، كىنو - تىياتىر بۆلۇمچىسى، تەشكىللەش
( ئۇيۇشتۇرۇش )، رېپتىس قىلىش بۆلۇمچىسى، كۆچۈرۈپ
بېسىش بۆلۇمچىسى.

29. تەھرىر-تەرجىمە بۆلۇمچىسىنىڭ باشقۇرىدىغان
ئىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

( 1 ) تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە ھەر خىل سەھنە
ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەش.

( 2 ) تۇرلۇك تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە ھەرخىل-
دىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تەھرىرلەش.

30. كىنو - تىياتىر بۆلۇمچىسىنىڭ باشقۇرىدىغان
ئىشلىرى:

( 1 ) تىياتىر، ئوپېرا ئۆمەكلىرىنى تەشكىللەش.

( 2 ) يېڭى تىياتىرلارنى ئويناشقا يېتەكچىلىك
قىلىش.

( 3 ) كىنو قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش.

( 4 ) ئارتىستلارنى ۋە ئوپېرا ئۆمىكىدىكى خىزمەتچىلە-
رنى باشقۇرۇش.

( 5 ) تەھرىر بۆلۇمچىسىگە ياردەملىشىپ سەھنە ئە-
سەرلىرىنى قوبۇل قىلىش.

31. تەشكىللەش، رېپتىس قىلىش بۆلۇمچىسىنىڭ باش-
قۇرىدىغان ئىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

( 1 ) تەشۋىقات ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، دوكلات
تەييارلاش، دوكلات بېرىش خادىملىرىنى تاللاش.

( 2 ) تەشۋىقات ئەترەتلىرىنى رېپتىس قىلدۇرۇش،

ھەر دەرىجىلىك دوكلات قىلىش خادىملىرىنى تەربىيىلەش.

(3) تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش، شۇئارلارنى چاپلاش.

(4) تۈرلۈك تەشۋىقات يىغىنلىرىنى ئېچىش.

(5) ئۇيۇشما ئاچقان يىغىن مەيدانىنىڭ تەرتىپىنى ساقلاش، كىنو تىياتىرخانىلارنىڭ تەرتىپىنى قوغداشنى باشقۇرۇش.

(6) سىرتقى ناھىيەلەردىكى شۆبە ئۇيۇشمىلارنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش.

32. كۆچۈرۈپ بېسىش بۆلۈمچىسىنىڭ باشقۇرىدىغان ئىشلىرى:

(1) بارلىق تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى بېسىشنى باشقۇرۇش.

(2) تەشۋىقات ۋە كۆچۈرۈپ يېزىش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىرىش.

33. ئۇيۇشمىنىڭ تەشۋىقات ماتېرىيالى ۋە تەھرىرلەش خىزمىتىگە بۆلۈمنىڭ تەرجىمە تەھرىر بۆلۈمچىسى مەسئۇل، خېلى يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى ئېنىق بىلىدىغان كىشىلەرنى يېزىشقا تەكلىپ قىلىش، تەرجىمە - تەھرىر بۆلۈمچىسى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزىتىش كىرگۈزۈپ تەھرىرلەش.

34. سەھنە ئەسەرلىرىنى تەھرىرلەپ يېزىشتا شۇ بۆلۈمنىڭ تەرجىمە-تەھرىر بۆلۈمچىسى بىلەن كىنو-تىياتىر بۆلۈمچىسى بىرلىكتە يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرە قىلىپ ئاندىن قىلىش.

35. بارلىق سەھنە ئەسەرلىرى ۋە تەشۋىقات ماتې-
رىياللىرى تەھرىردىن چىققاندىن كېيىن شۇ بۆلۈمنىڭ
بۆلۈم باشلىقى بۇنى تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تەكشۈ-
رۈش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇش.

36. تەكشۈرۈش ھەيئىتى بارلىق تەشۋىقات ماتېرى-
ياللىرى ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن
كېيىن، تەكشۈرۈش پىكرى بىلەن ئەسلىدىكى ئەسەرنى
ئىجرائىيە نازارەت قىلىش يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ
ماقۇللىشىغا سۇنۇش.

37. تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن تەشۋىقات ماتېرىياللىرى
ۋە سەھنە ئەسەرلىرى باشقا تىل-يېزىققا تەرجىمە قىلى-
نىپ بولغاندىن كېيىن تەرجىمە ئارگىنالى بىلەن ئەسلى
ئارگىنالىنى تەشۋىقات ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش ھەيئى-
تىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇش.

38. ئىجرائىيە نازارەت ھەيئىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ
ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە
سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۇيۇشما كۆرسىتىپ
بەرگەن مەسئۇل كىشى مەمۇرىي ئىشلار باشلىقىغا دوكلات
قىلىش، مەمۇرىي ئىشلار بۆلۈم باشلىقىنىڭ تەستىقىدىن
كېيىن باستۇرۇپ تارقىتىش.

39. تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش
ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەن، ئىجرائىيە نازارەت
ھەيئىتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالمىغان، مە-
مۇرىي ئىشلار باشلىقىنىڭ كۆزدىن بوياپ تۇرۇپ تەستىق-
لىتقان تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋەسەھنە ئەسەرلىرىنى

بېسىپ تارقىتىشقا، سەھنىلەشتۈرۈپ ئويناشقا رۇخسەت قىلماسلىق.

40. ھەرقايسى ئوپېرا ئۆمەكلىرى، تەشكىلاتلىرى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش دائىرىسىگە كىرىدىغانلىكى بولسا، ئويۇشمىنىڭ كىنو-تىياتىر بۆلۈمچىسى يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس خادىم ئەۋەتىش.

41. ھەرقايسى ئوپېرا، تىياتىر ئۆمەكلىرى يېڭى تىياتىرلارنى ئويناشتا ئويۇشما تارقاتقان سەھنە ئەسەر ئارگىنالى مۇۋاپىق كەلگەندە ئوپېرا، تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ يېتەكچىسى تۈزىتىشى كېرەك. يېتەكچىنىڭ تۈزىتىشىنى ئاڭلىمىغۇچىلارنى ئويۇشما بۇيرۇق بىلەن ئومۇرلارنى ئويناشتىن توختىتىش.

42. ھەرقايسى ئوپېرا، تىياتىر ئۆمەكلىرىنىڭ راسخوتىنى شۇ ئۆمەكنى ئويۇشتۇرغۇچى تەشكىلاتلار ياكى مەكتەپلەر تۆلەش ئىمكانىيىتى بولسا ئۆزلىرى تۆلەش، تۆلەش ئىمكانىيىتى بولمىسا خامچوتلاشتۇرۇپ ئويۇشما ھېسابلاپ تارقىتىپ بېرىش.

43. ئارتىستلار بىلەن تىياتىر ئۆمەكلىكى خادىملىرى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، ئىئانە توپلاش ئويۇنلىرىنى ئويناشقا ئويۇشمىنىڭ كىنو، تىياتىر گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە رىئايە قىلىشى كېرەك. ئەگەردە نىشاندىن ئادىشىش ياكى تىياتىر ئۆمەكلىكىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قەستەن بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى كۆرۈلسە، بۆلۈم شۇ كىشىنىڭ ئارتىستلىق سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلاش،

ئەھۋال ئېغىرراق بولغانلىرىنى يىغىننىڭ مۇزاكىرە قىلىپ جازالىشىغا سۇنۇش.

44. ئوپېرا، تىياتىر ئۆمەكلىرى، كىنو قويۇش ئۆمەكلىرى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئاممىنى جۇشلاش مەقسىتىدە يېڭى نومۇرلارنى ئويناش، كىنولارنى قويۇش توغرا كەلسە شۇ بۆلۈمنىڭ كىنو، ئوپېرا، تىياتىرغا مەسئۇل بۆلۈمچىسى تەشكىللەش، مەشىق قىلىش، رېپېتىس قىلىش بۆلۈمچىسىگە تەرتىپ باشقۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس خادىم ئەۋەتىشكە ئۇقتۇرۇش قىلىش لازىم.

45. بۆلۈمنىڭ تەشكىلى مەشىق (رېپېتىس) بۆلۈمچىسى سەپەرۋەر قىلىش، تەشۋىقات پائالىيىتىدە ئالدىدا مېڭىش، يېزىق ئارقىلىق تۈزۈلگەن ئېنىق پىلانى بولۇش، شۇ بۆلۈمنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ئىمزا قويۇپ ئىجرائىيە ھەيئىتىگە سۇنۇش، ئىجرائىيە ھەيئىتى ماقۇللىغاندىن كېيىن قىلىش. پىلان ئىچىدە تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىم:

(1) تەشۋىقات شەكلى

(2) تەشۋىقات ئورنى ۋە دائىرىسى.

(3) تەشۋىقاتچىلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى، تەشكىلى.

(4) تەشۋىقات بۇيۇملىرىنىڭ خىلى ۋە سانى.

(5) تەشۋىقاتچىلارنى رېپېتىس قىلدۇرۇش (تەربىيەلەش) ئۇسۇلى.

(6) تەشۋىقات كۈنى ۋە تەشۋىقات ۋاقتى.

(7) تەشۋىقات مەركىزى مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى.

46. بۆلۈمنىڭ تەشكىلىي مەشىق (رېپېتىس) بۆلۈمچىسى سىرتقى ناھىيىلەردىكى شۆبە ئۇيۇشمىلار تەشۋىقات ئىش- لىرىغا قارىتا تەشۋىقاتقا رىياسەتچىلىك قىلىش پىلانىنى بېكىتىپ، ھەر قايسى شۆبە ئۆمەكلەرنىڭ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىغا تارقىتىپ بېرىش لازىم، ھەر قايسى ناھىيىلەر- دىكى شۆبە ئۇيۇشمىلار پىلان بويىچە تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن تەشۋىقات ئەھۋالى، تەشۋىقات شەكلى ۋە تەشۋىقات نەتىجىسىنى ئۇيۇشمىنىڭ تەكشۈرۈپ دەللىلىشىگە يوللاپ بېرىش لازىم، زۆرۈر ھېسابلىغاندا ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى شۆبە ئۇيۇشمىلارنىڭ تەشۋىقات ئىشلىرىغا قارىتا ئادەم ئەۋەتىپ رىياسەتچىلىك قىلىش.

47. باشقا ناھىيىلەرگە لازىمەتلىك تەشۋىقات بۇ- يۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇيۇشما تارقىتىپ بېرىش، شۇ ناھىيىلەردە بېسىشقا رۇخسەت قىلماسلىق.

48. سىرتقى ناھىيىلەرنىڭ يېڭى سەھنە ئەسەرلىرى- نى ئۇيۇشما تارقىتىپ بېرىش، باشقا ناھىيىلەر سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ئارگىنالىنى ئۆزلىرى بېكىتمەكچى بولسا ئارگىنالىنى ئۇيۇشمىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بېرىشىگە يول- لاپ بېرىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن سەھنى- لەشتۈرۈپ ئويناش.

49. مەيلى مۇشۇ شەھەردە بولسۇن ۋە ياكى باشقا ناھىيىلەردىكى تەشۋىقات بولسۇن، تارقىتىپ بېرىلگەن تەشۋىقات بۇيۇملىرى (ماتېرىياللىرى) بويىچە ئېلىپ بېرى- لىشى لازىم. ئۇيۇشما تارقىتىپ بەرگەن تەشۋىقات ماتې- رىياللىرىدىكى سۆز-ئىبارىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ ياكى ئۆ-

يوشما تارقىتىپ بەرگەن تەشۋىقات ماتېرىياللىرى دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتكەن ھالدا تەشۋىقات ئېلىپ بارغۇچىلار بولىدىكەن، خاتالىق يۈز بەرگەن ئاقىۋىتىگە شۇ تەشۋىقات خادىمى پۈتۈنلەي مەسئۇل.

50. بۆلۈمنىڭ يېزىپ باستۇرۇش بۆلۈمچىسى بارلىق تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يېزىپ باستۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، تەشكىللەش مەشق قىلىش بۆلۈمچىسىنىڭ سىلاپ تارقىتىشىغا ۋە چاپلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

51. يېزىش، باستۇرۇش بۆلۈمچىسى باستۇرىدىغان ياكى يازىدىغان تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش لازىم.

## ئەمانەت توپلاش بۆلۈم

52. بۇ بۆلۈم ئەمانەت توپلاش ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇرىدۇ. قارمىقىدا بەش بۆلۈمچە تەسىس قىلىنىدىغان. تەكشۈرۈش بۆلۈمچىسى، شەھەر بۆلۈمچىسى، يېزا بۆلۈمچىسى، ھەربىي خادىملار بۆلۈمچىسى، دۆلەت خىزمەتچى خادىم بۆلۈمچىسى.

53. ئەمانەت توپلاش بۆلۈمچىسىنىڭ باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئەمانەت توپلاش جەھەتتىكى كىرىم ۋە قەرزلەرنى باشقۇرۇش.

(2) ئەمانەت توپلاش جەھەتتىكى كىرىم تالونىنى، ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈش.

(3) ئەمانەت كىرىم ھۆججەتلىرىنى تارقىتىش.

(4) ساقلاش بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە باشقىغا تاپشۇر-
مىغان ئاقچىلارنى ساقلاش.

(5) يىققان پۇل، يىققان ماددى نەرسىلەرنى
تىزىملاش.

54. شەھەر بۆلۈمچىسىدە سودىگەرلەر گورۇپپىسى، ئىشچىلار گورۇپپىسى دەپ ئىككى گورۇپپا تەسىس قىلىنىدى شەھەر ئىچىدىكى ئىئانە توپلاش ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇرۇش، ئىشچىلار گورۇپپىسى ئىشچىلار ئىچىدىكى ئىئانە توپلاش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش.

55. يېزا بۆلۈمچىسى يېزىلاردىكى ئىئانە توپلاشنى مەخسۇس باشقۇرۇش.

56. ھەربىي خادىملار بۆلۈمچىسى ھەربىي قوشۇن ئىچىدىكى ئىئانە توپلاش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش.

57. دۆلەت خادىملىرى بۆلۈمچىسى دۆلەت خادىملىرى ئىچىدە ئىئانە توپلاشنى باشقۇرۇش.

58. بۇ بۆلۈمنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمچىسىنىڭ ئاقچا (پۇل) تاپشۇرۇش رەسمىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1 . شەھەردىن يىغىلغان ئىئانە سوممىسىنى مەيلى سودىگەرلەر ياكى ئىشچىلارنىڭ بولسۇن مۇشۇ شەھەردىكى سودا ئىشلىرى ئۇيۇشمىسى مەسئۇل بولۇپ ساناپ پېچەتلەپ، مۇشۇ بۆلۈمنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمچىسىگە تاپشۇرۇش.

2 . شۇ ناھىيىلەرنىڭ يېزا-كەنتلىرىدىن توپلانغان ئىئانە پۇلىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇپ ساناپ ئېلىپ پېچەتلەپ مۇشۇ بۆلۈمنىڭ تەكشۈرۈپ قاراپ چىقىش بۆلۈمچىسىگە تاپشۇرۇش.

3. ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدىن
چوڭلانغان ئىئانە پۇلىنى ئۇيغۇر ئاقارتىش ئويۇشمىسى
ساناپ ئېلىپ پېچەتلەپ، مۇشۇ بۆلۈمنىڭ تەكشۈرۈش بۆ-
لۈمچىسىگە تاپشۇرۇش.

59. مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ھەر قايسى بۆلۈمچىلىرىگە
كىرە كېلىدىغان ئىئانە ھۆججەت (تالون) لىرىنى تەكشۈرۈش
بۆلۈمىدىكى تەييارلانغان ھۆججەتلەردىن ئېلىپ ئىشلىت-
ىش، بىراق بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىنىڭ
تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش.

60. ھەر قايسى بۆلۈمچىلەر ۋە ناھىيىلەردىكى
شۆبە ئويۇشمىلار ئىئانە پۇلىنى ئەۋەتىشتە تەكشۈرۈش
بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈپ ھېسابلىشىغا قولايلىق بولۇش ئۈ-
چۈن ھۆججەتنىڭ كۆتىكىنى بىرگە قوشۇپ ئەۋەتىش. ئە-
گەردە پەۋقۇلئاددە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھۆججەت كۆ-
تىكى قوشۇپ ئەۋەتىلمىسە، سەۋەبى ھەققىدە چۈشەنچە
بېرىش ھەمدە ئەۋەتىش ۋاقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويۇش.

61. تەكشۈرۈش بۆلۈمچىسى ھەر قايسى جايلاردىن
ئەۋەتكەن ئىئانە ھۆججىتىنى تەكشۈرگەندە تۆۋەندىكى
ئىشلارغا دىققەت قىلىش لازىم:

1. قولدىن ئۆتكۈزگەن كىشىنىڭ ئىمزاسى بولۇش-
بولماسلىقىغا دىققەت قىلىش.

2. پارچە سانلارنى جەملىگەندە تاپشۇرغان پۇل
سانىغا ئوخشاش بولغان - بولمىغانلىقىغا دىققەت قىلىش.

3. ھۆججەتلەردە (تالون) ئۆچۈرۈلگەن ئەھۋال ۋە
شەكىللەرنىڭ بار- يوقلۇقىغا دىققەت قىلىش.

62. تەكشۈرۈش بۆلۈمچىسى ھۆججەت ـ تالونلارنىڭ
كۆتىكىنى تەكشۈرۈپ دىلىللاشتۇرغاندىن كېيىن ئىمزانىنى
باشقۇرغۇچى ھەر قايسى بۆلۈمچىلەرگە ئۇختۇرۇش.

63. تەكشۈرۈش بۆلۈمچىسى ھۆججەتلەرنى (تالونلار-
نى) تەكشۈرۈپ گۇمانى سوراق كېلىپ چىققاندا ئىمزانىنى
ئاساسلىق باشقۇرغۇچى بۆلۈمچىلەرنىڭ باشلىق-
لىرى ۋە ئىمزانە بەرگۈچى كىشى بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش،
ئەگەردە تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىللەت كۆرۈلسە يىغىنىنىڭ
مۇزاكىرە قىلىشىغا يوللاپ جازالاش ئىزامنامىسى بويىچە
جازالاش لازىم.

64. ھەر قايسى بۆلۈمچىلەر ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەر
ئەۋەتكەن ئىمزانە پۇلىنى ۋە ماددىي بويۇملارنى تەكشۈ
رۈش بۆلۈمچىسى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تىزىملاش، قا
لايمىقان بولۇشىدىن ساقلىنىش.

65. ھەر قايسى بۆلۈمچىلەر ۋە ھەر قايسى ناھىيىلىك
شۆبە ئۇيۇشمىلار تاپشۇرغان ئىمزانە پولنى ۋە ماددىي
بويۇملارنى مۇشۇ بۆلۈمنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمچىسى ساناپ
تىزىملىۋالغاندىن كېيىن ساقلاش بۆلۈمىنىڭ تاپشۇرۇۋې-
لىشىنى ئۇقتۇرۇش.

66. ھەر قايسى بۆلۈمچىلەر ۋە ھەر قايسى ناھىيە-
لىك شۆبە ئۇيۇشمىلاردىن ئەۋەتكەن ئىمزانە پۇلىنى ۋە
ماددىي بويۇملارنى شۇ بۆلۈمنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمچىسى
تەكشۈرۈپ تىزىملاشتىن باشقا يەنە ئەسلى سانى بويىچە
ساقلاش بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش، شۇ بۆلۈمدە قالدۇ-
رۇپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

67. ساقلاش بۆلۈمى ئامانە توپلاش بۆلۈمىدە ئىشلەش ئۈچۈن خادىم ئەۋەتىپ ئۇيۇشمىنىڭ يىغقان پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ۋاقىتلىق ساقلاش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك. ئەگەر بانكىدىن پۇل ئېلىش ئىشلىرى بولسا شۇ كىشى ئېلىشقا، تاپشۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش.

68. ئامانە توپلاش بۆلۈمىنىڭ ساقلاش بۆلۈمىگە تاپشۇرغان ئامانە پۇلدىن كەم كۆرۈلۈش يۈز بەرسە، كەم چىققاننى ئۆتكۈزگۈچى كىشى تۆلەش ياكى ئۇيۇشمىدىن ئۈستىگە ئېلىش، ئىجرائىيە نازارەت قىلىش بىرلەشمە يىغىنىنىڭ ئادىل بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇش.

69. مۇشۇ بۆلۈم ئۇيۇشمىدا ئامانە پۇلنى ساناش ھەر قايسى بۆلۈمچىلەر ۋە شۆبە ئۇيۇشمىلاردىن تاپشۇرغان ئامانە پۇلنى تاپشۇرۇۋېلىشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەش، ساقلاش بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى بىلەن بىرگە ئەمەلاتنى ساقلاش، بۇنىڭ مۇئاشىنى مۇشۇ بۆلۈم بېرىش.

70. مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ساقلاش بۆلۈمىگە تاپشۇرغان ئامانە پۇلى، ماددىي ئەشيالىرىغا ساقلاش بۆلۈمى ئىسپات ھۆججىتى بېرىش، بۇنى مۇشۇ بۆلۈمنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمچىسىنىڭ مۇۋاپىق ھېساب بىلەن ساقلىشىغا تاپشۇرۇش.

71. مۇشۇ بۆلۈم بىلەن ساقلاش بۆلۈمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى مۇشۇ بۆلۈم ھېساباتىغا تىزىملەپ، ھەر ئاينىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىم ھېساب سېلىشتۇرۇش.

72. مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ھەر قايسى بۆلۈمچىلىرى ئامانە توپلاشنى ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئامانە توپلاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. تۈزۈپ چىققان پىلاندا تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىش لازىم:

1 . ئامانە توپلاش رايونى.
2 . ئامانە توپلاپ يىغقۇچى خادىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى.
3. لازىمەتلىك ھۆججەت سانى.

73. مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ھەر قايسى بۆلۈمچىلىرى ئامانە توپلاشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن تەشۋىقات بۆلۈمىنى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىش ياكى تەشۋىقاتنى ئامانە توپلاش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش، تەشۋىقات ئېلىپ بارماي تۇرۇپ مۇستەقىل ئامانە توپلاشقا بولمايدۇ.

74. ئامانە توپلاش پىلانى تۈزۈلگەندىن كېيىن ئامانە بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋە مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ئىمزا قويۇپ تامغىسىنى بېسىپ دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ ماقۇللىشىغا سۇنۇش.

75. ئامانە پىلانى ماقۇللانغاندىن كېيىن مۇشۇ بۆلۈمچىگە مەسئۇل بۆلۈمچە باشلىقى تەكشۈرۈش بۆلۈمچىسىگە بېرىدىغان ھۆججەت (تالونلارنى) تاپشۇرۇۋېلىش.

76. شەھەردىكى سودىگەرلەردىن ئامانە توپلاشقا سودا ئىشلىرى ئۇيۇشمىسى بۆلۈمچىسىنىڭ شەھەر سودىگەرلىرى گورۇپپىسىغا ياردەملىشىپ ئىشلىشى كېرەك. شەھەردىكى ئىشچىلاردىن ئامانە توپلاشقا ھەر قايسى خاكتۇ (باجگىر) لار شەھەر بۆلۈمچىسىنىڭ ئىشچىلار گورۇپپىسىغا ياردەملىشىپ ئىشلەش.

77. ناھىيە، يېزا - كەنتلەردىن ئامانە توپلاشقا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە جايلاردىكى دىنىي كىشىلەر شاگىيۇ،

يۈز بېرىشى ياردىمىدە بۆلۈمىنىڭ يېزا بۆلۈمچىسى بېجىرىلىش.

78. يېڭىشەھەر، كونىشەھەردىن ئىبارەت ئىككى ناھىيىدىكى دۆلەت خادىملىرىدىن ئىئانە توپلاشقا ئورگانلاردىكى باشلىق ئەمەلدارلارنىڭ ياردەملىشىشىدە بۆلۈمنىڭ دۆلەت خادىمى بۆلۈمچىسى قىلىنىش.

79. كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، ياكى ۋىلايىتىمىزنىڭ باشقا ناھىيىلىرىدىكى ھەربىي ئورگانلار، ھەربىي قىسىملاردىن ئىئانە توپلاشقا ئۇيۇشمىنىڭ ئىئانە توپلاش بۆلۈمىنىڭ ھەربىي خادىملار ئىشلىرى بۆلۈمچىسى سىلىڭبۇلار ياردىمىدە قىلىنىش.

80. ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ئىئانىنى قىسىملاردىن باشقىسىنى ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشما بېجىرىپ ئىشلەش.

81. پەۋقۇلئاددە خاراكتېرگە ئىگە ئىئانىنى مەسىلەن: ھەر قايسى مەكتەپلەر، كۆچمەنچى چارۋىچى نۇقتىلارنىڭكىنى ئۇيۇشمىنىڭ ھەر قايسى بۆلۈمچىلىرى بېجىرىلىش، قىلىنىش تەس بولۇشنى ھېس قىلغانىدا شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان ئورگان ۋە تەشكىلاتلار ۋاكالىتەن بېجىرىلىش.

82. ھەر قايسى بۆلۈمچىلەر تاشقىرىدىن ئىئانە توپلاشتا، مەسىلەن: خىيانەت قىلىنىش، بېسىم قىلىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە تەكشۈرگەندىن كېيىن ئىجرائىيە نازارەت قىلىنىش بىرلەشمە يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىنىشىغا سۇنۇش، ئىئانە يىققۇچى ئۆزى جازالاش نىزامىنىڭ

ماددىسى بويىچە ئۆزىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىدىغان، شۇ كىشىنىڭ بۆلۈمچىسىنىڭ بۆلۈم باشلىقىغا شۇ كىشىنىڭكىگە تەڭ جازا بېرىش.

## ساقلاش بۆلۈم

83. بۇ بۆلۈم ئىدارىدە توپلانغان پۇل ۋە ماددىي بويۇملارنى ساقلاش ئىشلىرىنى مەخسۇس باشقۇرىدۇ، بۇ بۆلۈم قارىمىقىدا نەق پۇل بۆلۈمچىسى بىلەن ماددىي بويۇم بۆلۈمچىسى دېگەن ئىككى بۆلۈمچە تەسىس قىلىنغان.

84. ئىدارە توپلاش بۆلۈمى توپلىغان نەق پۇل ۋە ماددىي بويۇملارنى مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرىدۇ.

85. جۇغلانغان ئىدارە پۇلىنى ئېنىق ساناپ ئىشەنچلىك قىلىپ پېچەتلەپ چىققاندىن كېيىن مۇشۇ بۆلۈم ئاندىن قوبۇل قىلىدۇ.

86. ئىدارە ئۈچۈن توپلانغان ماددىي بويۇملارنى ئىدارە بۆلۈم سانى بويىچە ئېنىق قىلىپ بىر نۇسخا تولدۇرۇپ بارلىق بويۇملارنى جەدۋەلدىكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ماددىي بويۇملارنى ساقلاش بۆلۈمچىسى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ ساقلايدۇ.

87. بۆلۈم تاپشۇرۇۋېلىپ قوبۇل قىلغان پۇللارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا بانكىغا ئامانەت قويۇش.

88. بۆلۈم تاپشۇرۇۋالغان بارلىق ماددىي بويۇملارنى باشقۇرۇش بۆلۈمچىسىنىڭ ئىشلەتكىلى تىمدا، قويۇش، ۋاقتى - ۋاقتىدا ساناپ ئېلىش، ماددىي بويۇملارنى ساقلاش ئىس-

كىلاتىنى ۋاقىتىنچە يەرلىك باج ئىدارىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇش .

89. ئەمانە توپلاش بۆلۈمىدىن تاپشۇرۇۋالغان پۇل-ماددىي بۇيۇملارنىڭ ھۆججەت تالونلىرىنى ئاساس قىلىش، مۇشۇ ھۆججەت، تىل خەت ئۈستىگە بۆلۈمىنىڭ تامغىسىنى ۋە بۆلۈم باشلىقىنىڭ شەخسىي تامغىسىنى بېسىش .

90. ھېسابىنى نەق پۇل ھېسابى ۋە ماددىي بۇيۇملار ھېسابى دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىش، نەق پۇل ھېسابىنى نەق پۇل باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى مەسئۇل بولۇپ تىزىملاش، ماددىي بۇيۇملار ھېسابىنى ماددىي بۇيۇملارنى باشقۇرۇش بۆلۈمى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇش .

91. تاپشۇرۇۋالغان پۇل ياكى ماددىي بۇيۇملار بولسۇن ھەممىسىنى تەكشۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن تىزىملاپ ھېسابقا ئولتۇرغۇزۇش .

92. بۆلۈم ساقلاۋاتقان پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ھەر ئاينىڭ ئاي ئاخىرىدا ھەر قايسى بۆلۈمچىلەر ئىككى پارچىدىن جەدۋەللەشتۈرۈپ بۆلۈم باشلىقى ئارقىلىق كومىتېت مۇدىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرۇش .

93. مۇشۇ بۆلۈمنىڭ ھەر قايسى بۆلۈمچىلىرى تولدۇرغان ھۆججەت، تالونلارنىڭ كۆتىكىنى، ھېسابىنى ھەر ئاينىڭ ئاي ئاخىرىدا رۋدزىيە كومىتېتنىڭ تەكشۈرۈپ چىقىشىغا سۇنۇش، تەكشۈرۈپ دۆيلەشتۈرگەندىن كېيىن ئۇيۇشما تامغا بېسىش .

94. ئامانەت توپلاش بۆلۈمى جۇغلانغان پۇللارنى ھادىسە سەۋەبىدىن بۆلۈمگە يەتكۈزۈپ بېرەلمىگەندە، مۇشۇ بۆلۈمدىن ئەۋەتكەن خادىم بىلەن ئامانەت توپلاش بۆلۈمى ساقلاش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

95. ئۈيۈشمىنىڭ ئامانەت پۇلىنى دىخۇا (ئۈرۈمچى) باش ئۈيۈشمىسىغا پېرېۋوت قىلىشتا كومىتېت مۇدىرى بۆلۈمى-نىڭ بانكىغا كۆچمە ھېساب ئارقىلىق پېرېۋوت قىلىشى-نى ئۇقتۇرىدۇ.

96. ئۈيۈشما ئامانەت قويغان ماددىي بۇيۇملارنى سېتىش توغرا كەلسە، كومىتېت مۇدىرى يېزىق ئارقىلىق بۆلۈم باشلىقىنىڭ باھا بېكىتىشىنى ئۇقتۇرىدۇ. دائىمىي ھەيئەتلەر ماقۇللىغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىدۇ.

## 6. قوشۇمچە پرىنسىپ

97. بۇ پرىنسىپنىڭ مۇۋاپىق بولمىغان جايلىرى بولسا ھەيئەتلەردىن ئۈچ كىشى پىكىر لايىھىسىنى ئوت-تۇرىغا قويىدۇ، ئىجرائىيە نازارەت ھەيئەتلەر بىرلەشمە يىغىنىنىڭ تۈزىتىشىگە سۇنىدۇ.

98. رېۋىزىيە كومىتېتى ھەر قايسى بۆلۈملىرىنىڭ ئىش بېجىرىش پرىنسىپلىرى باشقىدىن بېكىتىلىدۇ.

99. بۇ پرىنسىپ ئىجرائىيە نازارەت كومىتېتى بىرلەشمە يىغىنىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

| ئىزاھات | تۆلىگەن پۇلنىڭ قەشقەر پۇلىغا سۇندۇرۇلۇشى | باش ئۇيۇشما تاپشۇرۇۋالغان ھۆججەت نومۇرى | جەتئەل پۇلى | قەشقەر پۇلى | قەشقەر شوبە بانكىسىنىڭ پۇل يېزىۋەت تېلېگرامما نومۇرى | پۇللار كۈن | ئاي | يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 25 | | | 1.000.000.00 | (0118) | 3 | | |
| | 25 | | | 1.000.000.00 | (0107) | 14 | | |
| | 25 | 564 | | 1.005.000.00 | (0118) | 4 | 2 | |
| | 25 | 564 | | 2.000.000.00 | (0106) | 8 | | |
| | 25 | 564 | | 1.000.000.00 | (0182) | 15 | | |
| | 25 | 564 | | 1.000.000.00 | (0127) | 26 | | |
| | 25 | 564 | | 1.000.000.00 | (114) | 26 | | |
| | 4000 | 564 | 10.000.00 | | (0109) | 8 | 3 | |
| | 4000 | 593 | 10.000.00 | | (0112) | 7 | 6 | |
| | 4000 | | 50.000.00 | | (0123) | | | |
| | 6000 | 666 | 10.000.00 | | (0115) | 20 | 9 | |
| | 600 | | 10.000.00 | | (163) | | | |
| | | | 90.000.00 | 22 مىليون يۈەن | جەمئىي | | | |

كومىتېت باشلىقى: ماۋۋت ، كومىتېت مۇئاۋىن باشلىقى: خوجىلىق بولۇم باشلىقى: ليو گودوڭ، بوغالتىر: چو چاۋيو، جەدۋەل يازغۇچى: ليو گودوڭ

شىنجاڭ خەلقىنىڭ ياپونغا قارشى تۇرۇپ دۆلەتنى قۇتقۇ-
زۇش ئارقا سەپ ياردەم بېرىش ئۇيۇشمىسى قەشقەر
شۆبە ئۇيۇشمىسىدىن ئىئانە قىلغان پۇللارنى
چۈشەندۈرۈش جەدۋىلى (2 - جەدۋەل)

مىنگو 29 - يىل 12 - ئاي .

| ئىمزاھات | ئۆلكە پۇلىنىڭ قەشقەر پۇلى ھامىلدىغان ئۈلۈشى | باش ئۇيۇشمىنىڭ ھۆججەت نومۇرى | جەھەت ئىل پۇلى | قەشقەر پۇلى | قەشقەر بانكىسىغا تاپشۇرغان پۇل رەۋۇت نومۇرى | پۇللار: كۈن | ئاي | يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 25 | 198 | | 1.000.000.00 | (0116) | 1 | 3 | 27 |
| | 25 | 240 | | 1.000.000.00 | (0112) | 29 | | |
| | 25 | 264 | | 1.000.000.00 | (0101) | 9 | 5 | |
| | 25 | 295 | | 1.000.000.00 | (0113) | 9 | 6 | |
| | 25 | | | 1.000.000.00 | (0111) | 28 | | |
| | 25 | | | 1.000.000.00 | (0100) | 10 | 7 | |
| | 25 | 402 | | 1.000.000.00 | (0109) | 31 | | |
| | 25 | 433 | | 1.000.000.00 | (0121) | 5 | 10 | |
| | 25 | 438 | | 1.000.000.00 | (0110) | 12 | 10 | |
| | 25 | 456 | | 1.000.000.00 | (0109) | 25 | | |
| | 25 | 457 | | 1.000.000.00 | (0115) | 1 | 11 | |
| | 25 | 478 | | 1.000.000.00 | (0101) | 26 | | |
| | 25 | 488 | | 1.000.000.00 | (0112) | 15 | 12 | |
| | 25 | | | 1.000.000.00 | (0128) | 3 | 1 | 28 |

# قەشقەرنىڭ پوچتا - تېلېگراف تارىخى

جاڭ يوزى

## قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان پوچتىسى

چىڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى پوچتا ئۇسۇلى ـ ئەسلى بار بولغان يەتكۈزۈش ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 1891 ـ يىلى (چىڭ گۇاڭشۈنىڭ 17 ـ يىلى)، قەشقەر ۋىلايىتىنى سۇلپ مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا بولۇپ، بۇنىڭغا تەۋە پوچتا بېكىتى ئۈچ ئورۇندا بولغان (سۇلپ مەھكىمىسى بېكىتى، يامانيار بېكىتى، ياپچان بېكىتى)، بېكەت خادىمى جەمئىي ئۈچ كىشى، ئات باققۇچى 17 كىشى، 34 ئات بولۇپ، يىلىغا 1832.55 سەر كۈمۈش بېرىلگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، قاتناش توسۇلۇپ قېلىپ، بېكەت يوللىرى كۈندىن ـ كۈنگە ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئادەملەر شالاڭلىشىپ قالغان. 1912 ـ يىلى (مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى) شىنجاڭدىكى پوچتا بېكەتلىرى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ جايلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن پوچتا ئىدارىسى، پونكىت، بېكەتلەر قۇرۇلغان.

1840 ـ يىلى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىبلىس چاڭگىلى دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىگە سوزۇلۇشقا باشلىغان.

1884 – يىلى، ئەنگلىيە كونىشەھەر ناھىيىسىدە ( بۈگۈنكى قەشقەر شەھىرىدە ) پوچتىخانا تەسىس قىلغان. شۇ يىلى، چار روسىيىنىڭ سىبىرىيە تۆمۈر يولىدا پويىز قاتنىغاندىن كېيىن قەشقەردىن جۇڭگو – روسىيە چېگرىسى تورغاتقىچە پوچتا يولى ئېچىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئاتچىلىرى ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسىدا پوچتا ئالماشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا چار روسىيىنىڭ پوچتا ماركىسىنى تارقاتقان. شىنجاڭ بىلەن روسىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پوچتىنىڭ يەتكۈزۈلۈش ۋاقتى تېز، ئالىدىغان پوچتا ھەققى تۆۋەن بولغانلىقتىن ئىككى دۆلەت ئاھالىلىرى بەس – بەستە خەت-پوسۇلكا سالغان. شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ خە ئالاقىسىنى چار روسىيە پۈتۈنلەي مونوپولىيە قىلىۋالغا خەت – چەك، پوسۇلكىلارغا پۈتۈنلەي چار روسىيە پوچ ماركىسى چاپلانغان، چار روسىيىنىڭ كۆن تامغىسى بېسىلـن، چار روسىيە پۇلى ئېلىنغان. بۇ خەت – پوسۇلكىلار شىنجاڭ چېگرىسىدىن سىبىرىيىگە چىقىپ، مانجۇرىيىگە كىرىپ ئاندىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەن . جۇڭگونىڭ خەت – چەكلىرىنى جۇڭگو تېررىتورىيىسىدە توشۇيالمىغان، روسىيىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ھەر يىللىق پوچتا ھەققىدىن قىلىدىغان كىرىمى 100 مىڭ روبلىدىن ئاشقان.

1907– يىلى (گۇاڭشۇنىڭ 33 – يىلى) شىنجاڭنىڭ مەمۇرى بېگى ۋاڭشۇنەن ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، يۇقىرىقى ئەھۋاللىنى ئەينەن مەلۇم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن 1909 – يىلى (چىن شۈەنتۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى) شىنجاڭدا پوچ-

تا ئىشلىرىنى يولغا قويغان بولۇپ، ئەسلى بار بولغان ئاپات راسخوت كىرىمىنىڭ يېرىمىنى شىنجاڭدا پوچتا ئىشلىرىنى يولغا قويۇش راسخوتى قىلغان. پوچتا مەنىستىرلىكى پوچتا نىزامنامىسىنى ئېلان قىلىپ، پوچتا ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي شىنجاڭ ئۆزى باشقۇرغان.

1910- يىلى كۈزدە، قەشقەردە پوچتا ۋاكالەت ئاپپاراتى- كونىشەھەر ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلغان. 1921 - يىلى (مىنگونىڭ 10 - يىلى) قەشقەر بىرىنچى دەرىجىلىك ئىدارىغا ئۆستۈرۈلۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەركەز قىلىنغان. 1938- يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىدارىغا ئۆزگەرتىلگەن، 1945- يىلى يەنە بىرىنچى دەرىجىلىك ئىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تا ئازادلىق ھارپىسىغىچە داۋام قىلغان. قەشقەر پوچتا ئىدارىسىنىڭ ئىگىلىگەن ئومۇمىي يەر كۆلىمى 3136 كۋادرات مېتىر، ئورنى ھازىرقى ھېيتگاھنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بولغان.

قەشقەرنى مەركەز قىلىپ سىرتقا ئېچىلغان پوچتا ئىدارىسى — قەشقەردىن تاشقورغان، پاكىستان، ھىندىستانغىچە ۋە 1921 - يىلى (مىنگونىڭ 10- يىلى) كونىشەھەر پوچتا ئىدارىسى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن پوچتا، خەت - چەكلەرنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرغان، شۇنىڭ بىلەن قەشقەر - تورغات پوچتا يولى ئېچىلغان.

ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، 40 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئۈرۈمچىدىن، كونىشەھەر ناھىيىسىگىچە پوچتا يەتكۈزۈش لىنىيىسى ئېچىلغان، بۇ ئارى-

ئالمىقتا قاراشەھەر-كورلا-ئاقسۇ-مارالبېشى-كونىشەھەر تا-
ھىيىسى، ئارىلىقىدىكى پۈتۈن لىنىيىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى
2510 كىلومېتىر بولۇپ، ئاتچى بىر قېتىمدا كېچە-كۈندۈز 15
كۈن يول يۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە مارالبېشىدىن كونى-
شەھەرگىچە بىر پوچتا لىنىيىسى بەنجاڭ، 12 ئاتچى قويۇل-
غان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا كونىشەھەر-پوچتا ئىدارى-
سىنى مەركەز قىلىپ، كونىشەھەر-خوتەن لىنىيىسى، كو-
نىشەھەر-ئىلى لىنىيىسى، كونىشەھەر، تاشقورغاندىن
ئىبارەت ئۈچ نۇقتىلىق غول لىنىيە تەشكىل قىلىنغان.
ئەمدى بۇ ئۈچ غول لىنىيىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تۆ-
ۋەندىكىچە بايان قىلىمىز:

1. كونىشەھەر-خوتەن لىنىيىسى: كونىشەھەر نا-
ھىيىسىدىن جەنۇبقا يۈرۈپ يېڭىسار-يەكەن ئارقىلىق خو-
تەنگە بارغان. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1071 كىلومېتىر. ھەر ئىك-
كى كۈندە بىر قېتىم يەڭگۈشلىنىپ، ئاتچى كېچە-كۈندۈزلەپ
يول يۈرگەن، يۈرۈش مۇساپىسى بەش كۈن بولغان. بۇنىڭ ئىچى-
دە كونىشەھەردىن يەكەن ئوچاستكىسىغىچە، كونىشەھەر
ئىدارىدىن نۆۋەتچى چىقارغان، بۇ پوچتىكەش باشلىقى
11 ئاتچى قويغان. بۇ لىنىيە خوتەن-كېرىيە لىنىيىسى
بىلەن تۇتىشىپ كېرىيە-چەرچەن لىنىيىسى ئارقىلىق چار-
قىلىققا بېرىپ، يەنە ئايلىنىپ كورلىغا كېلىپ، ئۈرۈم-
چى-كونىشەھەر لىنىيىسى بىلەن تۇتاشقان.

2. كونىشەھەر-ئىلى لىنىيىسى: كونىشەھەردىن
جۇڭگو-سوۋېت چېگرىسىدىكى تورۇغاتقىچە بو-
لۇپ، ئۇزۇنلۇقى 290 كىلومېتىر، ھەر ئالتە كۈندە بىر

قېتىم نۆۋەتچى ئاتچى چىقىرىپ سەككىز كۈن يۈرگەن ،
ئالتە ئاتچى قويغان .

3. كونىشەھەر ـ تاشقورغان لىنىيەسى: كونىشەھەر-
دىن جەنۇبقا قاراپ يۈرۈپ يېگىسار ئارقىلىق تاشقۇر-
غانغا بارىدۇ، ئارىلىقى 392 كىلومېتىر ، ھەر بەش كۈن-
دە بىر قېتىم ئاتچى چىقارغان (بۇ، 1940- يىلدىن 1944 -
يىلغىچە بولغان ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن). ھەر نۆ-
ۋەتچىدە بىر ئادەم، بىر ئات بولغان ؛ تاشقورغاننىڭ
دەپتەر دېگەن يېرىدىن ھىندىستاننىڭ مۇسشاغىچە بولغان
ئۇزۇنلۇقى 446 كىلومېتىر، ھەر 15 كۈندە بىر قېتىم ئاتچى
چىقارغان بولۇپ ، كېچىلەپ يول يۈرگەن . ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇ پوچتا يولى
چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئىشلىتىلگەن. پوچتا
خەت ـ خالتىلىرى ئالماشتۇرۇلغان .

1943 ـ يىلى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا يەنە
كونىشەھەر ـ ئاتۇش لىنىيەسى قوشۇلغان. بۇنىڭ ئومۇمىي
ئۇزۇنلۇقى 51 كىلومېتىر 800 مېتىر بولۇپ ، ئىككى ئات-
لىق ، بىر پىيادە ئادەم (شاتۇر) تەيىن قىلىنغان.

1942 ـ يىلى كونىشەھەر پوچتا ئىدارىسىغا قاراش-
لىق دائىرە ئىچىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر ئۇلۇغچات ، ئاتۇش ،
خانئېرىق (خانىرىق) ، يوپۇرغا ، پەيزاۋات ، يېڭىسار
پوچتا ۋاكالەتخانىلىرى قۇرۇلغان. 1945 ـ يىلى ھېيتكا ۋە
تاشقورغان پوچتا پونكىتلىرى قوشۇلغان. يەكەن، قاغىلىق،
مارالبېشى 3 ـ دەرىجىلىك ئىدارە ، يېڭىشەھەر 4 ـ دە-
رىجىلىك ئىدارە بولغان .

پوچتا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ، 1945 ـ يىلىدىن باشلاپ كونىشەھەر پوچتا ئىدارىسى خەت ـ ئالاقە ، پۇل پېرېۋوتى ، تېلېگراف ، دۆلەت ئىچى پوسۇلكىسى ، ئادەم ھاياتىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش ، خەلقئارالىق پوچتا خەت ئالاقىسىنى يەتكۈزۈش قاتارلىق كەسىپلەرنى يولغا قويغان . پوچتا خىزمەتچىلىرى 37 ئادەم بولغان . ھەر نۆۋەتلىك ئىدارە باشلىقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

1936 ـ يىلى خې ۋېنفېن ؛ 1938 ـ يىلى ياڭ زوجى ؛ 1944 ـ يىلى لېي جۇچېن ؛ 1945 ـ يىلى ۋېن يۇڭلىڭ ؛ 1946 ـ يىلى چېن شىفەن ؛ 1947 ـ يىلى ۋاڭ گۇاڭزۇ .

## قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان سىملىق خەۋەرلىشىش ئىشلىرى

1871 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چار روسىيە ئەسكەر چىقىرىپ ئېلىمىزنىڭ ئىلى رايونىنى بېسىۋالدى . شۇ چاغدىكى چىن خاندانلىقى ھۆكۈمىتى خەۋەرلىشىش ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قالدى .

1892 ـ يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 18 ـ يىلى) چار روسىيە جاھانگىرلىكى تاشقورغاننى تاجاۋۇز قىلىپ كىردى ، چىڭ ھۆكۈمىتى ئالاقىزادە بولۇپ خاتىرجەم بولالمايدۇ . قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغاچقا خەۋەرلىشىش تېخىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى . بۇنىڭ بىلەن ياردەمگە ئەسكەر چىقىرىپ توساشقا ئامالسىز قالدى . 1893 ـ يىلى (گۇاڭشۈنىڭ 19 ـ يىلى) شىنجاڭنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىيسىنىڭ ئوردىغا يوللىغان سىملىق تېلېگراف يول-

غا قويۇش ئىلتىماسى تەستىقلىنىپ، چىڭ ھۆكۈمىتى كۈ-
مۈشكە سۇندۇرغاندا 280 مىڭ سەر پۇل راسخوت چۈشۈرۈپ
بېرىپ، سىملىق تېلېگرافنى قۇرىدۇ ھەمدە ئۇنى بەل-
گىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە 1895 - يىلى 3 - ئايدا تامام-
لايدۇ. ئۈرۈمچى مەركەز قىلىنىدۇ. شەرقتە لەنجۇ تې-
لېگراف شۆبە ئىدارىسى، شىمالدا ئىلى، چۆچەك شۆبە ئىدا-
رىسى، غەربىي شىمالدا قەشقەر تېلېگراف شۆبە ئىدارى-
سى تەسىس قىلىنىدۇ. مارالبېشىدا ئالاقە قىلىش پون-
كىتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىدۇ.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى مىلىتارىستلار-
نىڭ قالايمىقان ئۇرۇشىدا شىنجاڭنىڭ سىملىق تېلېگراف
سىم يولى ئۇزۇن يىل رېمونت قىلىنمىغانلىقتىن تېلېگراف
ئەسلىھەلىرى زىيانغا ئۇچراپ ئالاقە ئىشلىرى پۈتۈنلەي
ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتى
ياڭ زېڭشىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۈرۈمچى - قەشقەر
سىمسىز تېلېگراف قوبۇل قىلىش، تارقىتىش ئاپپاراتىنى
قوراشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئەنگلىيە سودىگەرلىرى بۇنىڭ-
دىن خەۋەر تېپىپ ئىلىمىزدە ئۆز ئالدىغا تېلېگراف ئىس-
تانسىسى قۇرۇشنى تالىشىدۇ ھەمدە قەرز پۇل بېرىش ئار-
قىلىق ئىلىمىزنىڭ پوچتا - تېلېگراف كەسپىنى ئىگىلى-
ۋالىدۇ. ئۇلار شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىنىڭ
دېڭىز ئارمىيە ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلى-
كىنى قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەيدۇ. دېڭىز ۋە قۇ-
رۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىكلىرى ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا
ھاكىمىيەت بولۇپ، ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ خەۋەرلىشىش

ئالاقە تورلىرىنى كېڭەيتمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن سىمسىز تېلېگراف قۇ-
رۇش كېلىشىمىگە ئىمزا قويىدۇ. قەشقەردە سىم-
سىز تېلېگراف قۇراشتۇرۇش دەل شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆ-
كۈمىتىنىڭ قاتناش مىنىستىرلىكى بىلەن قورۇقلۇق ئار-
مىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ھوقۇق تالىشىۋاتقان پەيتىگە توغ-
را كەلگەن بولۇپ، قاتناش مىنىستىرلىكىنىڭ پۇل قەرز
بېرىپ تۇرۇشى بىلەن 1918 - يىلى ئەنگلىيە ماكېنىي
سىمسىز تېلېگراف شىركىتى 200 مىڭ ئەنگلىيە سىتېرلىن-
گى توختامىغا ئىمزا قويۇپ قورۇلغان. توختامدا سىمسىز
تېلېگراف ئىستانسىنى قۇراشتۇرۇشقا كېتىدىغان بارلىق
ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر، ماتېرىيال ۋە سايمانلارنى ئەن-
گلىيە ماكېنىي سىمسىز تېلېگراف شىركىتى تەمىنلەش ھەم-
دە ئەنگلىيە ئىنژېنېرىنى قۇراشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلىپ
ئەۋەتىش، ئۈرۈمچى ئىستانسىسى 1920 - يىلى 11 - ئايدا
ئىش باشلاش، قەشقەر ئىستانسىسى 1921 - يىلى ئىش باش-
لاش، ئىككى ئىستانسىنىڭ قورۇلۇشىنى 1923 - يىلى 5 -
ئايدا پۈتۈنلەي تاماملاش بەلگىلەنگەن. ئەنگلىيە تە-
رەپنىڭ قۇراشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئىنژې-
نېرى داۋكىر بىلەن ھاسىپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ قۇراش-
تۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئىنژېنېرى زوۋجىيابەي بو-
لۇپ، قۇراشتۇرۇش قورۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن،
زوۋجىيابەي ئۈرۈمچى سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىنىڭ
باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. قەشقەر ئىستانسىنىڭ باش-
لىقى چېيە نىباۋچۇن بولغان.

قەشقەر سىمسىز تېلېگراف ئىدارىسى قۇراشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ھىندىستاننىڭ پەنجاپقا ئۇلانغان تېلېگرافنىڭ سىگنالى ئوچۇق، ئۈنۈمى ياخشى بولغان؛ ئاندىن ئۈرۈمچى ئىدارىسىغا ئۇلانغان. بۇنىڭ سىگنالى ئىنتايىن تۇتۇق بولۇپ، ئېنىق ئاڭلانمىغان. ئەنگلىيە ئىنژېنېرى داۋكىنز بىلەن ھاسىپلار توسالغۇنى تۈگىتىشكە كۆپ قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ بۇنىڭدىن نەتىجە ھاسىل قىلالمىغان. كېيىن بۇ چەتئەللىك ئىككى نەپەر ئىنژېنېر جۇڭگو تەرەپنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ھىندىستان ئارقىلىق غەرەزپەس دىلاتىكەۋەتكەن، ۋەتەننىڭ ئابرويىنى قوغداش ئۈچۈن زوۋجىيابەي سىمسىز تېلېگرافنى قايتا - قايتا سىناق قىلىش نەتىجىسىدە، كۆپ قېتىملىق توسالغۇنى تۈگىتىپ، ئاخىرى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئۈرۈمچى بىلەن سۆزلەشكەن.

1933 - يىلى شىنجاڭدا «12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، شېڭ شىسەي ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تۆت دانە سىمسىز تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ بارلىق ئۈسكۈنىلىرىنى ئىمپورت قىلىپ، ئۇنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى، قەشقەر، خوتەنگە قۇراشتۇرغان. جاڭ خاۋشۇ قەشقەر تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن.

1942 - يىلى، قەشقەر تېلېگراف ئىدارىسى شىنجاڭ بويىچە 7 - تېلېگراف ئىدارىسىغا ئايرىلىپ، 2 - دەرىجىلىك ئىدارىسى بولۇپ، ھەر خىل تېلېگراف كەسپىي خىزمەتلىرىنى يولغا قويغان.

# ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون

1911 - يىلى شىمالىي مىللىتارىستلار ھۆكۈمىتى ياڭزېڭ-
شىنىي شىنجاڭنىڭ تۇتۇق بېگى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ياڭزېڭشىن
جەنۇبىي شىنجاڭغا رەھبەرلىك قىلىشقا قولاي بولۇش، ئۆ-
زىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەي-
تىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگىچە بولغان ئارىلىققا
تۇنجى تاق سىملىق تېلېفون سىم يولى تارتقان.

ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلىقى 1500 كىلومېتىر بولۇپ،
سىم يولى ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى چاغدا يۈكلىمە
دولقۇن ئۈسكۈنىسى بولمىغانلىقتىن، سىگنالى ئاجىز بو-
لۇپ، سۆزلىشىشكە ئامال بولمىغان. ئۇنىڭدىن تۆت يىل كې-
يىن پۈتۈن لىنىيە چورتلا ئۈزۈلۈپ قالغان. بۇ چاغدا
خەۋەرلىشىش خىزمىتىدە پۈتۈنلەي سىمسىز تېلېگراففا
تايانغان.

1913 - يىلى، چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق
كونسۇلخانىسى ئۆز دۆلىتى بىلەن ئالاقە قىلىشقا قولاي-
لىق بولۇشىنى كۆزلەپ، ئەركەشتام (بۈگۈنكى تورغات) دىن
قەشقەرگە بىر تال مەخسۇس تېلېگراف، تېلېفون سىمى
تارتقان. بۇ چاغدا ياڭزېڭشىن شىمالىي مىللىتارىستلار
ھۆكۈمىتىدىن يوليورۇق سوراپ، تاشقى ئىشلار مىنىس-
تىرلىكىدىن چاررۇسىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخا-
نىسىغا سىمنى سۆكۈپ ئېلىۋېتىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈپ
قويۇشنى تەلەپ قىلغان، جۇڭگو ھۆكۈمىتى پۇل ئاجرىتىپ
قايتىدىن بىر سىم يولى تارتقان، بۇ سىم يولى قەشقەر-
دىن ئۆدۆل ئەركەشتامغىچە بارغان بولۇپ ئومۇمىي ئۇ-

ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتىر ئىدى. بۇ قۇرۇلۇش 1917 - يىلى 2 - ئايدا تاماملىنىپ، روسىيە بىلەن جۇڭگو قەشقەر تەرەپىنىڭ تېلېگراممىلىرى بىۋاستە يەتكۈزۈلگەن.

1913 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە ياڭ زېڭشىن، شىڭ-شىسەي ھاكىمىيىتى ئىلگىرى-ئاخىر قەشقەر، كونىشەھەر، يېڭىشەھەر ئىچىدە ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر كېلى-دىغان ئۈچ تاللا تاق سىملىق شەھەر ئىچىدە ئىشلىتىلى-دىغان تېلېفون سىمى تارتقان. سىمنىتاپ تۈۋرۈكىدە توك-نىڭ مۇداپىئەلىنىدىغان ساپال ئۇسكۈنە بولمىغانلىقتىن بوران چىقىپ قار - يامغۇر ياققاندا، توكنىڭ ئۆتۈشى ئېغىر بولۇپ، سىملىق تېلېفوندا سۆزلىشىشكە چارىسىز قالغان.

1937 - يىلى، قەشقەر، يېڭىشەھەر، كونىشەھەر دە ئارىلا 10 دانە تېلېفون ئورنىتىلغان بولۇپ، توكتىن مۇداپىئەلىنى-دىغان ساپال ئۇسكۈنىلىرى كەمچىل بولغاچقا، تېلېفوندا سۆزلىشىش قىيىن بولغان، نەتىجىدە، بۇ تېلېفونلار مەخسۇس ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىشلىتىشى بىلەنلا چەكلەن-گەن. شۇ يىلى، يولداش ماۋزېمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە شىنجاڭنىڭ ئۈچ يىللىق پىلانى تۈزۈلۈپ، دۆلەت سىر-تىدىن 1000 دانە تېلېفوننى سېتىۋالايدىغان ئۇسكۈنى-لەر ئارقىمۇ - ئارقا سېتىۋېلىنىپ كېلىنگەن. تېلېفون سېتىۋېلىشقا كەتكەن خىراجەت 4750 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ، بۇ پۇلنى شىنجاڭ مالىيە نازارىتى بېرىپ تۇرغان، كېيىن تېلېگراف ئىدارىسىدىن قايتۇرغان. سىم-لىق تېلېفون قۇراشتۇرۇپ ياساشقا كېتىدىغان جەھەتتىن

يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل ئادەملەر بېكىتىلىپ، بۇ ئۈس-
كۈنىلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا قەشقەر، ئۈرۈمچىلەردە
قۇراشتۇرۇلغان.

1940 - يىلى، قەشقەردە تېلېفون ئىدارىسى قۇرۇل-
غان بولۇپ، دەسلەپتە ئارانلا 80 دانە تېلېفون ۋە بىر
دانە ئۇلاپ بېرىش ئاپپاراتى بار ئىدى. ئۇ مەخسۇس
قەشقەر شەھىرى ئىچىدىكى تېلېفونلارنىلا باشقۇراتتى. تې-
لېفون ئىدارىسى شۇ چاغدىكى ۋالىي مەھكىمىسى قورۇسى
(ھازىرقى مەمۇرىي مەھكىمە قورۇسى) ئىچىگە تەسىس
قىلىنغان بولۇپ، 1 - دەرىجىلىك ئىدارە قىلىپ بېكى-
تىلگەن.

1945 - يىلى قەشقەر تېلېگراف خەۋەرلىشىش ئىدا-
رىسى قۇرۇلغان.

1948 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، قەشقەردە ئۇ-
زۇن يوللۇق سىمسىز تېلېفون تەسىس قىلىنىپ، ئۈرۈمچى،
قۇمۇل، قارا شەھەرلەرگە بىۋاستە ئۇلاپ بېرىلىدىغان
بولغان. تېلېفون سىمىنىڭ قارشىلىقى كىچىك بولغاچقا
سۆزلىشىش ئىنتايىن قىيىن بولغان. پۈتۈن مەملىكەت
ئازاد بولغاندىن كېيىنلا، پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرىدا
ئاندىن زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن.

# «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپىدە بولغان قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىغا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ئارقىمۇـئارقا ئاۋاز قوشتى. 1933ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ماشىمنىڭ ئادەم چىقىرىپ كۇچارغا ھۇجۇم قىلدى، كۇچارلىق تۆمۈر بۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى، ئارقىدىنلا يەنە ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلدى. 2ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تۆمۈر ئاقسۇ شەھىرىگە كىردى. 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مۇھەممەت ئىمىن قارىقاش ناھىيىسىدە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. جىن شۇرېن بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇردى. ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئەسكەر باشلىقى بولۇپ تۇرغان جىن شۇجىي قورقۇپ كېتىپ زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋالدى. ئاندىن كېيىن جىن شۇرېن قەشقەر رايونىنىڭ مەمۇرى ئىشلار باشلىقى ماشاۋۋۇنى جەنۇبىي شىنجاڭ باندىت تازىلاش سىلىكبۇسىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭلىقىغا تەيىنلىدى.

تۆمۈر ئاقسۇنى ئالغاندىن كېيىن، ماشىمنىڭ قاراشەھەرلىك خويزۇ ماجىنساڭنى ئاقسۇغا قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتىپ، قەشقەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ما-

شاۋۇۋۇ پولك باشلىقى لى دىگرۇڭنى مارالبېشىدىكى توققۇز
ساراي دېگەن جايغا مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەۋەتكەن بولسىمۇ،
نەتىجىدە جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ ھاياتىدىن ئايرىلدى.
شۇ چاغدا قەشقەر شەرقىدە تۆمۈرنىڭ قوشۇنلىرىدىن مۇ-
داپىئەلەنسە، جەنۇبتا يۈرۈش قىلىپ خوتەندىكى مۇھەم-
مەت ئىمىننىڭ قوشۇنلىرىدىن مۇداپىئەلەنگەن بولسىمۇ،
ئەسكىرى كۈچى ئاجىز بولغاچقا، مۇداپىئەسى يوققا چى-
قىدۇ. ماشاۋۇۋۇ قىرغىز ئەسكەرلىرىدىن 800 دىن ئارتۇق
ئەسكەرنى ئېلىپ، بىر پولك قىلىپ تەشكىللەپ 400 دانە
قارا مىلتىق، ئىككى دانە زەمبىرەك بىلەن جابدۇندۇر-
دۇ ھەمدە پۇل يىغىپ شەھەرنى قوغدايدۇ. بۇ ئەسكىرى
كۈچلەر قىرغىز مىللىتىدىن بولغان كازارما باشلىقى
ئوسماننىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ چاغدا نابەگ قەشقەرد
ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇراتتى. جەنبەگ سوۋېت ئىت-
تىپاقىدىن قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن جىنايى ئىشلار جىنا-
يەتچىسى ئىدى، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئۇنى چېگرىدىن
ئۆتكۈزۈۋېتىشنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلغان بولسىمۇ،
ماشاۋۇۋۇ ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىۋالغانىدى. كېيىن
سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ھەدەپ سۈرۈشتە قىلغانلىقتىن
بۇ جىنايەتچىنى خوتەنگە ئاپىرىپ قويىدۇ. قەشقەر
خەۋپ ئاستىدا قالغاندا ئۇنى يەنە قايتۇرۇپ كېلىدۇ.
ماشاۋۇۋۇ ۋە باشقا جېنىدىن تويغان مۇتەھەملەر ئۇنىڭ
ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، ھەربىي ھوقۇق بېرىدۇ.

قارىقاشلىق. مۇھەممەت ئىمىن جىن شۇرىدىن ھىندىس-
تاندىن ئېلىپ كەلگەن بىر تۈركۈم قورال-ياراغقا ئىگە

بولغانىدىن كېيىن، 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قارىقاشتا قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇ چاغدا تۆمۈرنىڭ ئاقسۇنى ئالغىنىغا ھېچ قانچە بولمىغانىدى، ماشاۋۇۋنىڭ جەنۇبقا قاراشقا كۈچى يېتىشمەيۋاتاتتى. مۇھەممەت ئىمىن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خوتەنگە ھۇجۇم قىلىپ خوتەننى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى خوتەننىڭ پادىشاھى دەپ ئاتىۋالىدۇ، ئارقىدىنلا گۇما، قاغىلىق، يەكەن شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇچتۇرپان، مارالبېشى، پەيزاۋات قاتارلىق ناھىيىلەر تۆمۈرگە تەسلىم بولىدۇ؛ مۇھەممەت ئىمىن خوتەندىن پەيزاۋاتقا كېلىپ تۆمۈرنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. قەشقەر شەھىرى (ھازىرقى قەشقەر) دىكى جەنبەگ ۋە ئوسمانلار تۆمۈر بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە باغلاپ، مەمۇرىي ئىشلار باشلىقى مەھكىمىسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىدۇ. 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، تۆمۈر، ئوسمان، مۇھەممەت ئىمىنلەر قەشقەرنى ئالىدۇ. ماجەنساڭ قەشقەر (يېڭىشەھەر ناھىيىسى) نى ساقلاپ قالىدۇ، تۆمۈر قاتارلىقلار كونىشەھەرنى ئىگىلەيدۇ.

بۇ چاغدا قەشقەردە تۆت گۇرۇھ كۈچ شەكىللەنگەن: بىرىنچىسى، تۆمۈر بولۇپ، ئەمەلىي كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى، ئۇ ئۆزىنى دىۋىزىيە باشلىقى، قوشۇمچە چېگرا مۇداپىئە سىلىڭبۇسىنىڭ باش سىلىڭى دەپ ئاتىۋالغان ھەمدە تۇرپانلىق ئۇيغۇر يولۋاسبەگ (خەنزۇچە ئىسمى يۇ ۋېنبىن) نى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار باشلى-

قى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. ئىككىنچىسى، ماجەنساڭ بولۇپ، ئۇ ماجوڭيىڭنىڭ كۈچىگە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىدىكى خىللانغان جەڭگە ماھىر كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ ئەسلىدى- كى مەمۇرىي ئىشلار باشلىقى ماشاۋۇ بىلەن ھەمكارلىشى- دۇ، ماشاۋۇ يېڭى دىنىي مەزھەپنىڭ باشلىقى بولغاچقا، تۇڭگانلار ئارىسىدا خېلىلا تەسىرى بار ئىدى. ئۈچىنچى- سى ئوسمان بولۇپ بۇ ھېچنەرسىدىن تەپ تارتمايدىغان مۇتىھەم ئادەم بولۇپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى قالاي- مىقان ئۆلتۈرەتتى، تۆمۈرنىڭ ئىپتىمال ئۇنى دىۋىزىيە باشلىقلىق ۋەزىپىسىگە قويۇدىغانلىق ۋەدىسىنى ئەمەلدە كۆرسەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئۇ تۆمۈرگە نىسبەتەن كۆڭلىدە ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەنىدى. تۆ- تىنچىسى، ساۋۇت داموللا بولۇپ، ئۇنىڭ تايانچا بازىسى خوتەندە ئىدى؛ لېكىن قەشقەردە بىر قىسىم ئەسكىرى كۈچى بار ئىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى شىنجاڭنى جۇڭگودىن ئايرىپ، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئىدى. بۇ بىر قانچە مەزھەپتىكى كۈچلەر ئاشكا- را ۋە يوشۇرۇن پۈت تېپىشىپ تۇراتتى، پۇرسەت كەلسىلا قارشى تەرەپنى يوقىتىۋېتىشنى ئويلايتتى.

8 - ئايدا تۆمۈر ماجەنساڭغا ئوسماننى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىدۇ؛ ماجەنساڭ يالغاندىن ۋەدە قىلى- دۇ-يۇ، لېكىن تۆمۈرنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ، ھوقۇق تارت- ماقچى بولىدۇ. ئوسمان قوشۇنىنى تاغقا ئېلىپ چىقىدۇ، تۆمۈر قوشۇن باشلاپ ئۇنىڭغا قوغلاپ زەربە بەرگەندە تۇڭگانلار شەھەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدۇ، ھەمدە يېرىم

يولغا يوشۇرۇن ئەسكەر قويىدۇ. 8- ئاينىڭ 9-كۈنى تۆمۈر تاغدىن قايتىشىدا شۇ يېرىم يولدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلە- لەن شەھەرنى ماجەنساڭ ئىگىلىۋالىدۇ، ماشاۋۇۋ قاي- تىدىن قەشقەرنىڭ ھەمۇرىي ئىشلار باشلىقلىقىغا تەيىنى- لىنىدۇ. ساۋۇت داموللا ماجەنساڭ، ماشاۋۇۋلارنىڭ ئورنىنىڭ تېخى مۇستەھكەملەنمىگەن پۇرسىتىدىن پايدى- لىنىپ، تۆمۈرنىڭ قالدۇق قوشۇنىنى بىلەن بىرلىشىپ ما- جەنساڭغا ھۇجۇم قىلىدۇ، ئوسمانمۇ ساۋۇت داموللا بىلەن بىرلىشىپ، تاغ ئارىسىدىن چىقىپ، بىرگە جەڭ قىلىدۇ. 8- ئاينىڭ 16- كۈنى، ساۋۇت داموللا قوشۇنى، ئوس- مانىڭ قوشۇنى ۋە تۆمۈرنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى بىرلى- شىپ ماجەنساڭنى مەغلۇپ قىلىپ، شەھەرنى قايتۇرۇ- ۋالىدۇ، ماجەنساڭ ئامالسىزلىقتىن، قەشقەر يېڭىشەھەر- گە چېكىنىدۇ. ئوسمان ئۆزىنى دىۋىزىيە باشلىقى، قوشۇمە- چە سىلىڭ دەپ ئاتىۋالغان بولۇپ، كۈچى ئەڭ كۈچلۈك ئىدى.

ئوسمان قەشقەر كونىشەھەرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ۋە ئاياللارنى ھەدەپ بۇلايدۇ، پۇقرالارنىڭ دەرد - پەريادى- لىرى ھەممە يەرنى قاپلايدۇ. خوتەندىكى ئەمىن يەنە پۇر- سەتتىن پايدىلىنىپ قوشۇنىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىدۇ، ئۇ يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن بولغان پۇقرىي قاتلام تەركىبى- تىكىلەر ۋە ئەنجانلىق سېتىۋالدىجان (تۆمۈرنىڭ قوشۇنى- دا پولك باشلىقى بولغان) بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوس-

مانى ئەزەربەيجانكە ئالغاندىن كېيىن ساۋۇت داموللىنى
سىقىپ چىقىرىپ، مۇستەقىل ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىدۇ.

ساۋۇت داموللا ئاقسۇغا بېرىپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ
قوللىشىغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. 6-ئايدا خوجىنىياز ھاجى
ماجۇڭيىڭ بىلەن شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىنىڭ مورىدا جەڭ
باشلىغانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تۇرپاننى ئىگىلە-
ۋالىدۇ. ماجۇڭيىڭ جەڭدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن مورى
دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىن كېلىپ تۇرپاننى قايتۇرۇۋالىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى غەربكە مېڭىشقا مەجبۇر بول-
دۇ. ماجەنساڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئاقسۇدىن ئايرىلىپ،
ئاقسۇ يېڭىشەھەرگە كىرگەندىن كېيىن ئاقسۇ خوجىنىياز ھاجى-
نىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايلىنىدۇ. خوجىنىياز ھاجى ساۋۇت دا-
موللىنى ئانچە ياقتۇرمايتتى، بۇ ئېھتىمال شىڭ شىسەينىڭ
بۇرۇن خوجىنىياز ھاجىنى جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ
سلىغلىقىغا تەيىنلىگەنلىكىدىن بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر
ساۋۇت داموللىغا يول قويسا، بىر ساننى كېسىپ بۆرىگە
تاشلاپ بەرگەندەك ئىش بولاتتى. بىراق خوجىنىياز ھاجىمۇ كۆ-
چىنى كېڭەيتىش پۇرسىتىنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ،
شۇڭلاق قىلىپ، ئۇ مەھمۇت مۇھىتىنى قەشقەرگە ئەسكەر
ئېلىپ بېرىپ ماجەنساڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىدۇ.

مەھەممەت ئىمىن بىلەن ساۋۇت داموللالار پىلانلىغان
«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇشتىن ئىبارەت بۆل-
گۈنچىلىك ھەرىكەت، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشىغا
ئېرىشىدۇ. شىنجاڭ خاراكتېرلىك قالايمىقانچىلىقتىن پاي-
دىلىنىپ، ئەنگلىيە جەنۇبىي شىنجاڭنى مۇستەقىل قى-

لىنىش، ئاتالمىش «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»
قۇرۇشنى پىلانلايدۇ.

ساۋۇت دامولла بىلەن مۇھەممەت ئىمىنلار ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش ئېلىپ باراتتى. 1933 - يىلى 8 - ئايلاردا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ھىندىستان سودىگەرلىرى ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر ساھەدىكىلەر بىلەن كەڭ تۈردە ئۇچرىشىپ، مىللىي مۇناپىقلارنى سېتىۋالىدۇ. ئۇلار ئەنگلىيە جاسۇسى بولۇپ، قەشقەرنىڭ يەرلىك ھۆكۈمەتلىرىگە يوشۇرۇنۇپ كىرىۋېلىپ، ئەكسىيەتچىل فېئودال پومېشچىكلارنى ۋە يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ «پانتۈركىزىم» ۋە «پان ئىسلامىزىم» دېگەنلەرنى ھەدەپ تەرغىپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەنگلىيە 500 مىڭ رۇپىيە پائالىيەت راسخوتى ئاجرىتىپ بېرىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىشى ۋە ئۇنىڭغا رېژىسسورلۇق قىلىشى ئارقىسىدا 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كېچىدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قەشقەردە قۇرۇلغانلىقى جاكالىنىپ، ئالدىنئالا تەييارلاپ قويۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىنىش لايىھەسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى ۋە قۇرچاق ئاساسىي قانۇنى ماقۇللىنىدۇ. ۋەتىنىمىز بىرلىكىنى پارچىلايدىغان بۇ بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەر شىنجاڭنىڭ تارىخىدىكى بۇ نومۇسسىز كۈننى «مىللەتلەر كېچىسى» دەپ ئاتاپ، ئۆزلىرىنىڭ «غەلىبىسى» نى تەبرىكلىشىدۇ.

بۇ قورچاق جۇمھۇرىيەتنىڭ تەشكىلىي پروگراممىسى

جەمئىي 12 ماددىلىق بولۇپ، ئۇنى گومىنداڭنىڭ نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋە خەلقئارا ئىمپېرىيالىزمنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچىنچى ماددىسىدا بۇ دۆلەت «مەركىزى ھۆكۈمەت» تە بىر نەپەر زۇڭتۇڭ تەيىن قىلىنىدۇ، زۇڭتۇڭنىڭ تۆۋىنىدە گوۋۇيۈەن بولىدۇ؛ گوۋۇيۈەننىڭ ئاستىدا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، دىن-ئەدلىيە مىنىستىرلىكى، ۋەخپە مۈلۈكلىرىنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىكى، دېھقانچىلىق-سۇ مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلىكى قاتارلىق توققۇز چوڭ ئاپپارات تەسىس قىلىنىدۇ، دېيىلگەن.

قورچاق ھۆكۈمەتتىكى ھەر قايسى ئاپپاراتلارنىڭ باشلىقلىرى تۆۋەندىكىلەر:

زۇڭتۇڭ: خوجىنىياز ھاجى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا ئەمەلىي كۈچلۈك بولۇپ، ئەڭ بالدۇر جىن شۇرېنغا قارشى تۇرغان، ئۇ ئەزەلدىن قايمۇقتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە.

گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى: سابىت داموللا، ئاتۇشلۇق بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ چوڭ موللىسى، بۇرۇن ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا ئوقۇغان. ھىندىستان، تۈركىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىلىنى بىلىدۇ. ئۇ ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بېقىۋالغان غالچا.

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى: يۇنۇسبەگ، ئۇ، قوشۇمچە قەشقەرنىڭ مەمۇرى ئىشلار باشلىقى بولۇپ، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى. ئۇ تۇرپانلىق بولۇپ، خەنزۇچە

تىل ـ يېزىقنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇرۇن ئۆزىگە يۇۋۇدىنىپ دەپ ئىسىم قويغان.

تاشقى ئىشلار مىنىستىرى: قاسىمجان ھاجى، خوتەنلىك بولۇپ، ئەنگلىيە جاسۇسى.

ھەربىي ئىشلار مىنىستىرى: ئۇراز بەگ، قەشقەرلىك قىرغىز.

مالىيە مىنىستىرى: ئېلى ئاخۇن، خوتەنلىك داڭلىق جاي سودىگەر.

دىن ـ ئەدلىيە مىنىستىرى: زەرىپ قاراجى، ئۆزبېك، قەشقەردىكى دىنىي ئۆلىما، زىيالى.

ۋەخپە ـ مۇلۇكلەرنى باشقۇرۇش مىنىستىرى: شەمشىدىن داموللام، قەشقەرلىك پومېشچىك بولۇپ، ھىندىستانغا چىقىپ ئوقۇغان، دىنىي ساھەدە خېلى ئورنى بار.

دېھقانچىلىق-سودا مىنىستىرى: ئوبۇل ھۆسەن ھاجى، قەشقەرلىك چوڭ پومېشچىك ۋە سودا كاپىتالىستى بولۇپ، چەتئەللەردىكى پانتۈركىزمچىلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار.

سەھىيە مىنىستىرى: ئابدۇللاخان، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىق بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن ئۆزبېك.

دۆلەت ئىشلار باشكاتىپى: ھاجى ئاخۇن، كۇچارلىق خەلپەت.

يۇقىرىقى بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن قۇرۇلغان قورچاق ھاكىمىيەت، پەقەت بىر ئوچۇم فېئودال ـ پومېشچىكلار سىنىپى ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلاملارنىڭ مەنپەئەتىنىلا ۋەكىللىك قىلاتتى.

1934-يىلى 11-ئاي 13-كۈنى خوجىنىياز ھاجى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ھىمايىسىدا 3-4 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى باشلاپ ئاقسۇدىن كونىشەھەرگە كېلىپ، قورچاق ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئېتىراپ قىلىشى ھەمدە ھەربىي قورال- ياراق ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. ساۋۇت داموللا يەنە قېچىپ چىقىپ كەتكەن دۆلەت سىرتىدىكى پانتۈركىستلارنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ھۆكۈمەتنى قوللاشقا چاقىرغان. ساۋۇت داموللا تۇرسۇن، نىيازلارنى ئافغانىستانغا ئەۋەتىپ، پادىشاھ با تۇر مۇھەممەت نادىرخانغا ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان مەكتۇپنى ئەۋەتكەن. مەكتۇپتا: «ھازىر بىز ھاردىپ ۋە ھەربىي قورال ياراقتا تولىمۇ ئېھتىياجلىق، دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كۆپ مىقداردىكى قورال-ياراق، زەمبىرەك، ئوق-دورىغا ئېھتىياجلىقمىز. بىز پادىشاھ ئوردىسىنىڭ قورال-ياراق ئوق - دورا، زەمبىرەك تەرەپلەردىن بىزگە ياردەم بېرىشلىرىنى سورايمىز. ئەگەر بىزنى ئۆزلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمىدىن قۇرۇق قويۇشنى خالىمايدىغان بولسىلا، ئۇنداقتا، بىزنى ئۆزلىرىنىڭ قانات ئاستىغا ئالغايلا...» دېگەنلەر يېزىلغان (شىنجاڭ تارىخى تەتقىقات ئورنىدا ساقلانغان 1800 - نومۇرلۇق ماتېرىيالدىن ئېلىندى).

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى سىرتتىن ھەربىي ياردەم تەلەپ قىلسا، ئىچكى جەھەتتە دىن ئار-

قىلىق دۆلەت قۇرۇشنى جاكالىغانىدىن سىرت، يەنە ئىدىيىتا-
يىن تار مىللەتچىلىك، «پانتۈركىزم» ۋە پان ئىس-
لامىزىم دەيدىغان ئەكسىيەتچىل نەزەرىيىنى يولغا قو-
يۇپ، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ۋە ئىسلام دىنىغا ئې-
تىقاد قىلىدىغان بارلىق مىللەتلەرنى بىرلىشىپ، بىر دۆ-
لەت بولۇپ ئۇيۇشۇشقا، بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنى جاھان-
گىرلارنىڭ قوينىغا تاشلاشقا قۇتراتقان.
ئۇلار تارىخنى بۇرمىلاپ، شىنجاڭنىڭ ئەزەلدىن جۇڭگو-
نىڭ ئايرىلماس زېمىنى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ بىر
تارىخىي پاكىتنى يوققا چىقىرىپ، «شەرقىي تۈركىستان —
شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانى، باشقى-
لارنىڭ بىزگە ئاتا - ئانا بولۇۋېلىشى ھاجەتسىز...
ھەممە سىرتتىن كەلگەنلەر مەڭگۈ چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرى-
لىدۇ...» دەپ جۆيلىگەن (خۇك دېچېن: «شىنجاڭ تارىخىي-
جۇغراپىيە پروگراممىسى» 329- بەت).
«شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» — بىر ئوچۇم ئەك-
سىيەتچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايىتى بولۇپ، ھەر مىللەت خەل-
قىغە نىسبەتەن دوزاق ئىدى. ئۇلار ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلى-
قىنى قوغدايدىغان قوشۇن قۇرۇش ئۈچۈن، خەلقنى ئاش-
لىق، پۇل، يەم - بوغۇز ۋە ئەمگەكنى ھەقسىز ئىئانە قى-
لىشقا مەجبۇرلىغان ھەمدە ئەنگلىيىگە 10 مىڭ دانە مىل-
تىق ۋە 200 دىن كۆپرەك ئەسكەرنى ياردەمگە
بەرگەن (جيالك جۇنشۆەي: «شىنجاڭ لاگېرى» 75 - بەت).
ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان جەڭ، ئەسكەر ۋە ئات ئېلىش نە-
تىجىسىدە، ئېتىزلار قاقاسلىشىپ، كوچا - رەستىلەرنى

سوكوت باسقان ، ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولۇپ ، مالىيە-
دە قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ ، ھەربىي ئەشيالارغا چىقىم قى-
لىشقا قۇدرىتى يەتمەي ، ھەر بىر ئائىلىنى بىر قانچە
ئەسكەرنى بېقىشقا مەجبۇر قىلغان . سودىگەرلەر تىجارەت
قىلىشقا چارىسىز قالغانلىقتىن ، باشقا جايلارغا ياكى چەت
ئەللەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان . خەنزۇلار بول-
سا خۇددى كامادىكى چاشقاندەك ، خەتەرگە قارىماي چې-
نىنى ئېلىپ قېچىشقا جۈرئەت قىلالماي ، ئۆزىنى دالدىغا
ئېلىپ يوشۇرۇنۇپ ، ئۆلتۈرۈلۈشتىن ساقلانغان (« تەڭ-
رىتاغ » 1 - توم ، 4 - سان ، 2 - بەت ).

« شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » نىڭ تەتۈر يول
تۇتۇشى ۋە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى
ياراشتۇرغىلى بولمايدىغان گۇرۇھلارنىڭ زىددىيىتى — :
قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ ئۆمرىنىڭ چەزمەن قىسقا بولىدى-
غانلىقىنى بەلگىلىگەن .

ماجۇڭيىڭ ئۆلكە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قوغلاپ
زەربە بېرىلىپ ، ئۈرۈمچىدىن داۋانچىڭغا چېكىندۈرۈل-
گەندىن كېيىن ، داۋاملىق قەشقەرگە قاراپ چېكىندى .
ئۆلكە قوشۇنلىرى ( بىرلەشمە ئارمىيە بۇنىڭ ئىچىدە )
1934 - يىلى 3 - ئاينىڭ بېشىدا ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ
ماجۇڭيىڭ قوشۇنىغا قىستاپ زەربە بېرىشنى قارار قىلى-
دۇ ؛ بىر يولدىكىلەر داۋانچىڭغا يۈرۈش قىلىپ ، تۇرپان ،
پىچاننى ئىگىلەپ ، ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنى شەرققە قېچىشقا
ئامالسىز قالدۇرۇپ ؛ يەنە بىر يولدىكىلەر ليۇ بىننىڭ
قوماندانلىقىدا ئىلىدىن يولغا چىقىپ تەڭرىتېغىدىن

ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاقسۇدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنىنى توسىدۇ. 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئۆلكە قوشۇنلىرى داۋانچىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئىگىلەيدۇ، 200 دىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇننى ئەسىرگە ئالىدۇ. 8 - ئايدا، توقسۇن، تۇرپان، پىچان قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەيدۇ. ماجۇڭيىڭنىڭ بىر قوشۇنى گەنسۇغا قاچىدۇ، كۆپ قىسمى بولسا ماجۇڭيىڭغا ئەگىشىپ، قاراشەھەر، كۇچارغا چېكىنىدۇ.

ئۆلكە قوشۇنلىرى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قاراشەھەرنى ئىگىلەيدۇ. 22 - كۈنى ئىلىدىن جەنۇبقا قاراپ ماڭغان لىيۇ بىڭنىڭ قوشۇنى ئاقسۇنى ئىگىلەپ، ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىدۇ. بۇ ئېلىشىشتا ماجۇڭيىڭنىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ، قەپقالغان ئاتلىق ئەسكەرلىرى يول بويى ئۆلكە ئارمىيىسى ئايروپىلانلىرىنىڭ بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچراپ، زىيان تېخىمۇ زور بولىدۇ. ماجۇڭيىڭ زور بىر قىسىم ئەسكىرى كۆچىنى مارالبېشىدا قالدۇرۇپ، ئازراق قوشۇننى ئۆزى باشلاپ قەشقەرگە چېكىنىدۇ. يېڭىشەھەر ناھىيىسىنى قوغداۋاتقان ماجەنساڭ، ماشاۋۇۋلارنىڭ قوشۇنى ماجۇڭيىڭ بىلەن بىرلىشىپ، 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كونىشەھەر ناھىيىسىنى ئالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» گۇمران بولىدۇ. خوجىنىياز ھاجى تاغقا قېچىپ، كېيىن يېڭىسارغا يۆتكىلىدۇ. ساۋۇت داموللا ئافغانىستانغا قاچماقچى بولغاندا ئۆلكە ئارمىيىسى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، تۈرمىدە ئۆلىدۇ. ئىمىن خوتەنگە قېچىپ بىر دۋالـ

دۇ. 1934 ـ يىلى ماخۇشەن خوتەن ئىسلام دىنىي دۆلىتى-
نىڭ پادىشاھىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ھىندىستانغا قې-
چىپ كېتىدۇ.

4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى ئاقسۇدىن قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ مارالبېشىنى ئىگىلىدى، 10 ـ ئايدا ماجۇڭيىڭنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى، ماجۇڭيىڭنىڭ ئىككى مىڭ ئادىمى تەسلىم بولدى. ماجۇڭيىڭ قەشقەردە مارالبېشىدىكى قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جەنۇبقا قاراپ يەكەنگە چېكىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆلكە ئارمىيىسى قەشقەرگە كىرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىم ئاتلىق پولكى مالىنوۋىنىڭ باشچىلىقىدا ئەركەشتامدىكى چېگرىدىن ئۆتۈپ ئۆلكىلىك ئارمىيىگە ياردەم بېرىپ جەڭگە قاتنىشىدۇ. ئېسھا قىبەگنىڭ پىدائىي ئاتلىق پولكى ئۇلارغا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، جەڭدىن كېيىن ئىككى ئاتلىق پولك ئۇلۇغچاتتا قالدۇرۇلىدۇ. ماجۇڭيىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆلكىدىن ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ يېڭىباشتىن تەشكىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۆلكە ئارمىيىسى تەرەپ يامانغا قىلغان ياخشىلىقنىڭ بېشىغا چىقىدىغانلىقىدىن قورقۇپ، داۋاملىق قوغلاپ زەربە بېرىشنى قارار قىلىدۇ. ماجۇڭيىڭ يا ئىلگىرىلەش، يا چېكىنىشنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئارىسىدىكى سوۋېت پەرەستلەر ماجۇڭيىڭنى ئۆز قىسىملىرىنى قالدۇرۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشكە ھەرىكەتلەندۈرىدۇ.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ماجۇڭيىڭ ئالتۇن، ياقۇت قاتار-
لىق نۇرغۇن زىبۇ - زىننەت، كىيىم - كېچەك ۋە يېقىن ئا-
دەملىرىنى ئېلىپ، ئەركەشتامدىكى چېگرا قاراۋۇلخانىسى-
غا قوراللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، سوۋېت چېگرىسىغا ئۆ-
تۈپ كېتىدۇ. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن 36 - دىۋىزىيە ماجۇڭ-
يىڭنىڭ ھاممىسىنىڭ ئېرى ماخۇشەننىڭ قوماندانلىقىدا
خوتەن ۋىلايىتىگە كىرىدۇ. ماخۇشەننىڭ خوتەن، قاغىلىق،
مارالبېشى، گۇما، قارىقاش، كېرىيە، چەرچەن، چارقىلىق
ناھىيىسى قاتارلىق توققۇز مۇداپىئە رايونى بار ئىدى.
36 - دىۋىزىيە خوتەنگە كىرگەندىن كېيىن شاھ مەنسۇر
پادىشاھنىڭ ئاتالمىش «ئىسلام پادىشاھلىق دۆلىتى» نى
يوقىتىدۇ.

يېڭىسارغا قېچىپ بارغان خوجىنىياز ھاجىنى شىڭ شى-
سەي ھۆكۈمىتى كۆچمىنىڭ بىرىچە ئۆزىگە تارتىدۇ. چۈنكى جاڭ
پېيىۋۇەنى مەغلۇپ قىلىپ، ماجۇڭيىڭنى ھەيدىگەندىن كې-
يىن، شىڭ شىسەي جەڭ ۋەيرانچىلىقىنى يوغۇشتۇرۇشقا تې-
خى يېتىشەلمىگەنىدى، شۇڭا ئۇ ۋاقىتىنچە ئۇلارغا يول
قويۇپ، قالايمىقانچىلىق داۋاملىق يەرلىك ھاكىمىيەت
تۈزىتالارنى بىردەك ئىدىرلاتماسلىققا مەجبۇر بولىدۇ.
بىر مەھەل كۈچ سىناشقاندىن كېيىن، شىڭ شىسەي خوجى-
نىيازغا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپى-
سىنى بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ ھەمدە خوجىنىيازمۇ
ئۆزى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆلكە مەركىزىنىڭ رەھ-
بەرلىكىگە بويسۇنۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ خو-
جىنىياز ھاجى قىسىملىرىنى قەشقەردە قالدۇرۇپ، مەھمۇتنىڭ

قوماندانلىقىدا، ئۆزى بىر تۈركۈم يېقىن ئادەملىرى بى-
لەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ئاندىن كې-
يىن شىڭ شىسەي ليۇ بىنگنى قەشقەر گارنىزونىنىڭ سىلىڭ-
لىقىغا تەيىنلەپ، مەھمۇتنى نازارەت قىلدى.

1934 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىڭ شىسەي
تېلېگرامما ئارقىلىق نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە: «جەنۇبىي شىن-
جاڭنىڭ تىنچىتىلغانلىقىنى، شىنجاڭدا ھەربىي ئىشلارنىڭ
ئاخىرلاشقانلىقى، شىنجاڭدىكى ئۇرۇش پارا-
كەندىچىلىكىگە خاتىمە بېرىلىپ، تىنچلىقنىڭ ئەمەلگە ئاشقان-
لىقىنى، بۇ كۈن تىنچ بىر ئىلىككە كەلگەن خاتىرە كۈن قىلىپ
بېكىتىلگەنلىكى» نى ئۇقتۇردى. ئۆلكە ئارمىيىسىگە «جا-
ھانگىرلارغا قارشى قوشۇن» دەپ نام بېرىلىپ، گومىنداڭ
ئارمىيىسىنىڭ بىر ئىلىككە كەلتۈرۈلگەن نامىدىن ئىنكار قىلىن-
دى. بۇ كۈن «جاھانگىرلارغا قارشى قوشۇن» قۇرۇلغان خا-
تىرە كۈن قىلىپ بېكىتىلدى، ھەمدە «شىنجاڭ خەلقىنىڭ
جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش بىرلەشمە ئۇيۇشمىسى (قىس-
قارتىلىپ ئۇيۇشما دەپ ئاتالغان) نىڭ قۇرۇلغانلىقى جا-
كارلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتى-
دىن باشقا ھەممە جايلىرىدا شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق
قىلدى.

(بۇ ماقالە يېزىق جەھەتتە قىسمەن قىسقارتىلدى. ماتېرىياللىرىنى شىنجاڭ
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى تەمىنلىگەن).

# مەھمۇت موھىتى قەشقەردە

## ماشۇكاك

مەھمۇت موھىتى 1934 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەردە شىڭ شىسەيگە قارشى ئۆلكە ئارمىيىسى 6 - دىۋىزىيە- سىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ، ئۇنىڭ قول ئاستىدا 1500 دىن كۆپرەك ئوفىتسېر ۋە جەڭچى بولۇپ، بۇلار- نىڭ 80 پىرسەنتى ئۇيغۇر، قالغانلىرى قىرغىز ئىدى. بۇ قىسىم خوجىنىياز ھاجى، تۆمۈر، ئوسمانلارنىڭ قالدۇق ئەس- كەرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغانىدى. ئەسلىدە شىڭ شىسەي مەھمۇت موھىتىنى قەشقەر گارنىزونىنىڭ سىلىڭلىقىغا تەيىن- لەشكە ماقۇل بولغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، مۇئاۋىنلىككە قوشۇمچە 6 - دىۋىزىيىنىڭ باشلىقلا بولىدۇ. شۇنداق قى- لىپ ئۇ قەشقەر گارنىزونىنىڭ سىلىڭى لىيۇبىڭنىڭ تىز- گىنلىشىدە بولىدۇ. ئۇ كۆڭلىدە بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، بۇنى شىڭ شىسەينىڭ ئۆزىنىڭ بويىنغا سالغان بويۇن- تۇرۇقى دەپ قارايدۇ. مەھمۇت موھىتى تۇرپانلىق چوڭ پومېشچىك بولۇپ، سىرتقا قا- رىتا ئەنگلىيە پەرەستلىكنى تەشەببۇس قىلسا، ئىچكى جە- ھەتتە شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېتپەرەستلىك سىيا- سىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئۇنىڭ سىياسىي ئىدىيىسى — شىنجاڭدا مۇستەقىل بولغان ئىسلام

ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش ئىدى. شۇڭلاشقا ئىلگىرى ئۇ ساۋۇت
داموللا باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرى-
يىتى» گە قاتناشقانىدى. ئۇنىڭ بۇ شەھىردىن چۈشى بەر-
بات بولغاندىن كېيىن، قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ
قەشقەرنى ئۆزىنىڭ شەھىرى قىلىۋېلىپ، مەمۇرىي، ئەد-
لىيە، مائارىپ ھوقۇقىنى ئومۇمەن ئۆزىگە قارىتىۋالدى،
ئۇنىڭدىن بىسوراق قىل تەۋرەتكىلى بولمايتتى. مەھمۇت
دىنىي قوغداش نامى بىلەن دىۋىزىيە شىتابىغا مەسچىت
سالدۇرۇپ، ھەرقانداق ئەھۋالدا، قانداق كىشى بولۇ-
شىدىن قەتئىينەزەر جەزمەن كۈنىگە بەش ۋاخ «ناماز»
ئوقۇش كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى ۋە مەجبۇرىي «ئۆشرە»،
«زاكات» يىغىپ مەكتەپ ئېچىپ، شەخسىي نوپۇزىنى تىك-
لىدى؛ سودا- سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، چوڭ پايدا ئال-
دى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى خەلققە قالايمىقان سېلىق چې-
چىپ، ئۆزى خالىغىنىچە ئاشلىق، يەم- خەشەك ۋە ھەر-
خىل نەرسىلەرنى زورلۇق بىلەن ئېلىۋالدى. پۇقرالار
ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە چېچىلغان ئاشلىق، يەم- خەشەكنىڭ
سانىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئۆتۈنگەندە، ئۇلار: «ئەگەر كىم-
دە- كىم ئىسپاتىنى كۆرمەكچى بولىدىكەن، شۇ ئادەم
دەرە يەيدۇ» دېيىشەتتى. يالغۇز ئاددىي پۇقرالار مۇ-
شۇنداق بولۇپلا قالماي، يۇۋاش سودىگەرلەرمۇ بۇنىڭدىن
قۇتۇلالمىدى. ئازراقلا كاجلىق قىلىدىغان بولسا ياكى ئۇ-
نى بېرىشكە نارازىلىق بىلدۈرىدىغان بولسا، ناچار ئۇن-
سۇرلار دەپ قارىلىپ، قالايمىقان تۇتۇپ قويۇلاتتى يا-
كى خالىغانچە بۇلاپ كېتىلەتتى. مەھمۇتشىجاڭ يەنە ئۇي-

غۇرچە يېزىقىدا «يېڭى ھايات» گېزىتىنى نەشر قىلدۇ-
رۇپ، بۆلگۈنچىلىكنى تەرغىپ قىلدى، ئاتارمەن - چا-
پارمەنلەرنى چىقىرىپ سوۋېتكە قارشى تەشۋىق ۋەرە-
قى تارقاتتى، ئارقىدىنلا يەنە ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈر-
دى. مەھمۇت شىجاڭنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى ئەلۋەتتە شىڭ
شىسەينىڭ كۆز - قۇلىقىدىن نېرى كېتەلمەيدى. شىڭ شى-
سەي مەھمۇتنى يوقىتىۋېتىشتىن ئىلگىرى ئاساسەن سىيا-
سىي ۋاستە قوللىنىپ ئۇنى پارچىلىۋەتمەكچى بولدى. قەش-
قەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ۋە
شىڭ شىسەينىڭ پەۋقۇلئاددە خادىملىرى، مەھمۇتنىڭ ھە-
رىكەتلىرىگە خېلى بۇرۇنلا يېقىندىن نازارەت قىلىپ يۈ-
رەتتى ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا شىڭ شىسەيگە دوكلات قىلىپ
تۇراتتى. ئۇلار يەنە مەھمۇت شىجاڭنىڭ قول ئاستىدىكىلەر-
نى سېتىۋالغانىدى. مەسىلەن، مەھمۇت شىجاڭنىڭ قوشۇنىدىكى
كىچىككا خۇن (بىر دىنچى پولكنىڭ باشلىقى)، خېمىت قاتار-
لىقلارنى شىڭ شىسەي ئادەم ئەۋەتىپ سېتىۋالغان، بۇ ئا-
دەملەر داۋاملىق ئاخبارات يوللاپ تۇرغانىدى. بىراق
مەھمۇت شىجاڭ ئۆزى بۇ ئىشلاردىن قىلچە بىخەۋەر بو-
لۇپ، ئۇلارنى ئاۋۋالقىدەكلا يېقىن كىشىلىرى قاتارىدا
قارايتتى.

شىڭ شىسەي ھەربىي ئوفىتسېرلارنى تەربىيىلەش
نامى بىلەن مەھمۇت شىجاڭنىڭ قوشۇنلىرىنى پارچىلىدى.
1934 - يىلى 9 - ئايدا، شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى-
نىڭ جىياۋگۈەنى (ھەربىي ئوقۇتقۇچىسى) نى مەھمۇت شىجاڭ-
نىڭ قوشۇنىنى تەربىيىلەشكە ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەربىيىچىسى تەلىم-تەربىيە ئېلىپ
بېرىۋاتقاندا مەھمۇت شىجاڭ ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ياش ھەربىي ئو-
فىتسېرلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاللاپ ئەۋەتىپ تەر-
بىيىلەش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن
ئۇ يېقىن ئادىمى قۇربان سەئىدى قاتارلىقلارنى سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنتكە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىدۇ. بۇلار تەر-
بىيىلەنگەندىن كېيىن 1935 - يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كې-
لىپ، ئىدىيىدە مەھمۇت بىلەن قارشىلىشىشقا باشلايدۇ.
شىڭ شىسەي مەھمۇت شىجاڭنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ ئاجىزلاش-
تۇرۇش ئۈچۈن مەھمۇت شىجاڭنىڭ قوشۇنى ئىچىدىكى تۆۋەن،
ھەتتا لىيەن دەرىجىلىك كادىرلارنى ئۈرۈمچىدە تەلىم-
تەربىيە ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. بۇنىڭ
بىلەن ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۈچىنى مەھمۇ
شىجاڭنىڭ قوشۇنىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شىڭ شىسەي مەھ-
مۇتقا ھېسداشلىق قىلىدىغان ۋە ئۇنى قوللايدىغانلارنى-
مۇ بوشقويۇۋەتمىدى. ئۇ، ئۇلارنى جاھانگىرلارنىڭ غال-
چىسى دېگەن جىنايەت نامى بىلەن كەينى-كەينىدىن
قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى، بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى.
شىڭ شىسەي 1935 - يىلى يەنە «يېڭى ھايات» گېزىتىنى
باشقۇرۇشقا ئادەم ئەۋەتىپ، مەھمۇتنىڭ بۆلگۈنچىلىكىنى
تەرغىب قىلىدىغان تىلىنى كېسىپ تاشلىدى.

شىڭ شىسەينىڭ تاپ باستۇرماي يېقىنلاپ كېلىشى
مەھمۇتنى چۆچۈتۈپ قويدى، ئۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇ
كۆرۈنۈشتە شىڭ شىسەيگە ئاشكارا قارشى تۇرۇشقا جۈر-
ئەت قىلالمىغان، بىلەن قورال بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا يوشۇ-

چۈن ھالدا ئاكتىپ تەييارلىق قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قو-
شۇنىدىكى ھۆكۈمەتپەرەستلەرنى تازىلاپ، قەشقەر، ئاق-
سۇلاردىكى دىنىي، فېئودال كۈچلەر بىلەن بولغان ئالا-
قىنى جىددىيلەشتۈردى؛ تۈركىيە، ئافغانىستان، ھىندىس-
تانغا قېچىپ بارغان ئۆز يۇرتلۇقلىرى ۋە ئەنگلىيىلىك
كۈچلەر ئارقىلىق سىرتتىن ياردەم ئىزدىدى. ئابلا بەگ
داموللا ئارقىلىق ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ زور
تۈركۈمدىكى پۇلىنى قوبۇل قىلدى ھەم خوتەن لوپلۇق دا-
موللىنى شىنجاڭغا ئەسكەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ياپونى-
يىگە ئەۋەتتى. داموللا يولدا توسۇلۇپ قېلىپ بۇ پىلانى
ئەمەلگە ئاشمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەھمۇت
شىجاڭ يەنە نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىنى قوللىشىنى قولغا
كەلتۈرۈش جەھەتتە پائال ئىزدەندى. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بو-
لۇپ ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى ئىمىن ھېيت، مۆمىن ئاخۇنلارنى
نەنجىڭغا ئەۋەتتى. مۆمىن ئاخۇن گومىنداڭ مەركىزى-
دىكى باشلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، نەنجىڭ تەرەپنىڭ سو-
ۋېتپەرەست شىڭ شىسەينى جازالاپ بېرىشىنى تەلەپ قىل-
دى. شۇ كۈنلەردە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئىش-
لىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا يېتىشەلمەيتتى. شۇڭا ئاغ-
زىنىڭ ئۇچىدىلا ئۇلارغا سەۋر قىلىپ كۈتۈپ تۇرۇشنى
ئېيتتى. مۆمىن ئاخۇن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئاخىرى
1000 يۈەنلىك چاي سېتىۋالغاندىن كېيىن كەنسۇ
ئارقىلىق شىنجاڭغا قايتىشىدا قۇمۇلغا كەلگەندە، يول-
ۋاسىنىڭ قوشۇنى ئۇنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يالاپ ئې-
لىپ باردى. ئىمىن ھېيتنىڭ نەنجىڭغا قىلغان سەپىرى-

دىنمۇ ھېچ بىر نەتىجە چىقمىدى. ئۇ شىنجاڭغا قايتىۋې-
تىپ چۆل - جەزىردە ئېزىپ قالغاندىن كېيىن يەنە نە-
جىڭغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

شىڭ شىسەي يالغۇز مەھمۇتنى پارچىلاش ئۈچۈن ئۇ-
نىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى سېتىۋېلىش چارىسى بىلەنلا
مەھمۇتنى ئوجۇقتۇرۇۋېتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.
شۇڭا ئۇ يەرلىك ئاتاقلىق چوڭ ئاخۇن ئابدۇغوپۇر
داموللىنى ماموت بىلەن قارشىلىشىشقا تاللاپ بېكىتتى.
1935 - يىلى 4 - ئايدا، شىڭ شىسەي ئابدۇغوپۇر داموللىنى
قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى سالاھىيىتى بىلەن
شىنجاڭ 2 - قېتىملىق خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتناشتۇردى.
ئابدۇغوپۇر چوڭ يىغىندا ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى كۈچەپ تەر-
غىپ قىلدى، ئۇ ئالتە بۈيۈك سىياسەت دىن
بىلەن تامامەن بىردەك بولۇپ، ئۇ خەلققە
بەخت ئىزدەيدۇ دەپ جاكالايدۇ. ئۇنىڭ سالاھىيىتى
ۋە ئورنى تۈپەيلىدىن ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى تەشۋىق
قىلىش داۋامىدا ئۇ شىڭ شىسەي ئوينىيالمايدىغان رول-
نى ئوينايدۇ، شۇنىڭ بىلەن يىغىندا ئالتۇن مېدال ئا-
لىدۇ. قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇغوپۇر ھۆكۈ-
مەتنىڭ سىياسەت ۋە تەشەببۇسلىرىنى جېنىنىڭ بې-
رىچە تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى ھۆكۈمەتكە
سادىق بولۇش، جاھانگىرلارنىڭ ئىغۋالىرى ۋە سۇيىقەس-
تىنى بىتچىت قىلىشقا چاقىردى. 1934 - يىلى ئابدۇغوپۇر
داموللىنىڭ ئوغلى مەھەت نىيازنى ھىندىستانغا، ئاندىن
ياپونىيىگە ياپون جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈ-

روشكە ئەۋەتمەكچى بولغانىدا، ئابدۇغوپۇر ئۇنى توسۇپ قويى-
دۇ. ئابدۇغوپۇر يەنە مەھمۇت موھىتىنىڭ خەلقتىن ئەمانە يې-
غىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ دىنىي يىغىن ئۇ-
يۇشتۇرۇپ، مەسچىتلەرنىڭ مۈلۈكلىرىنى زورلۇق بىلەن
تارتىۋېلىشىنى توسىدۇ. ئۇ يەنە ئىلمىي ئۇسۇلدا كېۋەز،
كەندىر قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىش، يې-
نىك توقۇمىچىلىق سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، بايلىق
مەنبەلىرىنى ئېچىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ
ھەرىكەتلىرى مەھمۇتنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغايدۇ. 1936-
يىلى 5-ئايدا، شىڭ شىسەي قەشقەرنىڭ مۇرىي ئىشلار
باشلىقى ۋاڭ باۋچيەن (كومپارتىيە ئەزاسى، ئەسلى
ئىسمى جاۋشى) گە تېلېگرامما بېرىپ، ئۇنىڭغا ئابدۇغوپۇر
داموللىنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئابدۇغوپۇر داموللا باش-
چىلىقىدىكى سودا - سانائەتچىلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى
سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكىسكۇرسىيە، زىيارەتكە ئېلىپ چى-
قىشنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتىدۇ، بۇ چاغدا مەھمۇت
ئابدۇغوپۇرنى شىڭ شىسەي تەرەپكە ئېغىپ كەتكەن خەتەرلىك
ئۇنسۇر، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئۈرۈمچىگە بېرىشى ماڭا پايدى-
سىز دەپ قاراپ، 5-ئاينىڭ 20-كۈنى كېچىسى، ئادەم ئە-
ۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئەتىسى ئۇ يەنە ئابدۇغوپۇر
داموللىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ.

مەھمۇتنىڭ ئىلگىرى-كېيىن نەنجىڭ بىلەن قىلغان
ئىككى قېتىملىق ئالاقىسى مەغلۇپ بولدى. ئۇ شىڭ شىسەي-
نىڭ ھامان ئۆزىگە ئاۋۋال قول سېلىشىنى بىلەتتى، شۇڭا
ئۇ 1936 - يىلى 11-ئايدا يېقىن ئادەملىرى بىلەن يىغىن

ئېچىپ، شىڭ شىسەيگە قورال كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى مەخپىي پىلانلايدۇ. يىغىندا كۆپ ساندىكى كىشىلەر دەرھال شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، لېكىن پولكوماندىرى، كېچىك ئاخۇن شىڭ شىسەينىڭ ئارقىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدەك قوللىغۇچىلىرى بار، كېچىككىنە ئىشقا چىدىساق، ئىشنىڭ يوغىنى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. شىڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش غەلىبە قىلىشتىن ئۈمىد يوق، ئۇنىڭدىن كۆرە يەنە بىر مەزگىل كۈتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئىش باشلىغان تۈزۈك دەپ قارايدۇ. شۇ گەپ بىلەن شىڭ شىسەيگە قورال كۈچى بىلەن تاقابىل تۇرۇش ۋاقىتىنچە سۇغا چىلىشىپ قالىدى. 1-پولكنىڭ باشلىقى سەمەتھاجى بۇ قېتىمقى مەخپىي يىغىننىڭ مەزمۇنىنى لىيۇ بىڭغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىغا دوكلات قىلىدۇ. 1937-يىلى 7-ئايدا مەھمۇت يەنە ئىككىنچى قېتىم ھەربىي ئىشلار يىغىنىنى چاقىرىپ، قوشۇنىنى يېڭىسارغا يۆتكەپ بېرىپ شىڭ شىسەيگە تاقابىل تۇرۇشنى پىلانلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەربىيىلىنىپ كەلگەن دىۋىزىيە سەنمۇجاڭ ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان قۇربان سەئىدىنىڭ قارشى چىقىشىغا ئۇچرايدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەھۋالىنىمۇ كېچىك ئاخۇن لىيۇ بىڭغا دوكلات قىلىدۇ.

مەھمۇت شىجاڭنىڭ تۈرلۈك ئاسىيلىق ھەرىكەتلىرىگە شىڭ شىسەي ئەلۋەتتە يول قويمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆلكىلىك ئىككىنچى قېتىملىق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرىش بانىسى بىلەن مەھمۇت شىجاڭنى ئۆلكىگە ئۆستۈرۈپ كېلىپ،

ئۇنىڭغا ئۇرۇمچىدە قول سالماقچى بولدى. مەھمۇت شىجاڭ ئۆلكىگە بارىدىغان بولسا قولغا ئېلىنىدىغانلىقىنىڭ شەكسىز ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىدى. شۇڭلاشقا ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ قەشقەردىن ئايرىلىپ ئۇرۇمچىگە كېتىدىغانلىقىنى جاكالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن ھالدا ھەر قايسى مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنى كوچىلارغا چىقىپ ئۆزىنى قەشقەردىن ئايرىلماسلىق توغرىسىدا نامايىش قىلىشقا تەشكىللىدى، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرپاندىكى كارىزلىرىنى ۋە مۈلۈكلىرىنى 800 سەر ئالتۇنغا تېگىشىپ قاچماقچى بولدى.

1937 - يىلى 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت يەتتە يېرىمدا مەھمۇت ئاقتۇغا ئوۋ ئوۋلاشقا بېرىش نامى بىلەن ئاكىسى مۇسۇل باينى ۋە بىر قىسىم يېقىن ئادەملىرى بىلەن قول چوماقچىلىرىنى ئېلىپ قەشقەر كونىشەھەردىن ئايرىلىپ يېڭىسارغا باردى. ئۇ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى 31 - پولك ۋە 34 - پولكتىكى بارلىق جەڭچىلەرگە ئابدۇنىيازنىڭ پۈتۈن دىۋىزىيىگە قوماندانلىق قىلىدىغانلىقى، ئەگەر جەڭدە مەغلۇپ بولسا يەكەنگىچە چېكىنىپ جەڭنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق بېرىدۇ. مەھمۇت يەكەنگە بارغاندىن كېيىن، يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىنى ئۆلتۈرىدۇ ھەمدە پوسكام، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەرنى ئالىدۇ. قاغىلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بارلىق ئەمەلدار-چېرىكلىرى ۋە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. يەكەن ناھىيىسىدىكى خەنزۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئې-

گۆدەك قىرىۋېتىدۇ. ھەدەپ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ بانكا، باج ۋە خەلقنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلايدۇ. ئۇ يەنە يەكەن پوسكام، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەرگە ھاكىم تەيىنلەيدۇ. مەھمۇتنىڭ پىلانى يەكەن ناھىيىسىگە قاراشلىق قوشراپنى تايانچ بازا قىلىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، قەشقەر كونىشەھەر بىلەن يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش خام خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى. بىراق بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش ھامان كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ. مەھمۇتنىڭ قول ئاستىدىكىلەر، بولۇپمۇ كەڭ ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن كەتمەن چېپىشقا ئۇناشمىدى. خەلق ئاممىسىمۇ ئارقا ئارقىدىن قارشى چىقتى. مەھمۇتنىڭ ۋەتەننى پارچىلا سۇئىقەستى ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن چوپان تاغىدىن ئۆتۈپ لاداخ، كەشمىر ئارقىلىق ھىندىستانغا قېچىپ كېتىدۇ.

مەھمۇت مۇھىتى ھىندىستانغا بارغاندىن كېيىن باي ئېزىزنى نەنجىڭغا گومىنداڭ مەركىزى بىلەن ئالاقە قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. 1937 - يىلى 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى باي ئېزىز جياڭ جيېشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ھەربىي ياردەم بېرىش، شىڭ شىسەينى يۆتكەپ كېتىش ۋە شىنجاڭغا ۋەكىل ئەۋەتىش تەلىپىنى قويىدۇ. جياڭ جيېشى ئۇنىڭغا: شۇ چاغدا جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ بىر - بىرىگە تاجاۋۇز قىلماسلىق شەرتنامىسىنىڭ ئىمزالانغانلىقىنى، ئەگەر شىڭ شىسەيىنى يۆتكەپ كەتكەندە، جۇڭگو - سوۋېت مۇنا-

سىۋېتىگە تەسىر يېتىشىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن
باي ئېزىز يەنە چەن لىفۇنى تېپىپ، يۇقىرىقى تەلىپىنى
ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، يەنىلا قىلچە نەتىجە چىقمايـ
دۇ. ئۇ چاغدا ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغان بولۇپ،
شىنجاڭ مۇھىم ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، سوـ
ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگوغا ياردەم بېرىپ، ياپون جاـ
ھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇشتىكى خەلقئارالىق ئېغىزى بوـ
لۇپ قالغانىدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى سوۋېتنىڭ ياردىمىـ
نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو بىلەن سوۋېتنىڭ مۇـ
ناسىۋىتىنى بۇزۇۋېتىشنى ئويلىمايتتى. نەتىجىدە مەھمۇت
يۆلەكسىز قالدى.

كېيىن مەھمۇت ھەج قىلىش ئۈچۈن ھىنـ
دىستاندىن مەككىگە بارىدۇ، تۈركىيىدىن
يەنە ھىندىستانغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ھېچ
ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. 1939- يىلى 11- ئايـ
دا، مەھمۇت مەمەتئىمىن، ئىسلام ئىمىن قاتارلىقلار بىـ
لەن ھىندىستاندىن ياپونىيىگە بېرىپ، توكيودا «شەرـ
قىي تۈركىستان مۇستەقىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىـ
يىتى» دېگەن بىر نېمىنى قۇرىدۇ، مەھمۇت بۇ جەمئىيەتكە
رەئىس، مەھەممەت ئىمىن ھەزرەت مۇئاۋىن رەئىس (بۇ
چاغدا ئۇ ئافغانىستاندا ئىدى)، ئېلىيا ئومۇمىي ئىشلار
غا نازىرى بولىدۇ. مۇسۇلمانلاردىن ئىئانە يىغىش بۇ تەشـ
كىلات ئىقتىسادىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىدى. بىراق، كەڭ
مۇسۇلمانلار ھەممە يەردە ساياھەت قىلىپ ھەميانئىشـ
لارنى قىلىپ يۈرگەن بۇ ئادەملەرگە پۇل ئىئانە قىلىشنى

خالىمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇستەقىللىقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى ھېچ قانداق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدى. 1944 - يىلى مەھمۇت بېيپىڭدە ئۆلدى.

مەھمۇت مۇھىتى قەشقەردىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن، قوشۇنلىرىنى ئابدۇنىيازغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. ئابدۇنىياز مەھمۇت شىجاڭ ماڭغاندىن كېيىن بىر قانچە سائەت ئۆتە-ئۆتمەيلا ئۆلكە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم باشلايدۇ، ئىككى تەرەپ بىر ھازا كەسكىن جەڭ قىلىدۇ. قوشۇن ئىچكى قىسىمدا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن ئابدۇنىياز يېرىم ئادىمى بىلەن ئاتلىرىنى ئېلىپ يەكەنگە چېكىنىپ بارىدۇ. 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى جەڭدە 31 - پولكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەمەت ۋە بارلىق ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ بىر دىمۇ مەھمۇتقا ئەگەشمىگەنىدى. 34 - پولكنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياقۇپ مەھمۇتنىڭ جاھىل مۇرتى ئىدى. شۇڭا ئۇ قۇربان نىيازنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئوققا تۇتىدۇ. قۇربان نىياز ياقۇپقا بويئەگمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇربان نىياز ياقۇپنىڭ پۇتىغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ ئۇنى يارىلاندۇرىدۇ. نەتىجىدە 34 - پولكقا قوماندانلىق قىلىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ئەسكەرلەر كەينى - كەينىدىن قېچىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا مالىيە مىنىستىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان خۇشۇكاڭ باشچىلىقىدىكى تەكشۈرۈش ئۆمىكى قەشقەرنىڭ مالىيىسىنى رەتكە سېلىۋاتاتتى. شىڭ شىسەي خۇشۇكاڭنى تىنچلىق جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە، قۇربان نىيازنى 6 - دىۋىزىيىنىڭ مۇۋەققەت باش-

لىقلىقىغا تەيىنلەپ قەپقالغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. 1937- يىلى 5- ئاينىڭ 15- كۈنى شىڭ شىسەي تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ گېزىتخانا باشلىقى ۋە نەشرىيە ئىشىگىنى ۋاڭ بېگـ چيەنىڭ ئورنىغا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار باشلىقلىقىغا تەيىنلەيدۇ؛ قەشقەر گارنىزون سىلىڭبۇسى-نىڭ سەنمۇجاڭى جياڭ مۇفەننى لىيۇ بىڭنىڭ ئورنىغا قەش-قەر گارنىزون سىلىڭبۇسىنىڭ مۇۋەققەت سىلىڭلىقىغا تەيىنلەيدۇ.

# بەن چاۋ ۋە سۇلې دۆلىتى

## ۋاڭ شىشياڭ

مىلادى 74– يىلى ( يۇڭپىڭنىڭ 17– يىلى ) نىڭ باش
لىرىدا شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاران 36 ئەسكىرى بار
بىر ئاتلىق قوشۇنى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۇ-
دۇل سۇلې دۆلىتىنىڭ پەيتو شەھىرى ( هازىرقى قەشقەر
شەھىرىنىڭ شەرقىي – جەنۇبىي قىسمى ) گە كىرىپ كېلە-
دۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىر نەپەر پالۋان بۇيرۇققا بىنائەن
يولۋاس ئۇۋۇسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ تەسلىم بولۇشقا ئۇن-
دەپ، كۆتۈلمىگەن يەردىن هون هاكىمىيىتى سۇلېغا ئە-
ۋەتكەن قورچاق پادىشاھ دۇتېنى تىرىك تۇتۇپ، قان تۆك-
مەيلا پەيتو شەھىرىنى ئېلىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىغا سۇ-
لې دۆلىتىنى تىنچ ئامان ئېلىپ بېرىدۇ. چاقماق تېزلىكى-
دە غەلىبە قازىنىلغان بۇ كىچىك ئۇرۇش 65 يىل تاقىلىپ
قالغان « يىپەك يولى » نى قايتا ئېچىلىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ غەربىي دىيار تارىخىدا يېڭى
بىر سەھىپە ئاچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ياۋروپا
ۋە ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى قېتىم-
لىق دوستانە باردى – كەلدىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كىرىش
سىمپونىيىسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى تەنتەنىلىك هالدا چالى-
دۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ۋە قوماندانى – شەرقىي
خەن سۇلالىسىنىڭ نامى ئوتتۇرا ئاسىياغا داڭ كەتكەن

ئاتاغلىق سىياسىيئونى، ھەربىي ئالىمى، دىپلومات بەن چاۋ ئىدى. شۇنىدىن كېيىن 30 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە سۇلې بەن چاۋنىڭ ھونلارغا زەربە بېرىدىغان بازىسى ۋە غەربىي دىياردىكى ھەر قايسى بەگلىكلەر بىلەن ئالاقە باغلايدىغان چوڭ گازارمىسى بولۇپ، باشقا ئورۇنلارنى ئورنىغا دەسسىتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدىكى غايەت زور رولىنى جارى قىلدۇردى.

1

مىلادى 60- يىلى ( غەربىي خەن سۇلالىسى شىنجۇنىڭ 2- يىلى ) غەربىي ھونلارنىڭ پادىشاھى شىيەن شەنتەن خەن سۇلالىسىغا ئەل بولغان، شۇنىڭ بىلەن تەڭرى تېغى-نىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىدىكى بىپايان كەڭ زېمىن خەن سۇلالىسىنىڭ خەرىتىسى ئىچىگە چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ھون-لارنىڭ «توڭ پۇدۇۋېي» نىڭ غەربىي دىياردىكى ھۆكۈمى-رانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، تۇنجى قېتىم غەربىي دىياردا ۋاقىتلىق مەھكىمە تەسىس قىلغان. بۇنىڭ بىلەن جاڭچيەن غەربىي دىياردىن ئۆتكەندىن بۇيان جۇڭگونىڭ غەربىدە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بويىچە چوڭ ياخشى ۋەزىيەت يارىتىلغان.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى دۆلەت ئەھۋالى خارابلىشىپ، غەربىي دىياردىكى 36 دۆلەت 55 دۆلەتكە پارچىلىنىپ كەتكەن. مىلادى 9- يىلى ۋاڭ ماڭ دۆلەت قۇرۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، غەربىي دىياردىكى خانلارنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ، ئۇلارنى گۇڭ دەپ

ئۆزگەرتىپ ئاتايدىغانلىقىنى جاكالىغان، ھەر قايسى دۆلەتلەر بۇنىڭدىن بىرئاز قالا غەزەپلەنگەن؛ چې شى بېگىلىمكى باشچىلىقىدىكى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى بەگلىكلەر ئارقا - ئارقىدىن ھونلارغا ئەل بولۇپ، ۋاڭ ماڭ بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلەشكەن. 10- يىلى ھونلار پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، غەربىي دىياردىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغان، ۋاڭ ماڭ 300 مىڭ ئەسكەر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ لېكىن، نەتىجە قازانالماي قايتقان. 13- يىلى يەنچى خانلىقى ھونلارغا ئاۋاز قوشۇپ، غەربىي دىيار دۇخۇسى دەنچىننى ئۆلتۈرگەن. 16- يىلى ۋاڭ ماڭ يەنە لى زوڭنى دۇخۇلۇققا بەلگىلەپ، غەربىي دىيارغا ئەسكەر كىرگۈزگەن، نەتىجىدە، پاجىئەلىك ھالدا مەغلۇپ بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي دىيارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان قاتنا ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىن ھونلار غەربىي دىياردا «باجنى ئېغىرلىتىپ يىغقانلىقتىن بەگلىكلەر بەرداشلىق بېرەلمەي قالغان». شۇنىڭ بىلەن يەكەن خانى زىكاڭنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىتتىپاق تەشكىللەپ ھونلارغا قارشى تۇردى. زى كاڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىنىسى شيەن تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، غەربىي دىياردىكى بەگلىكلەرگە ھۇجۇم قوزغىغان. ھونلار يەنە جەنۇبتا يەكەن خانلىقى بىلەن ھۆكۈمرانلىقنى تالاشقان، شۇنىڭ بىلەن تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قاتتىق ئازاپ - ئوقۇبەتكە چۆمگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي دىياردىكى،

18 دۆلەت شاھزادىلارنى ئۆزلىرىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغان-
لىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن لوياڭغا ئەۋەتىشكەن. خەن
ۋۇدى شەرقىي خەن سۇلالىسى ھازىرچە غەربنى تىزگىنلەش-
كە ۋاقتى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدىن كېيىن، ئى-
لاجسىز ھالدا «ئەگەر ئارمانىڭغا چۇشلۇق دەرمان بولمىسا
ھەر قايسى ئۆزلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزسۇن» دېگەن. ھەر
قايسى دۆلەتلەر زور ئۈمۈتسىزلەنگەن. مىلادى 48- يىلى
قىشتا ھونلار جەنۇب ۋە شىمالدىن ئىبارەت ئىككى قىسىم-
غا بۆلۈنۈپ، جەنۇبىي قىسىمدىكىلەر خەن سۇلالىسىغا ئەل
بولغان؛ شىمالىي قىسىمدىكىلەر چېكىنىپ، چۆللىكنىڭ شى-
مالىغا ئولتۇراقلىشىپ، يەنە غەربىي دىياردىكى بەگلىكلەر-
گە تەھدىت سالغان.

40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئارام ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭ-
شىۋالغان شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت كۈچى كۈنسا-
يىن كۈچىيىپ، ھونلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، يېپەك يولىندا
قايتا باش كۆتۈرۈش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. مىلادى 73-
يىلى ئەتىيازدا بۇيرۇققا ئاساسەن، دۇگۇ قاتارلىقلار 12
مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى يېتەكلەپ جيۇچۇەن ئارقىلىق تەڭ-
رى تېغىغا يۈرۈش قىلىپ، شىمالىي ھونلارنى تارمار قى-
لىپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن تارتىپ تەڭرى تېغىنىڭ شىما-
لىغىچە بولغان يولنى ئاچىدۇ. دۇگۇنىڭ قول ئاستىدا
يالغاندىن ئات باقار بولۇپ يۈرگەن بەن چاۋ بارسكۆل
ئۇرۇشىدا كۆزگە كۆرۈنىدۇ ھەمدە بىر قىسىم لەشكەرلەر-
نى يېتەكلەپ ئىۋۇرغول (قۇمۇل) نى ھۇجۇم بىلەن ئالى-
دۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنەرلىك جەڭ ماھارىتى دۇگۇنىڭ يۈكسەك

دەرىجىدە قەدىرلىنىشكە ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كىشىلىك تارىخىدا زور بۇرۇلۇش بولىدۇ.

## 2

بەن چاۋ (مىلادى 32- 102- يىللى) شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇفىڭ مەمۇرىي رايونىنىڭ پىڭ-لىڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شيەنياڭ دېگەن يېرى-نىڭ غەربىي شىمالىي) دىن بولۇپ، ئۇ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق ئالىم بەن بياۋنىڭ ئوغلى. بەن بياۋ سىماچيەننىڭ «تارىخنامە» سىنى تولۇقلاپ، 65 پارچە «كېيىنكى رىۋايەتلەر» نى يازغان ھەمدە «لۇنخېڭ» نىڭ ئاپتورى ۋاڭ چۇڭغا ئوخشاش جەڭگىۋار روھقا ئىگە ساددا ماتېرىيالىزمچى ۋە چوڭ ئالىمنى تەربىيىلەپ چىق-قان، شۇبھىسىز ھالدا، ئۇ يەنە بەن چاۋنىڭ ئىدىيىسى ۋە پائالىيىتىگە پائال تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئىنىسى بەن گۇ تېخىمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئىرا-دىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پۈتۈن زېھنى كۈچىنى سەرپ قى-لىپ، «تارىخنامە» نىڭ داۋامىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن، يەنە مەشھۇر تارىخىي كىتاب «خەننامە» نى يازغان. ئۇنىڭ سىڭلىسى بەن شاۋمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولۇپ، «خەننامە» نىڭ «سەككىز جەدۋىلى» ۋە «ئاس-ترونومىيە» نى يېزىپ چىققان كېيىن خانىشنىڭ ئوقۇتقۇ-چىسى بولغان. مانا مۇشۇنداق بىر بىلىملىك، داڭقى چىق-قان ئائىلە بەن چاۋنىڭ تۇرمۇشقا بولغان ھەۋىسىنى قوزغىغان.

بەن جەمەتى مەرىپەتپەرۋەر، يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە جەمەت ئىدى، شۇڭا بەن چاۋ كىچىكىدە «ئائىلىسى

نامرات بولغاچقا داۋاملىق ئەمەلدارلارغا خەت يېزىپ بېرىپ، (خەتتاتلىق قىلىپ) كۈن كۆچۈرەتتى». «ئائىلىسى تىرىشچان ۋە جاپا - مۇشەققەتكە چىداملىق ئائىلە بولۇپ، بەن چاۋ بالا چاغلىرىدىن تارتىپ تۆۋەن قاتلامغا ئارىلىشىپ ئۆتۈپ، ئەينى چاغدىكى مېھنەتكەشلەرنىڭ تۇرمۇشىغا بىر قەدەر چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلغان ۋە مۇھەببەت باغلىغان. ئۇ گەرچە ئائىلىسىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە ئىستىلىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ لېكىن، «ئانچە زىخىرلاپ كەتمەي» تەرىقەتچى جەمئىيەتنىڭ ياللىغان قائىدە - يوسۇنلىرى ۋە ئەقىدىلىرىنى چۆرۈپ تاشلىغان. مىلادى 50- يىلى ئۇنىڭ ئىنىسى بەن گۇ «خەننامە»نى يازغاندا، باشقىلار تەرىپىدىن تۆھمەت قىلىنىپ، تۈرمىگە ئېلىنغان، بەن چاۋ ھېچ ئەنسىرىگە قارىماي، كېچە - كۈندۈزلەپ ئاتلىق يول يۈرۈپ، لوياڭغا بېرىپ، خەن مىڭدى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىنىسىنى ئاقلىغان. ئۇنىڭ سۆز ماھارىتى ۋە جاسارىتى ئوردىنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشىپ، بەن گۇنى گۇناھسىز دەپ قويدۇرۇپ بېرىپ قالماي، بەلكى ئۇ ئۆزىمۇ لەنتەينىڭ ئارخىپ باشقۇرۇش ۋە كاتىپلىق ئىشلىرىغا تەيىنلەنگەن. بەن چاۋ «باشقىلارغا قارىتا كەڭ قورساق» بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.

ئەينى چاغدا شەرقىي خەن سۇلالىسىدىكى ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار ھونلار كۈچلىرىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە كۆپىيىشى شۇنداقلا غەربىي دىيار ۋەزىيىتىنىڭ داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغان. ئۇزاق مۇددەت خېشىدا

تۇرغان ھەمدە چېگرانىڭ ئىشلىرىنى پىششىق بىلىدىغان بەن بياۋغا بۇ ئىشلار بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئىجتىھات بىلەن مۇھاكىمە قىلىش ئاساسىدا، بەن بياۋ بىلەن بەن-گۇ ئوردىغا ھونلار ۋە غەربىي دىيارغا قارىتىلغان ستىرا-تېگىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بەن گۇنىڭ «خەننامە» سى-دا بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات ۋە مەلۇماتلار تېخىمۇ ئېنىق بولۇپ، بۇ، خىزمەت كۆرسىتىشكە تەشنا بولىۋاتقان بەن چاۋغا شۈبھىسىز ھالدا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسە-تتىدۇ. شۇڭا، دۇ گۇ چوڭ قوشۇنى غەربكە يۈرۈش قىلىش مەزگىلىدە بەن چاۋ قەلەمنى تاشلاپ، ئەلەم بىلەن شۇغۇل-لانغان ھەمدە غايەت زور خىزمەت كۆرسەتكەن.

دۇ گۇ شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق سەركەر-دىسى بولۇپ، كۆپ يىل چېگرانى قوغداشتا خىزمەت كۆر سەتكەن. چېگرا خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە ھۆرمەت قىل-غانلىقتىن دۇ گۇنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى ئازسان-لىق مىللەت ئارىسىدىكى ئابرويى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئوردا يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن ئۇنىڭغا غەربكە يۈرۈش قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. دۇ گۇ بەن چاۋنى دادىللىق بىلەن ئىشقا سېلىپ، ئۇنى ئەزىمەت ئىچىدىكى ئەزىمەت دەپ تونۇيدۇ. دۇ گۇ بىلەن بەن چاۋ يۇرتداش بولۇپ قالماي بەلكى قەدىناس دوستلاردىن ئىدى. بەن-چاۋ ياش چېغىدا دۇ گۇنىڭ تاغىسى — خېشىدىكى چوڭ سەر-كەردە دۇرۇگىنىڭ قول ئاستىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن، دۇرۇك «ئىنىنى يىمن قەدىرلەپ، ئۇنى ئۇستاز ۋە دوست تۇتقان». دۇ گۇ بەن چاۋنىڭ دادىسىنىڭ ئىختىدارى ۋە ئەخلاقىغا

ئايىرىدىن ئوقۇپ، بارىكۆلدىكى چوڭ جەڭدە بەن چاۋلىنىڭ كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ۋە جاسارىتىگە تېخىمۇ يېقىنچە نەزەر بىلەن قارىغان. تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى جەڭ تىنچىغاندىن كېيىن ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن تەجرىبىسى ۋە غەربىي دىيارنىڭ ۋەزىيىتىگە بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسىگە ئاساسەن دۇكۇئادەتتىن تاشقىرى بىر كۈچكە مۇھتاج بولىدۇ، ھەمدە سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە، ئۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۆزىگە ئوخشاش ئازسانلىق مىللەتلەر بىلەن ئىتتىپاق قىلىشىشتا ماھىر ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بىلەن غەربىي دىيارنى قايتۇرۇۋېلىش، يىپەك يولىنى قايتا گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇنلاشقا مۇھتاج بولىدۇ؛ بۇ ئىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۇنىڭ كۆزى بەن چاۋغا چۈشىدۇ.

3

بەن چاۋ غەربىي دىيارنىڭ زېمىنىنىڭ كەڭلىكى، ۋەزىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، چوڭ قوشۇننى ئىشقا سېلىپ، تېز ئۇرۇش قىلىپ، تېز ھەل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش قىلىش ھەمدە پەقەت يەم بىلەنلا ئېلىش لازىملىقى، زورۇقۇپ ھۇجۇم قوزغاشقا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. غەربىي دىياردىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە ياخشى كۆرۈنۈپ ۋە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، كۆپ ساندىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ ۋە ئىتتىپاقلاشقاندىلا ئاندىن ھونلارنى يېتىم قالدۇرۇپ ۋە مەغلۇب قىلىپ، غەربىي دىيارنى ئۇزاققىچە

ئامان - ئېسەن تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنغانلى بولاتتى. بۇ ئىشنى دۇكۇ بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن بەنچاۋ تاشقى سېپىلنى بويلاپ، ئاران 36 ئاتلىق ئەسكەرنى يېتەكلەپ، مىلادى 73 - يىلى باش يازدا خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسىلىك نام بىلەن تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ھونلارنىڭ ئاساسلىق كوچلىرىغا يېراق بولغان يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىغا ماكانلىشىپ بۇ يەردە ھونلارغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئارقا سېپىنى قۇرغان. يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە 3000 چاقىرىمدىن كۆپرەك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، قۇمۇلدىن بىۋاسىتە ئىلىچى (ھازىرقى خوتەن) گە كەلگەن. پىشامشان دۆلىتىدە (ھازىرقى لوپنۇرنىڭ شەرقىي جەنۇبى) ھونلارنىڭ ئەلچىسىنى كۆيدۇرۇپ تاشلاپ، بۇ دۆلەتنىڭ ۋەزىرى ئۇچۇن ئۆچ ئالغان؛ ئىلىچىدا يەنە ماھارىتىنى راسا كۆرسىتىپ، پادىشاھنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، غەربىي دىياردا بىراقلا داڭ چىقارغان.

ئىلىچى بېكىتىدە مۇقىم پۇت تىرەپ تۇرغان بەنچاۋ كېيىنكى قەدەمدىكى ھەرىكىتىگە ناھايىتى ئەجرى سىڭدۈرۈپ، ئىلىچى دۆلىتىنى خەن سۇلالىسىغا ئۆتكۈزگەن، بۇ كىشىلەر قەلبىگە يېقىن بولسىمۇ، لېكىن شىمال تەرەپتىكى ھونلارنىڭ ئاساسىي كۈچى بۇنىڭدىن خېلى يىراق بولغاچقا، سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ھۇجۇمغا ئۆتۈش قىيىن ئىدى. يەكەن دۆلىتىنىڭ گەرچە جۇغراپىيەلىك ئورنى قولايلىق بولسىمۇ لېكىن، ھاكىم بېگىنىڭ

تەھدىت سېلىشلىرى يەنىلا تۈگىمىگەن بولۇپ، ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا ھامان شامالغا قاراپ ئىش كۆرۈشىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقى غەربىي دىيارغا قارىتا ھەقىقەتەن بىر زور يوشۇرۇن ئاپەت ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالدا بەن چاۋنىڭ ستراتېگىيىلىك نەزەردە ئىرادىسى سۇلې دۆلىتىگە مەركەزلەشكەنىدى.

جۇغراپىيىلىك ئورنى جەھەتتە سۇلې يىپەك يولىنىڭ جەنۇب بىلەن شىمالدىن ئىبارەت ئىككى يولىنىڭ غەربىي تۇتۇشىدىغان يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، پامىر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا بارغىلى بولاتتى، شۇڭا، ئەزەلدىن لەشكەر باشلىقلىرى بۇ يەرنى تالىشىپ كەلگەن: شىمالدىن ھونلار تەسىر قىلغان شىمالىي لىنىيىدىكى ھەر قايسى چوڭ-كىچىك نۇقتىلارغا بىۋاستە كىرگىلى بولاتتى، جەنۇبتا ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ ھەربىي ئىشلار ۋە ماددىي ئەشيا جەھەتتىكى ياردىمىگە ۋاقتىدا ئىگە بولغىلى بولاتتى. ئىقتىسادىي ئورنى جەھەتتە سۇلې شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تۇنجى «شەھەر قاتارىدا كىرگۈزۈلگەن» سودا شەھىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يىپەك يولىدىكى قاتناش تۈگۈنى شۇنداقلا تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ زور مال ئالماشتۇرۇش بېكىتى بولۇپ، مالىيە مەنبەسى مول بولغانلىقتىن تۇرمۇش كەچۈرۈش ئوڭاي ئىدى. بۇ يەر يەنە تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىكى بىرىنچى زور بوستانلىققا جايلاشقان بولۇپ، يەرلىرى مۇنبەت، دەل-دەرەخ ۋە ئوت-چۆپلىرى قويۇق بولۇپ، دۇنخۇاڭ بىلەن پىشامشانغا ئوخشىمايدۇ، ئەسكەرلىرى دۆلەتكە تايانماي يىمۇ ئاشلىق

جەھەتتە ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيتتى. دىپلوماتىيە جەھەتتە سۇ-
لي دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى پەرغانە خانلىقى (ھا-
زىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەرغانە ئويمانلىقى) ئىزچىل
تۈردە ياۋروپا ۋە ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق سودىسى-
دىكى رولچى بولۇپ، ئۇزاق ۋاقىت يىپەك يولى سودىسىنى
مونوپول قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن، شۇ سەۋەبتىن خەن
سۇلالىسىنى قامال قىلغان. پەرغانە خانلىقىنى كونترول
قىلىۋالغان سۇلي دۆلىتى بىر بۇرۇلۇپلا خانغا تەسىر كۆر-
سىتىپ ۋە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ شىردىن خىيالىنى
ئىشقا ئاشۇرغىلى قويمىغان. ھەربىي ئىشلار ئەمەلىي
كۈچى جەھەتتە ئەينى چاغدىكى سۇلي 100 مىڭدىن كۆپرەك
نوپۇس، 30 مىڭدىن كۆپرەك جەڭگىۋار قىسىمغا ئىگە، غەر-
بىي دىياردىكى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالغان بولۇپ، قو-
شۇنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىپ تەربىيىلىسىلا ھون-
لارنىڭ كۈچىگە تاقابىل تۇرالايتتى. سۇلي قولغا كەلتۈرۈ-
ۋېلىنسىلا خەن سۇلالىسىغا تايانمايلا ئەسكەر مەسىلىسىنى
ھەل قىلىۋالغىلى بولاتتى. ئەڭ مۇھىم بولغىنى، سىياسىي
جەھەتتە خەلقىنىڭ رايى بولۇپ، مىلادى 73- يىلى ھون-
لارنىڭ ئەڭ زور قول چوماقچىسى بولغان كۈسەن دۆلىتى
(ھازىرقى كۇچا) «ھەيۋىسىگە تايىنىپ، شىمالىي يولنى
ئىگىلەپ، سۇلىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، خانىنى ئۆلتۈرۈپ، كۈ-
چالىق دۇتىنى سۇلىنىڭ خانلىقىغا تىكلىگەن». بەن چاۋ
كەسكىن ھالدا «دۇتى سۇلىلىق ئەمەس، بۇ يەرلىك كىشىلەر ئۇ-
نىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمايدۇ» دەپ قارىدى، بۇ يەرلىك
پۇقرالارمۇ «بىزار بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىچە يول تۇتتى»

سۇلې گەرچە ھونلارنىڭ قول ئاستىدا بولسىمۇ لېكىن
ھونلار غەربىي دىيارنى كونترول قىلىشنى يولغا قوي-
غان بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ، دوتى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇ-
رۇپ تاشلاشنى ئورۇنلاش كىشىلەر قەلبىگە تازا ياقايت-
تى، پەقەت سۇلېنى ئىگىلىگەندىلا جەنۇبىي تەرەپتىكى
دۈشمەن كۈچى يەكەن دۆلىتىنى پارچىلاپ ۋە يېتىم قال-
دۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن شىمالدىي سەپنىڭ ۋەزىيىتىنى
مۇقىملاشتۇرغاندا يەكەننى يۇغۇشتۇرۇش بەكمۇ ئوڭايغا
چۈشەتتى. شۇڭا، جەنۇبتا يەكەن، شىمالدا ئاقسۇ، كۈسەن
(كۇچا) قاتارلىق جايلاردىكى ھونلار كۈچلىرىنىڭ مۇ-
ھاسىرىسى ئاستىدا بەن چاۋ دەنالىق بىلەن يەكەندىن ئۆ-
زىنى قاچۇرۇپ، ئىلىچىغا (خوتەن) بېرىپ چىغىر يولنى
بويلاپ بىۋاستە سۇلېنىڭ پەنتو شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇ-
جۇم قىلىپ، مۇشۇ ماقالىدا شەرھىيلەپ ئۆتۈلگەن ئەشۇ
خىل غەربىي دىرامىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينايدۇ.
بۇنىڭدىن بەن چاۋنىڭ ئۆتكۈرلىكى، جاسارىتى ۋە شىجائە-
تىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

4

مىلادى 74- يىلى ئەتىيازدا دۇتى قولغا ئېلىنىپ، سۇلې
تىنجىتىلغاندىن كېيىن، بەن چاۋ سۇلېغا پادىشاھنىڭ ئىنى-
سىنىڭ ئوغلى شۇلېنى خانلىققا تۇرغۇزىدۇ؛ خەن سۇلالىسىغا
ئەل بولغانلىق ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇلى ئىسە-
مىنى «جۇڭ» (ساداقەت) غا ئۆزگەرتىدۇ، «دۆلەت كىشىلى-
رى زور خۇشال بولىدۇ». بەن چاۋنىڭ جەنۇبىي سەپتىكى غەلى-
بە قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. دۇگۇ غەربىي دىياردا

يېڭىباشتىن غەربىي دىيار ۋاكالەتخانىسىنى تەسىس قىـ
لىپ، چېگرانى قوغدىغۇچى توپ بېشى بولىدۇ. يانىدۇرقى
يىلى دۈگۈ بۇيرۇقىغا بىنائەن قوشۇننى يېتەكلەپ بېيجىڭـ
غا قايتىدۇ، شىمالىي ھۇنلار پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ،
20 مىڭ ئەسكەرنى ئىشقا سېلىپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىما-
لىدىكى ھەر قايسى بەگلىكلەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. يىل ئا-
خىرىدا بارغاندا غەربىي دىيار ۋاكالەتچىسى چېن مۇ
بىلەن قوشۇمچە توپ بېشى گوشۇن ۋە خەن سۇلالىسىنىڭ
2000 دىن كۆپرەك ئەسكىرى پۈتۈنلەي قۇربان بولىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل غەربىي دىيارنىڭ ۋەزىيىتى يامان-
لىشىدۇ. «بەن چاۋ يار دەمچىسىز قالدى دەپ، كۇسەن،
ئاقسۇ ئەسكەر قوزغاپ، سۇلېغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بەن چاۋ
پەنتۇ شەھىرىدە چىڭ تۇرۇپ، باشلىققا سادىقىتىنى بىلـ
دۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى ئاز ئەسكەرلەر بىلەن بۇ يەرنى
ئۇزاق ۋاقىت قوغدايدۇ». ئۇنىڭ تارتقان ئازاب - ئو-
قۇبەتلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

76- يىلى ئەتىيازدا ئوردا بەن-
چاۋغا مەدەت بېرىش كۈچى بولمىغانلىقتىن،
ئۇنى قايتۇرۇپ كەتمەكچى بولىدۇ. بەن چاۋ خوتەنگە بارغان-
دىن كېيىن غەربىي دىيار خەلقىنىڭ قالدۇرغان چوڭقۇر
دوستلۇقىنى ھېس قىلىپ، قىلغان ئەجرىنى بىكار كەتكۈز-
مەسلىك ۋە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى ئارزۇيىنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇش ئۈچۈن «پەقەت سىرتتا بولغانلىقى ئۈچۈن پادىشا-
نىڭ بۇيرۇقىنى ۋاقىتىنچە قوبۇل قىلالمايدۇ» دەپ، بىر-
دىنلا سۇلېغا قايتىپ كېلىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ ھەمدە

قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە شۇ جايدىكى ئارمىيە، خەلققە تايىنىپ، كۆسەنگە تەسلىم بولغان سۇلېنىڭ خانىنىڭ قوشۇنلىرىنى تىنجىتىدۇ. 78-يىلى يازنىڭ باشلىرىدا بەنچاۋ سۇلې قوشۇنلىرى ئاساس قىلىنغان 10 مىڭ ئەسكەرنى يېتەكلەپ، ئاقسۇنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىپ، شىمالغا يۈرۈش قىلىشنىڭ تۇنجى زەربىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئوردىنىڭ يۈكسەك دىققەت ئېتىبارىنى قوزغايدۇ.

كۆسەن ۋە يەكەن بەگلىكلىرىنىڭ قاتمۇ - قات بېسىم كۈچى تۈپەيلىدىن ھەم بەنچاۋنىڭ سۇلېدىكى ئارمىيە، خەلق ئوتتۇرىسىدىكى يۈكسەك ئابرويىدىن قورققانلىقتىن جېڭ باشچىلىقىدىكى سۇلېنىڭ ھۆكۈمران قاتلىمىدىكى ئازسانىدىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈپ، بەنچاۋغا قارشى تۇرۇش نىيىتىگە كېلىشكە باشلايدۇ. 80 - يىلى ئوردا بەنچاۋنىڭ يۇرتدىشى شۈگەننى 1000 ئەسكەر بىلەن بەنچاۋغا ھامىيلىشىشقا ئەۋەتىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن سۇلې دۆلىتىنىڭ ۋاكالەتچىسى پەنجېن، جۇڭنىڭ ھېسداشلىق قىلىشى بىلەن ئالدىراپ-تېنەپ توپىلاڭ قوزغايدۇ. بەنچاۋ شۈگەن ياردەمچى قوشۇنلىرىنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، پەنجېننى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. 83 - يىلى ئوردا بەنچاۋنىڭ تەكلىپىنى قوللاپ، تەگرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيسۇن قاتارلىق دۆلەتلەرنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ، ھونلارنىڭ جەنۇبىنى ئىسكەنجىگە ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بەنچاۋنى سەركەردىلىككە كۆتۈرۈدۇ ھەمدە

ئۇنىڭغا «يالغان جەڭ نەغمىسى پەيدا قىلغۇچى» دېگەن شە-
رەپلىك نامىنى بېرىدۇ، يەنى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ھەر-
بىي ۋەزىيىتىنى چېگرا رايوندا كېڭرا للىق ھوقۇقى ئورنى-
دا ئىشلىتىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك جىيا گىلىڭغا ئوخشاش
«جەڭ دۇمبىقى» ۋە ھەربىي «تۇغى» نى ئىشلىتىشكە رۇخ-
سەت قىلىدۇ. 84 - يىلى يەكەن دۆلىتى ھونلارغا يوشۇ-
رۇن ھالدا ئەل بولىدۇ، بەنچاۋ يەنە ياردەمگە كەلگەن
خەن سۇلالىسىنىڭ 800 ئەسكىرى بىلەن يەكەنگە جەنۇپ ۋە
ۋە شىمالدىن تەڭ ھۇجۇم قىلىدۇ. يەكەن نۇرغۇن ئالتۇن
ۋە مال - مۈلۈك بېرىپ، سۇلي پادشاھى جۇڭغا قارشى
تۇرۇپ، سۇلى دۆلىتىنىڭ ۋۇجى شەھىرى (ھازىرقى قەش-
قەر شەھىرىنىڭ غەربىي تەرىپىگە 60 كىلومېتىر كېلىدى-
غان ئاقتالا خارابىلىقى) نى ئىگىلەيدۇ. بەنچاۋ كەس-
كىن ھۆكۈم قىلىپ، خەن سۇلالىسىغا سادىق بولغان ئە-
لى ھۆكۈمەتتىكى چىڭچىڭنى سۇلىنىڭ پادشاھلىقىغا تە-
يىنلەپ، قوشۇننى تەرتىپكە سېلىپ، خائىنلارغا ھۇجۇم
قىلىدۇ. جۇڭ كەنجۇت دۆلىتى (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپا-
قىنىڭ قازاقىستان) دىن ياردەمگە ئەسكەر تەلەپ قىلى-
دۇ. بەنچاۋ كانجۇتنىڭ دايۆشىنى ئەسكەر چېكىندۇرۇشكە
دەۋەت قىلىشىدىن پايدىلىنىپ، ۋۇجى شەھىرىنى قايتۇ-
رۇۋالىدۇ. جۇڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كانجۇتقا قې-
چىپ كېتىدۇ. 86 - يىلى كۈزىنىڭ ئاخىرىدا كانجۇتتا سەر-
گەندان بولۇپ يۈرگەن جۇڭ زور قوشۇن ئارىيەت ئې-
لىپ كېلىپ، سۇلي دۆلىتىنىڭ چېنجۇڭ (شەھىرى ھازىرقى
قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 40 كىلومېتىر

كېلىدىغان جاي) نى ئېلىپ، كۆسەن بىلەن مەخپى سۈيقەست تۈزگەندىن كېيىن بەنچاۋنى ئالداپ تەسلىم قىلىشقا ئۇ-رىنىدۇ. بەنچاۋ خائىنلارنى ئېنىق كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا زىياپەتكە كېلىپ، ھاراق ئىچىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ خائىننى تىرىك تۇتىدۇ. بەنچاۋ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، مىلادى 74 - يىلىدىن باشلاپ 30 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاندىن سۇلې دۆلىتىدىكى تىنچ بولماسلىق ئامىللىرىنى تازىلاپ چىقىرىپ، سۇلېنى ھەقىقىي تۇردە دۇقىم بىر ئالدىنقى بازىغا ئايلاندۇرۇپ، كۆزلىگەن مەق-سىتىگە يېتىدۇ.

يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىنى ئۈزۈل - كېسىل راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن يەكەندىن ئىبارەت بۇ بىر توساقنى ئېلىۋېتىش كېرەك ئىدى. 87 - يىلى بەنچاۋ سۇلېنى بازا قىلىپ، خوتەن قاتارلىق دۆلەتلەردىن 25 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى ئىشقا سېلىپ، يەكەنگە يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ. كۆسەن بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال شىمالىي سەپتىكى ھەر قايسى يول قوشۇنلىرىدىن 50 مىڭ كىشىنى توپلاپ يەكەنگە ياردەمگە كېلىدۇ. بەن-چاۋ ئەسكەر كۈچىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بايقاپ قوشۇننى چېكىندۈرىدۇ. كۆسەن قوشۇنلىرى بۇنىڭدىن خە-ۋەر تاپقاندىن كېيىن، قوشۇننى ئىككى يولغا بۆلۈپ يوشۇرۇ-نۇپ، تۇرىدۇ بەنچاۋ تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ياردەمسىز قال-غان يەكەن قوشۇنىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، نەتىجىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىدۇ؛ كۆسەنلىكلەر بۇنىڭدىن

خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئالدىراپ-تېنەپ قوشۇن چېكىندۈ-
ردۇ. يەكەن قوشۇنلىرىنىڭ تەسلىم بولۇشىغا ئەگىشىپ
بەنچاۋ قايتا ئارقىدىنكىلەردىن غەم قىلمايدۇ.

بەنچاۋ شىمالىي يولنى راۋانلاشتۇرۇش پىلانىنى تۈ-
زۈۋاتقان پەيتتە دايۆشى سۇلېغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بەن-
چاۋنىڭ خانىغا بۇنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىپ،
جۇخەنشى مەلىكىنى پادىشاھىنىڭ كىچىك خوتۇنى قىلىپ
بەرمەكچى بولىدۇ. بەنچاۋ بۇنىڭ خەن سۇلالىسىنى قې-
تاپ، يىپەك يولى سودىسىنى مونوپول قىلىۋېلىش ئۈچۈن
ئىكەنلىكىنى سېزىپ، كەسكىن ھالدا رەت قىلىدۇ. بۇنىڭ
ئۈچۈن مىلادى 90 - يىلى يۆشىنىڭ ۋەزىرى 70 مىڭ كى-
شىلىك زور قوشۇننى يېتەكلەپ سۇلېغا يېتىپ كېلىدۇ.
بەنچاۋ ئۆز تاكتىكىسىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ 70 مىڭ كى
شىلىك قوشۇننى تەسلىم قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەنچاۋ
نىڭ نامى يىپەك يولىدا پۇر كېتىدۇ.

91- يىلى خەن سۇلالىسى قوشۇنى چۆللىكىنىڭ شىمالىي
ئېگىزلىكىدە ھونلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يېمىرىپ تاش-
لاپ، كەڭ - كۆلەملىك ھالدا ياۋروپاغا كۆچۈشكە مەج-
بۇر قىلىدۇ. ئەسلىدە ھونلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ،
كېلىۋاتقان كۇسەن قاتارلىق شىمالىي بەگلىكلەر ياردەم-
چىسىز قالىدۇ، يەكەندىكى جەڭدىمۇ ئۇلار زور ئۈمىدسىز-
لىنىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بەنچاۋغا تەسلىم نامە
تاپشۇرغان. شۇ يىلى 12- ئايدا بەنچاۋ غەربىي دىيار-
نىڭ رەسمىي ۋاكالەتچىسى بولۇپ، كۇسەننىڭ كەنچىك
شەھىرىگە كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. ئۇ يولغا چىقىش

ۋاقتىدا ئۆز دىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى، غەربىي دىيارنىڭ سەركەردىسى شۈگەننى سۇلېدا ئىمىلىق تۇختىتىپ، بۇ كونا بازىغا بولغان يۈكسەك ئېتىبارىنى بىلدۈرگەن. كۈسەنىنىڭ گەنچېڭ شەھىرى كىچىك شەھەر بولغانلىقتىن كېيىن بەن چاۋ دائىم سۇلېدا تۇرغان.

مىلادى 74- يىلىدىن 91- يىلىغىچە بولغان 17 يىل ۋاقىت ئىچىدە بەن چاۋ سۇلېدا پۈت تىرەپ تۇرۇپ، ئاخىرى غەربىي دىيارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇنلىغان. بەن چاۋ سۇلېدا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ قالماي بەلكى سۇلې خەلقىمۇ بەن چاۋنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. دەل فرانسىيىلىك تارىخشۇناس بۇرنىۋا باھا بەرگىنىگە ئوخشاش «ھېرىپ چارچاشنى بىلمەي ئۇرۇشقا ئاتلىنىش داۋامىدا بەن چاۋنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى ھەممە يەردە بولۇپ قالماستىن بەلكى ئۇ ئېلىپ بارغان ئۇرۇش ھامان داۋاملىق غەلىبە قازانغان». بىز قەدىمكى قەشقەردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۈنىدىن 1900 يىل ئىلگىرى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەم ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە قان بىلەن يېزىپ قالدۇرغان شانلىق تارىخىنى ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

5

بەن چاۋنىڭ غەربىي دىياردا قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىكە سۇلې دۆلىتىدىكى ئارمىيە - خەلق ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇستەھكەم ئارقا تىرەك بولغان.

بولسىمۇ لېكىن، بەن چاۋ ئۆز ئىنىنىڭ كۆرسەتكەن ئە-
گىلمەس تىرىشچانلىقى ۋە زور ئىقتىدارىنىمۇ تولۇق مۇ-
ئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

بەن چاۋ دەسلەپتە جەنۇبىي يولغا كىرىپ، پەشا-
شان دۆلىتىدە ھونلارنىڭ ئەلچىسىنى كۆيدۈرگەنلىك تۈ-
جەيلى خوش خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بە-
لەن بىللە كەلگەن گوشۇن گەرچە ھەسسەتخورلۇق، قورقۇنچاق-
لىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەن چاۋ يەنىلا ئۇنى تۆھپە-
دىن بەھرىمان قىلغان. كېيىن ئوردا بەن چاۋنىڭ غەل-
بە خەۋىرىگە ئاساسەن گوشۇننى غەربىي دىيار مەھكىمى-
سىنىڭ مۇئاۋىن سەركەردىلىكىگە تەيىنلەپ، بەن چاۋنى
ئازان ھەربىي چېرىكچى ئامبالىلىقىغا كۆتۈرۈپ قويىدۇ،
لېكىن بەن چاۋ بۇنىڭ بىلەن زادىلا ھېسابلاشماي، ئو-
مۇملۇقنى نەزەردە تۇتۇپ، قارنى-كۆكسىنى كەڭ تۇتىدۇ.

مىلادى 83- يىلى ئوردا بەن چاۋنىڭ تەكلىپىنى قو-
بۇل قىلىپ، ئۇيسۇن دۆلىتىنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. دۇخۇلى
يىنى ئەلچىلىككە ئالاھىدە ئەۋەتىدۇ. لى يى جەنۇبىي لې-
نىيىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بەن چاۋ سۇلېداكۆ-
سەن ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلىدۇ. لى يى قورقۇپ ئالغا
باسالماي قالىدۇ، ئۇ، بەن چاۋنىڭ غەربىي دىياردىكى
ئابرويىغا ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ئوردىغا «بەن چاۋنىڭ
غەربىي دىياردا قىلغان ئىشلىرى قاملاشماي قالدى،
خانىنىڭ شۆھرىتىنى دە پەسەيتىدە قىلىپ، بالا-چاقىلىرى بىلەن
بولۇپ كەتتى، ئۇ، بۇ ماكاندا بىخارامان ياشاپ، ئەل-
نىڭ ئىچكى ئىشلىرى بىلەن كارى بولمىدى» دەپ ئەرز

سۇنغان. ئەكسىچە ئوردا بەن چاۋنىڭ ساداقىتىگە بولغان ئىشەنچىدىن تەۋرەنمەي لى يەننى ئېيىپلىگەن ھەمدە ئۇنى بەن چاۋنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتۈشكە بۇيرىغان. لېكىن بەن چاۋ قىلچە ئىككىلەنمەستىن لى يەننى بېيجىڭگە قايتۇرۇۋەتكەن. ئەينى چاغدىكى ھەكىمە سەركەردىسى شۈكەن لى يەننى قالدۇرۇپ قېلىپ ئۇنىڭغا بىر ئاز پەندى نەسىھەت بېرىش كېرەك دەپ قارايدۇ. بەن چاۋ مەن ئوچۇق ئاشكارا ئىش قىلىدىغان ئادەم، پەسكەش كىشىلەردەك باشقىلارغا زەربە بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؛ بىر مەھەللىك خۇشاللىقنى دەپ باشقىلارغا زەربە بېرىپ ئۆچ ئالسا بۇ ئادىللىق بولماي قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بەن چاۋ ئاندىن كوشۇن بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ ئۇزاققىچە جەڭ ئېلىپ باردۇ.

ئەينى چاغدىكى ئالاھىدە شارائىتتا ئاساسەن، فېئودال بەگلىكلەرنىڭ توپ مەنپەئەتىگە خىلاپلىق قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا، بەن چاۋ غەربىي دىياردا بىر قەدەر توغرا بولغان بەزى مىللىي سىياسەتنى يۈرگۈزىدۇ، بۇ، ئەمەلدار دۆكۈنىنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىل، شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ توپ كاپالىتى بولغان.

بەن چاۋ دەسلەپتە سۇلېغا كېلىپ، دۈشمەنلەر قولغا ئالغاندىن كېيىن سۇلېدىكى ئارمىيە ۋە خەلق بىردەك ھالدا ھونلارنىڭ بۇغالچىسىنى ئۆلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن «بەن چاۋ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىماي، ئابروينى

نەزەردە تۇتۇپ، قويۇپ بېرىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرگەن.» بۇ ھەرىكەت ھونلارنى ئۈزۈل - كېسىل يېتىم قالدۇرۇپ، بارلىق كۈچلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە غەربىي دىياردىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

يەنە بىر تەرەپتىن بەن چاۋنىڭ كىچىك چېغىدا تارتقان ئازاب، ئوقۇبەتلىك كەچۈرمىشلىرى ئۇنى ئەينى چاغدا قۇللۇق تۈزۈمى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان غەربىي دىياردىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقى بىلەن چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاش ۋە چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇ، شۇ جاينىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، سۇلېدىكى ئارمىيە ۋە خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولغان

بەن چاۋ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بار كۈچى بىلەن قوغداشنى تىرىشىپ ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن غايىسىنى غەربىي دىيارنىڭ كەڭ زېمىنىغا قارىتىپ قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ پۈتۈن نىيەت ئىنتىبالىنى سۇلېي خەلقىگە ئاتىغان. لى يى بەن چاۋغا تۆھمەت قىلىپ، ئۇنى سۇلېدا «ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتتى» دېگەن ئىشقا كەلسەك، بىز شۇنداق ھۆكۈم قىلالايمىزكى، بەن چاۋ سۇلېدىكى چاغدا ئۇنىڭ كۆڭۈللۈك ئائىلىسى بار ئىدى. بەن چاۋ غەربىي دىيارغا كەلگەندە 40 ياشتىن ئاشقان بولۇپ، چوڭ ئوغلى بەن شيوڭ بىلەن ئىككىنچى ئوغلى قەدىمكى يۇرتىدىكى ئايالىدىن بولغان، ئۇلارنى ئىچكى ئۆلكىدە قويۇپ

كەلگەن، شۇنچە يىراق يوللارنى باسقان ھەم قانلىق جەڭ ئېلىپ بارغان بەنچاۋنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بەنچاۋنىڭ مىلادى 100- يىلى ئوردىغا يازغان خېتىگە ئاساسلانغاندا ئۇ ھاياتى چېغىدا بەن يۇڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋې-لىشنى ئۈمىد قىلغان. بۇنىڭدىن بەن يۇڭ تۇغۇلغاندىن بويان، ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك زېمىننى كۆرۈپ باق-مىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمگە ئاساسلانغاندا بەنچاۋ مىلادى 74- يىلى سۇلېغا كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە قايتا توي قىلغان، مىلادى 80- يىلىنىڭ ئاخىرلىرى تۇغۇلغان. بەن يۇڭمۇ سەپى ئۆزىدىن سۇلېلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ سۇلې ۋە پۈتكۈل غەربىي دىيار خەلقىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئى-شەنچىسىگە ئېرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ھەرمىل-لەت خەلقىنىڭ يار - يۆلەك بولۇشى ئارقىسىدا ئارقا-ئارقىدىن شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

مىلادى 100 - يىلى بەنچاۋ بەن يۇڭنى بىر پارچە خەت بىلەن لوياڭغا ئەۋەتىپ، ئوردىغا ئۆزىنىڭ خىز-مەت ۋە سالامەتلىك ئەھۋالىنى دوكلات قىلغان. سىڭلىسى بەن شاۋمۇ خەت يېزىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە جەم بو-

لۇشقا تەشنا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بەن چاۋ 102-يىلى 8-ئايدا 70 ياشتىن ئاشقاندا شەرەپ بىلەن قەدىمكى يۇرتىغا قايتىپ، شۇ يىلى 9-ئايدا كېسەللىك مۇناسىۋىتى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

قايتىدىغان چاغدا ئۇ، غەربىي دىيار دۇخۇسى رېن شاۋغا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇئامىلە قىلىش سىياسىتىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى ئەلا بىلىپ، كۆپ پەرقلەنمەسلىك ئۈستىدە ئىزدەنگەندىلا ئاندىن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى تاپىلىغان. لېكىن رېن شاۋ ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، ئاسرىتىدىن مەسخىرە قىلىپ «مەن بەن چاۋخاننىڭ بۈكا قىلغان سۆزلىرىنىڭ بەك چاكىنا ئىكەنلىكىدىن ئەجەپلىنىمەن» دېگەن.

رېن شاۋ ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا ئالدامچىلىق ۋە رەھىمسىزلىك قىلىپ، مىللىي مۇناپىقلىق بىلەن يوشۇرۇن ھالدا تىرورلۇق ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىپ، كەلسە - كەلمەس قىرغىنچىلىق قىلغان ھەمدە «يۇقىرىنى ئالداپ» تۆھپىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. ئۇ غەربىي دىيارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ھەر قايسى جەھەتلەردە تەدبىرسىز ھالدا بەن چاۋدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقىچە يول تۇتقان، بەن چاۋ كېتىپ تۆت يىل ئۆتمەيلا غەربىي دىيار-

نىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ، خائىنلىق قىلغان. بەن چاۋنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسىگە قارىتا رىن شاۋ گەرچە بىر قاراپ قويۇشقا ئەرزىمەيدۇ دېگەن بولسىمۇ، لېكىن بەن چاۋنىڭ سۇلېغا بەرگەن يۈكسەك ئېتىبارى ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئەينى چاغدا سۇلېنىڭ ئەۋزەل ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي شارائىتى بولغانلىقتىن، خەتەرلىك پەيتتە رىن شاۋ يامۇلنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، سۇلېدا تۇرماقچى بولغان بولسىمۇ لېكىن كېچىككەن بولۇپ، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەسكەرلىرى يەنىلا 106 - يىلى رىن شاۋغا سۇلېدا ھۇجۇم قىلغان. تەتۈر يول تۇتۇش نەتىجىسىدە، رىن شاۋ ئەينى چاغدىكى غەربىي دىياردىكى مۇستەھكەم بازا سۇلېنىلا قولدىن بېرىپ قويماي، بەلكى پۈتۈن غەربىي دىيارنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، بەن چاۋ بار كۈچى بىلەن باشقۇرغان سۇلې ئىگىلىكىنى خاراب قىلىپ، ئەبەدىي جىنايەتچى بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن تۈكۈرۈپ تاشلانغان.

6

غەربىي دىيارنى يېڭىباشتىن گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت زور ۋەزىپە باش تارتىپ بولمايدىغان دەرىجىدە بەن چاۋنىڭ ئوغلى بەن يۇڭنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن. بەن يۇڭ مىلادى 80 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە سۇلې دۆلىتىنىڭ پەنتۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان. مىلادى 100-يىلى ئۇ ئۇيسۇنغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىلىش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، دادىسىنىڭ

بۇيرۇقىغا بىنائەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە قايتقان.
ئۇ، كىچىككىدىن تارتىپلا دادىسىغا ئەگىشىپ جەڭ قىلىپ،
دادىسىنىڭ ئىستىلىنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، كىشىلەر بى-
لەن بولغان مۇناسىۋەت، غەيرەت - جاسارەت ۋە ئىقتىدار
جەھەتتە دادىسىدىن قېلىشما يىتتى. ئۇنىڭ قەدىمكى يۇرتى
ۋە غەربىي دىيار خەلقىگە بولغان مۇھەببىتى ناھايىتى
چوڭقۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربىي دىيارنىڭ جۇغرا-
پىيىلىك ئەھۋالى، غەربىي ئىشلار ۋە خەلق ئەھۋالىنى
بەش قولدەك بىلەتتى، شۇڭا، 107-يىلى ئوردا ئۇنى غەر-
بىي ئامباللىققا كۆتۈرۈپ، غەربىي دىياردا خەن سۇلالە
قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈشكە ياردەملىشىشكە ئەۋەتكەن
123 - يىلى ئۇ، رەسمىي غەربىي دىيارغا يۈرۈش قىلىپ
غەربىي دىياردا ئۇزاق ۋاقىت ئەسكەر توختاتقان، بەش
يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاخىرى ھونلارنىڭ غەربىي دى-
ياردىكى بەزى قالدۇق كۈچلىرىنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتى-
تىپ، غەربىي دىياردىكى بەزى كىچىك دۆلەتلەردىكى تو-
پىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ، غەربىي دىيارنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇ-
قىملاشتۇرغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت كۈچى
كۈندىن - كۈنگە زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ئەھۋال ئاستىدا،
بەن يۇڭنىڭ دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ،
دۆلەت ئۈچۈن يول ئېچىپ، غەربىي دىيارنى تىنچلاندۇ-
رۇشتا غايەت زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنلىكى ئاساسىغا

چۈشمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا بەن يۇڭ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن «غەربكە ساياھەت» دېگەن كىتابىنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر كېيىن بىر پۈتۈن ھالدا «كېيىنكى خەننامە» دا ساقلىنىپ، كېيىنكى دەۋردە غەربىي دىيار تارىخىۋە ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالغان.

بەن چاۋنىڭ شان - شۆھرەت ۋە تۆھپىسى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئەسلىشىگە ئېرىشەلىشىدىكى تۈپ بىر نۇقتا ئۇنىڭ غەربىي دىياردا بولۇپمۇ سۈلھىدىكى قىلغان ئەتكەنلىرىدە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى ئىدى. بەن چاۋنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە غەربىي دىياردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ياردىمى ئاستىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي دىيار بىلەن بولغان ئۇزاقتىن بۇيانقى دوستانە بارىدى - كەلدىسى ئەسلىگە كېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە غەربىي دىيار بىلەن جۇڭگونىڭ قاتناش تارىخىي غەربىي خەن سۇ - لالىسى دەۋرىدە ئۈزۈلۈپ قالغاندىن كېيىنكى - يەنە بىر تېنچ، گۈللەپ ياشناش دەۋرىگە يېتىپ كەلگەن.

بەن چاۋنىڭ ئىدارە قىلىشىدىكى غەربىي دىياردا «چوڭ تۈزەپ گۈللەندۈرۈش» مەنزىرىسى بارلىققا كېلىپ،

كۆچمەنچى قەبىلىلەر ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلىپ، ئۇ-
زۇلمەي داۋاملىشىۋاتقان ئىچكى ئۇرۇش ۋاقتىنچە توخ-
تىمىدى، رايون خاراكتېرلىك توپىلاڭمۇ بۇرۇنقىدەك ئۇن-
داق بەك ئەۋج ئالمىدى... مانا بۇ يىپەك يولىنىڭ سودا
ئىشلىرى كەڭ تەرەققىي قىلغان ئاجايىپ بىر ئېسىل دەۋر
بولدى». بالقان يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان كىرتىسىيە
ماكېدونىيە پادىشاھلىقىنىڭ چوڭ سودىگىرى مائىس
دىديانوسمۇ ئۆز دىنىڭ سودىگەر ئەترەتلىرىنى غەربىي ئاسى-
يادىن بىۋاستە سۈلېغا ئەۋەتىپ، خەنسۇلالىسى بىلەن
بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك يىپەك سودىسى قىلغان، مىلادى
بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە غەربىي دىياردا
ھەربىي ئىشلار پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كې-
يىن، بەنچاۋ زېھنىي كۈچىنى غەربىي دىيارنىڭ ئىقتى-
سادىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىشقا قاراتتى. تارىخىي
خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بەنچاۋ ئىنىسى بەن گۇنىڭ
ئىككى پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھەمدە ئىلگىرى-
ئاخىرى بولۇپ 600 توپ سىدام رەخت، 700 توپ ھەر خىل
تاۋار - دۇردۇنلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا غەربىي دى-
ياردا ۋاكالىتەن يۆشى خېنىمغا ئارغىماق، سۇ خېشىياڭ
(بىر خىل ئوت) ۋە نەفىس توقۇلغان گىلەم قاتارلىق مال-
لارنى ئېلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغان(«شىمالىي تاڭنامە»
نىڭ 134- تومغا قارالسۇن)، مىلادى 97 - يىلى بەن

چاۋ سەركەردەگەن يىگىنى سىڭلىدىن يولغا چىقىپ پامىر تاغلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، داچىن (قەدىمكى رىم ئىمپېرى-يىسى) گە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن، ئۇ تا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىغىچە بېرىپ، ئېلىمىز تارىخىدا خاتىرىلە-نىشىچە، ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىپ ئەڭ يىراققىچە بارغان تۇنجى كىشى بولۇپ قالغان.

بەن چاۋنىڭ ئېلىمىز غەربىي دىيارىنىڭ تىنچلىقى ۋە بىرلىكى ئۈچۈن قوشقان غايەت زور تۆھپىسىگە ئەينى چاغدا شەرقىي خەن سۇلالىسى يۈكسەك باھا بەرگەن. بەن چاۋنىڭ غەربىي دىياردا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى دەۋر، سى-نىپىي ئورۇنىنىڭ مەلۇم چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېلىمىز تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ۋەتەنىنىڭ بىرلىكى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى ئېلىمىز بولۇپمۇ شىنجاڭ خەلقىنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

# مورا بۇددا مۇنارىسى

## لى كەي

مورا بۇددا مۇنارىسى، ئادەتتە، «مور تىم»، «مورا مۇنارىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ يەردىكى «مورا» ئۆيلەرنىڭ تۇرخۇنلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، «تىم» (پوتەي)، «تۇر» (مۇنار) مەنىسىگىمۇ يېقىن كېلىدۇ.

مورا مۇنارىسى قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى قۇماللىق تىزمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى قۇم ئېدىرلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، خەرىتىدىكى ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76°16′18″ (76 گىرادۇس، 16 مىنۇت، 18 سېكۇنت)، شىمالىي پاراللېل 39°36′22″ (39 گىرادۇس، 36 مىنۇت، 22 سېكۇنت) قا توغرا كېلىدۇ، بۇ مۇنار — قەشقەرگە ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇنقى بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ قالدۇقىدۇر. ئىبادەتخانىنىڭ ئارقىسى شىمالدىكى تاغ تەرەپكە، ئالدى جەنۇب تەرەپتىكى تۈزلەڭلىككە قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تەخمىنەن بىر كىلومېتىر غەربىدە «كەپتەرخانا» خارابىسى، جەنۇبىدا چاقماق دەرياسى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان «خانئۆي» قەدىمكى شەھىرى

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغ-
دىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى)، شەرق ۋە غەرب-
تىكى تۈزلەڭلىكتە «ئاققاشتىم» ۋە «قۇمساق» خارابىلىرى
كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. جۇغراپىيىلىك كۆزىتىشلەر بۇ ئىبا-
دەتخانىنىڭ بۇرۇن كۆلىمى چوڭ بولغان بۇددا مۇنارىسى
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

مورا ئىبادەتخانىسىدا ھازىر ئىككى مۇنار ساقلى-
نىپ قالغان بولۇپ، ئىبادەتخانىنىڭ سارايلىرى ئاللى-
قاچان خارابىغا ئايلىنىپ، ئىككى مۇنار ئارىسىدا تۇ-
رىدۇ، بۇزۇلۇش ئېغىر بولغانلىقتىن، ئۇنى دائىرە جە-
ھەتتە ئىلغا قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. ئىككى مۇنارنىڭ شەر-
قىي جەنۇب تەرەپتىكى بىرسىنىڭ ئاستى (سۇپىسى) تۆت
چاسا، ئۈستى يۇمىلاق، بېلى تۈۋرۈك شەكلىدە بولۇپ، سۇ-
پىسىنىڭ تەرەپلىرى 12.3 مېتىردىن كېلىدۇ. سۇپا بەش
قەۋەت بولۇپ، ئۈستىگە ماڭغانسېرى تارىيىپ ماڭغان،
ئومۇمىي ئېگىزلىكى 8.4 مېتىر كېلىدۇ، سۇپا ئۈستىدىكى
مۇنار تۈۋرۈك شەكلىدە بولۇپ، ئۇ ئىككى مېتىر كېلىدۇ، مۇنار-
نىڭ ئۈستى يېرىم شار (دوپپا) شەكىل بىلەن تۈگىگەن. ئۇلى-
دىن تارتىپ مۇنارنىڭ چوققىسىغىچە جەمئىي 12.8 مېتىر كېلىدۇ.
مۇنار سامان ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لايدىن قۇيۇلغان
تۆت چاسا ۋە تىراپېتسىيە شەكىللىك خىشلاردىن قوپۇرۇلغان

بولۇپ، ئوتتۇرىسى كاۋاك، كاۋاكتىن ئادەم دەسسەپ چىقىدىغان پەلەمپەيلەرنى كۆرۈش مۇمكىن. مۇنار چوققىسىدا بىر تۆشۈك بار، مۇنارنىڭ شىمال تەرىپىدىن كىشىلەر يوغان بىر تۆشۈك ئېچىپ قويغان، بۇ تۆشۈكنىڭ ئېگىزلىكى 3.9 مېتىر كېلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، بۇ تۆشۈك مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ مەۋجۇت ئىكەن، شۇڭا، مۇنار بۇ ئەسىر كىرىشتىن بۇرۇنلا بۇزۇلغان دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن.

غەربىي شىمال تەرەپتىكى يەنە بىر مۇنار دۆم كۆمتۈرۈلگەن كولا شەكىللىك بولۇپ، ئاستى تەرەپ چوڭ، چوققىسى كىچىك، ئاستى تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىر، كەڭلىكى 23.6 مېتىر، ئۈستى تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14.2 مېتىر، كەڭلىكى 12.5 مېتىر كېلىدۇ. مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر بولۇپ، ئۇدۇل ۋە يان تەرەپلىرىدە بۇد ئىزلىرى بار، بۇنىڭدىن ئەينى چاغلاردا بۇ يەردە بۇد قويۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. مۇنارنىڭ ئالدىدىكى قورۇلۇش خارابىلىرى ئارىسىدا ئوتتۇن كۆمۈرى ۋە كۆيگەن تۇپراق قەۋەتلىرى بار، بۇنىڭدىن ئىبادەتخانىنىڭ قورۇلمىلىرى كۆيدۈرۈپ تاشلانغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئىبادەتخانىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بىر ئۈچلۈق قوم بارخانى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۆي خارابىلىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. بۇ خارابە بىلەن مۇنارلىق ئىبادەتخانىنى

بىر تار جىلغا ئايرىپ تۇرىدۇ. قۇم بارخىنىنىڭ يېنىدا قەدىمدىن قالغان بىر قاتار كارىز ئىزلىرى بولۇپ، ئىبادەتخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاغ يېنىدىن تەخمىنەن بىر كىلومېتىر ئايلانمىغا سوزۇلغان. يەر تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، بۇ كارىزلار ئىبادەتخانىنى ۋە شۇ يەردىكى تېرىقچىلىقنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن قېزىلغان. بارخان يېنىدا ئىبادەتخانىنىڭ باغلىرى ۋە ۋەخپە يەرلىرى بولغان بولۇپ، ئۆيلەر ھازىر خارابىلىقتا ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن، پەرق ئېتىش قىيىن.

مورا مۇنارىسى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى بىناكارلىق بولۇپ، مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇن ساقلىنىپ تۇرغان دېگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك نۇرغۇن ئارخېئولوگلار بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگلىرى بۇ يەردىن بىر مۇنچە گەج بۇد پارچىلىرىنى كولاپ تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدە يۈزى ساقلىنىپ قالغان بىر بۇد پارچىسىنىڭ ئەھۋالىدىن، شۇ چاغدا ئۇنى ياسىغانلارنىڭ ھۈنەرگە پىششىق

ئەكە ئىلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ؛ بۇد شەكلى ناھايىتى
گۈزەل - نەپىس چەققان بولۇپ، ئارالبېشىدىكى توققۇز
ساراي خارابىسىدىن يېڭى تېپىلغان بۇدلارنىڭ ئۇسلۇبىغا
ئوخشاپ كېتىدۇ. ھازىر بۇ خارابە قەشقەر ۋىلايىتى بو-
يىچە ئوقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئو-
رۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

# «يىپەك يولى» دىكى سەيلىگاھ
# بۇلاق بېشى

تارىختا «يىپەك يولىدىكى مەرۋايىت»، شەرقتىكى سودا مەركىزى دەپ ئاتالغان قەشقەر شەھىرى ئالەمشۇمۇل شەھەر. ئۇنىڭ ھېيتگاھ مەيدانىدىن شەرق تەرەپكە 5 — 6 يۈز مېتىرچە ماڭغاندا ياپ-يېشىل بوستانلىق، گۈزەل مەنزىرىلىك «بۇلاق بېشى» يۈز ئاچىدۇ. بۇ قەشقەر شەھىرى بويىچە قەدىمىي سەيلىگاھلاردىن بىرى. «سۇ بار جايدا ھايات بار». تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ جايدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا تەبىئىي ھالدا ئېتىلىپ چىقىدىغان چوڭ-كىچىك توققۇز بۇلاق بولۇپ، ئادەملەر ياشىغان. بۇلاقلارنىڭ چوڭى ئالتە كۇۋادرات مېتىر، كىچىكلىرى ئىككى كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۈچ تاشلىقتىن ئارتۇق سۇ توختىماي چىقىپ، تۈمەن دەرياسىغا قوشۇلۇپ ئاققان.

«بۇلاق بېشى» قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىچكىرىدىكى شەھەر دەپ ئاتىلىدىغان رايونىغا تەۋە بولۇپ، ئوردا ئىشىكى يولىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە — تۈمەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان. تەبىئىي

تۈزۈلۈشى شەھەر كوچىلىرىنىڭ يەر يۈزىدىن
تەخمىنەن 100 مېتىرچە چوڭقۇر بولۇپ قارا چىلان تۈپ-
راقلىق. مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز ھەرخىل دەرەخلەرنى ئۆس-
تۈرۈشكە ئازا باپ، شەكلى ئاساسەن كۋادرات شەكلىدە.
«بۇلاق بېشى» نىڭ ئەسلى كۆلىمى 9500 كۋادرات مېتىر
كېلىدىغان بولسىمۇ، يېقىنقى يىللاردا شەخسىيلەر ۋە ھۆكۈ-
مەت ئورگانلىرىنىڭ ئۆي- ئىمارەت قۇرۇلۇش قىلىشى
سەۋەبلىك دائىرىسى تارىيىپ بەش مو ئەتراپىدا كېلىپ
قالغان. «بۇلاق بېشى» نىڭ تازا باراقسان، ئاۋات مەز-
گىللىرىدە 20 مىڭ تۈپتىن كۆپرەك دەرىخى بولغان،
كېيىنچە دەرەخلەرنى يېڭىدىن قويۇپ ئۆستۈرۈش ئاز، كې-
سىش كۆپرەك بولغاچقا ھەم قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغاچقا
ھازىر ساقلىنىپ قالغان دەرەخ (قارا، سېرىق سۆگەت،
مەجنۇنتال، تېرەك، جىگدە دەرەخلىرى) بولۇپ 3000 تۈپ
ئەتراپىدا قەپقالغان، شۇنداقتىمۇ يەنىلا قەشقەر شەھە-
رىنىڭ باشقا جايلىرىدىن سۇ، ھاۋا، مەنزىرە جەھەت-
لەردە ئۆزگىچە پەرقلىنىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ
قىلىپ تۇرىدۇ. «بۇلاق بېشى» نىڭ بۇخىل ياخشى ئەۋزەل
شارائىتىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن قول- ھۈنەر-
ۋەنلەر، مەسىلەن: كۆنچى، بوياقچى، سەگەزچى، مىسكەر،
ئاشپەز، ناۋاي، توقۇمىچىلاردىن خام، چەكمەن، سەگەز،

شاتىۋا، ئەتلەس، شايى، ئەكلەك، زىلچا قاتارلىق بۇيۇملارنى توقۇيدىغان قول ھۈنەرۋەنلەر ئارقا-ئارقىدىن بۇ جايغا كۆچۈپ كېلىپ، ھەر قايسىلىرى ئۆزى پايدىلانغان ئىش ئورۇنلىرىغا دەرەخ كۆچەتلىرىنى قويغان، بۇلاقلارنى چېپىپ سۈيىنى ئىشلىتىش جەريانىدا بىر-بىرلەپ ئىسىم قويۇپ چىققان (مارجان بۇلاق، تاش بۇلاق، نوبۇلاق، ناۋاي بۇلاق، ئەجدار بۇلاق، چەشمە بۇلاق، قاراڭغۇ بۇلاق، دۆڭ بۇلاق، تال بۇلاق دېگەنگە ئوخشاش). نەچچە ئەۋلاد كىشىلەر بۇلاقلار ئەتراپىغا ئۆي-ئىمارەتلەر سېلىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇلارنى باشقا جايدىكىلەر ھازىرغا قەدەر بۇلاق بېشىلىقلار دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

«بۇلاق بېشى» نىڭ كۆڭۈلگە ھوزۇر، دىلغا ئارام بېغىشلايدىغان گۈزەل مەنزىرىسى، سالقىن ھاۋاسى، كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان مول سۈلىرى كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلدى. شۇڭا ھەر بىر دەۋرنىڭ سۇلتان، بېگلىرى ۋە بۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ھۈنەرۋەن-كاسىپلار «بۇلاق بېشى» دىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە پايدىلىنىپ مۇھاپىزەت قىلىپ كەلدى.

قاراخانىلار دەۋرىدە «بۇلاق بېشى» نىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى دۆڭلۈككە ئوردا قۇرۇلۇشى قىلىپ، قاراخانىلار

سۇلتانلىرى تەخت قۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇلار بۇلاقلارنى چاپتۇرۇپ ھەر خىل ئورمانلارنى قويدۇرۇپ، بۇلاق بېشىنى مەنزىرىلىك جايغا ئايلاندۇرۇشتا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلدى (بۇنىڭ بىلەن پايدىلاندى، بۇلاق بېشى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كىشىلەرنىڭ سەيلىگاھى ۋە ئارامگاھىغا ئايلاندى. ھەمدە ئوردا ئىشىكى مەھەللىسىنىڭ زىلچا كوچىسى دېگەن جايدىن دەرۋازا ئاچقۇزۇپ، ئىچكىرىكى شەھەر خەلقىنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. ھازىر بۇ دەرۋازا بولمىسىمۇ، شەھەر خەلقى شۇ ئورۇننى بۇرۇن ۋە ھازىر سۇ دەرۋازىسى دەپ ئاتىشىدۇ.

ئىچكىرىكى شەھەردە سۇ مەنبەسى ئاز، ئادەملەر كۆپ، زىچ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، تىنچ شارائىتتا ئاھالىلەر ھەر قايسى مەھەللىلەرنىڭ كۆل، قۇدۇق سۇلىرى بىلەن تەمىنلىنىدۇ. لېكىن، ئۇرۇش يىللىرى كۆل قۇدۇقلارنىڭ سۇلىرى يېتىشمەي قالغاندا شەھەر خەلقى ئاشۇ بۇلاقلارنىڭ سۇلىرىدىن پايدىلاندى.

سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن «تارىخى رەشىدى» ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگانى قەشقەردە ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە بۇلاقلارنى شەھەرنىڭ ئىچىگە (سېپىلنىڭ ئىچىگە) ئالدۇرۇپ بۇلاقلارنىڭ ئەتراپىغا مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئالما، ئۆرۈك، ئۈزۈم قاتارلىق دەرەخلەرنى قويدۇرۇپ، بۇلاق بېشىنى مېۋىزارلىققا ئايلاندۇرغان.

ھەمدە بۇلاق بېشىنىڭ يەنە بىر يېرىدىكى كودا ئوردىنىڭ ئالدى تەرەپكە ئاسىيا بويىچە كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشكىنىدەك كۆركەم قىلىپ ئۈچ ئوردا، ئوردىنىڭ شىمالى تەرەپ پەسكە ئەتراپنى كۆزىتىش ۋە ھاۋالىنىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن تۆمەن دەرياسىغا قارىتىپ ئۈچ راۋاق ياساتقان. بۇ راۋاقلارنىڭ شەكلى سەمەرقەنت نۇسخىسىدا بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى چوڭ راۋاقنىڭ ئېگىزلىكى بۇلاق بېشىدىن ھېسابلىغاندا 56 مېتىر، كىچىكرەك ئىككىسىنىڭ ئېگىزلىكى 35 مېتىر، ھەر بىر راۋاقنىڭ دىئامېتىرى 40 كۋادرات مېتىر كېلەتتى.

مىلادى 1672 - يىللىرى سەئىدىيە خانىدانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، قەشقەرنى جۇڭغار خانىدانلىقى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ھاكىملار (مىرزا ھەيدەر) ياساتقان سەمەرقەنت نۇسخىسىدىكى راۋاقلارنى ئۆزگەرتىپ، جۇڭگو نۇسخىسىدا ياسىدى ھەمدە ئېگىزلىكى 56 مېتىرلىق راۋاقنىڭ ئۈستىگە دۇنيا بويىچە بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ چوڭ پېشىۋاسى سەكيامۇنىنىڭ ئىككى يېرىم مېتىرلىق ھەيكىلىنى ئورنىتىپ، راۋاقنىڭ ئەتراپىغا ئىچكىرى - تاشقىرى سالاسۇنلۇق قىلىپ بىر نەچچە بۇتخانا سالدۇردى. بۇلاق بېشىنىڭ يازلىق سالقىن ھاۋاسىدىن، قىشتىكى مۇزلىمايدىغان ئىسسىق سۈيىدىن پايدىلاندى.

جۇڭغار خانىدانلىقىنىڭ ئەسكەر باشلىقى (قوماندانى) ئاۋراڭقاي، لى جاياۋ دېگەنلەر ئوردىغا كىرىپ

چىقىدىغان كوچىنى ئىچكىرىكى شەھەر خەلقى ھازىرغىچىلىك
ئاۋراتقاي كوچىسى، ئاۋراتقاي مەھەللىسى دەپ ئاتىشىپ
كەلمەكتە. ھىجرىيىنىڭ 1092 - يىللىرى قەشقەرگە ئا-
پاق خوجا پادىشاھ بولۇپ، قەشقەرنىڭ ئوردا- تەختلىرى،
بۇتخانا راۋاقلىرى بۇلاق بېشىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى
ئاپاق خوجىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. بۇلاق بېشىنىڭ گۈ-
زەل مەنزىرىسىگە ئاپاق خوجىنىڭمۇ كۆزى چۈشتى. ئۇ
جۇڭغار خانىدانلىقى بىنا قىلغان بۇتخانىنىڭ يېنىغىلا
بىر يۈرۈش خانىقا، تەكىيىخانىلارنى ياساپ ئۆزىنىڭ پۈتۈن
مۇرىد - مۇخلىسلىرىنىڭ زىكرى - سۆھبەت قىلىدىغان
ئارامگاھىغا ئايلاندۇردى. خانىقالاردا داش قازانلار
ئېسىلىپ سوپىلار ئۈچۈن ئۇماچ قاينىتىلىپ تۇردى.

19 - ئەسىردە قەشقەرگە ھاكىم بولغان زوھۇردىن
ھاكىم بەگ قەشقەر شەھىرىگە 3 - قېتىملىق كېڭەيتىپ سې-
پىل سوقتۇرغاندا، بۇلاق بېشى يەنە بىر قېتىم ئەتىۋالىنىپ
ئىھاتىگە ئالدۇرۇلدى ۋە بۇنىمۇ بۇلاق بېشىدىن پايدىلاندى.

مىلادىنىڭ 1865 - يىلى قوقان خانلىقى ۋە ئەن-
گلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ يۆلەپ مەدەت بېرىشى بىلەن يا-
قۇپ بەگ جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋالغاندا
بۇلاق بېشىنىڭ جەنۇبىدىكى ئوردىنى تەخت قىلىپ ئولتۇر-
دى. راۋاقنى ياقۇپ بەگنىڭ ئوغلى ئىسلام قۇلبەگ ئۆزىگە

تۇرار جاي قىلىۋالدى. ھەممە قاراۋۇل قويۇپ بۇلاق بېشىغا خەلقنىڭ كىرىپ چىقىشىنى چەكلەپ بۇلاق بېشىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي خاھىشى بويىچە زۇلۇم - زالالەت، ئەيش-ئىشرەت، ناچار قىلىقلارنى قىلىدىغان سەيلىگاھىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇلاق بېشىنىڭ ئوي كوچا دېگەن كوچىسىنى تۈرمە قىلىپ، ئۆزىگە قارشى تۇرغان ياكى گۇمانلىق دەپ قارىغان ئادەملەرنى سولاپ قامىدى.

مىلادىنىڭ 1878 - يىللىرى (ھىجرىيىنىڭ 1300 - يىللىرى) ياقۇپ بەگنىڭ قەشقەردىكى ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ، قەشقەر خەلقىنىڭ تەقدىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدار، چاكىدى - چېرىكلىرىمۇ بۇلاق بېشىنىڭ ستراتېگىيىلىك ئورنىنى قولدىن بەرمىدى. ئۇمۇ بۇلاق بېشىنى ئەتىۋالىق جاي ھېسابلاپ، دەرەخلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش، بۇلاقلارنىڭ چۆرىسىدىكى رىشاتكىلارنىڭ بۇزۇلغانلىرىنى رېمونت قىلىش، بۇلاق سۇلىرىنىڭ تازىلىقىغا قاراش ئۈچۈن ئوردا ئىشىكى مەھەللىسىدىن توختى ئاخۇن، قادىر ئاخۇن دېگەن ئىككى نەپەر كىشىنى مەخسۇس بېكىتىپ ئۇلارغا ئوردا خادىملىرىغا ئوخشاش مائاش بېكىتىپ بەردى. بۇ مۇھاپىزەت قىلغۇچىلار بەلگىلەنگەندىن كېيىن بۇلاق بېشىنىڭ مەنزىرىسى تېخىمۇ گۈزەللەشتى، مۇھىت تازىلىقى ياخشىلىنىپ بۇلاق سۇلىرى كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلاق

بېشى قەشقەر شەھىرىدە يەرلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى، يەرلىك پۇقرالارنىڭ بولمىسۇن بىردىنبىر كۆڭۈللۈك ھاۋالىنىدىغان سەيلىگاھى بولۇپ قالدى.

بۇلاق بېشىنىڭ جەنۇب - شىمالىي تەرەپلىرىدە كونا ئوردا، ئوردا ئىشىكى، ئاۋراتقاي، جانقورغان، ئارا ئوردا مەھەللىلىرى بولۇپ، مەمۇرىي جەھەتتە ياۋاغ كوچا ئىش باشقارمىسىغا قارايدۇ. بۇلاق بېشى مەھەللە كومىتېتى تەۋەسىدە ھازىر ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز، خۇيزۇ مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان 326 ئائىلە، 1439 نەپەر كىشى بار. ئۇيغۇرلار 96 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. باشقا مىللەتلەر تۆت پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ.

بۇلاق بېشى ئىلگىرى ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن ئاھالىلەر ۋە بۇلاقلارنى ئاساس قىلىپ يەتتە چوڭ كوچا، 15 كىچىك كوچا بىلەن دائىرىلەنگەن، بۇ كوچىلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە خاس ناملىرى بار.

بۇلاق بېشى ئاھالە كومىتېت دائىرىسىدە ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەر يالغۇز قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە نامدار بولۇپلا قالماي ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكنىمۇ شەھىرىمىزدە كۆزگە كۆرۈنگەن جاينىڭ بىرى. چۈنكى بۇ جاي ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئالەمشۇمۇل تىلشۇناس ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ ئانا يۇرت مەھەللىسى بولۇشقا مۇناسىپ جاي.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەر-
لىكىدە شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن، قەشقەر شەھەر-
دە خەلق باغچىسى قۇرۇلغىچە كىشىلەر بۇلاق بېشىنى ھا-
ۋالىنىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان سەيلىگاھ قىلىپ كەلدى.
قەشقەر شەھەرىنى تۆت رايونغا ئايرىپ شەھەرنىڭ
تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەۋەلىكلەرگە بۆلگەندە، ئىچكەر-
كى شەھەر (چاسا) رايونىنى راۋاق رايونى دەپ ئاتالدى.

1953 - يىلى ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىلغانغا قە-
دەر، بۇلاق بېشىدىكى راۋاق، خانىقا، بۇتخانىلار
ساقلىنىپ تۇردى. بۇلاق بېشىنىڭ ھەر بىر تارىخىي
دەۋرلەردە كىشىلىك تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى ۋە قە-
دىمكى شەھەر قەشقەرنىڭ قول سانائەت ۋە مەدەنىيەت تە-
رەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىمۇ ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.